# تارىم


2

1993

جۇڭگو شىنجاڭ يازغۇچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى تەكلىپكە بىنائەن قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستاندا دوستانە زىيارەت ۋە ئېكىسكۇرسىيىدە بولدى.



ۋەكللەر قازاقستان يازغۇچلرى بلدن بللە.



قەديۇم تۇردى مەشھۇر قازاق يازغۇچسى مۇختار ئەۋىزوۋ مۇزېيدا.



ۋەكللەر مەشھۇر يازغۇچمز زۇنۇن قادرىنىڭ قەبرەگاھى ۋە ھەيكلنى زيارەت قلدى.



ۋەكللەر قازاقستاندىكى ئۇيغۇر يازغۇچلرى بلەن بللە.



# تارىم


باش مۇھەررىر

مۇھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر

ئارسلان

مەسلىھەتچىلەر

ئابلىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم

تەھرىر ھەيئەتلەر

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئارسلان، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابلىكىم باقى، تۇرغان شاۋۇدۇن، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت شاۋۇدۇن، مۇھەممەت زۇنۇن، مەھمۇد زەيدى، ئىمىن تۇرسۇن، ئىمىن ئەخمىدى، زوردۇن سابىر.


## ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

43-يىل نەشرى

**2**

**1993**

# بوستاندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ئالىمجان ئىسمايىل ............ مودا (ھېكايە)........................ 4
نۇر روزى ............ ئەبلەخ (ھېكايە) ........................ 17
جالالىدىن بەھرام ............ قاباھەتلىك چۈش (پوۋېست)................ 37
ئابلا ئەخمىدى ............ يوتا (ھېكايە)........................ 73
مەمتىمىن ھوشۇر ............ خاسىيەتلىك قار (پوۋېست)................ 92


## شېئىرلار


مەھەممەت شاۋۇدۇن ............ سەپەر قىيامىلىرى........................ 20
ئابدۇللا سۇلايمان ............ ھەر يۇرتتىن بەرگىمدە بىھېساب قەترە...... 29
ئابدۇسەمەت خېلىل............ ساياھەت تەسىراتلىرى........................ 36
ئابدۇشۇكۇر مەھەممەتئىمىن ........ مەپتۇنكار تۈنلەردە سېلىككەي ھىجران........ 61
تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن ............ ئىلى ناخشىلىرى........................ 65
ئابلىمىز ھوشۇر ............ كورلا نەزمىلىرى........................ 69
ئابدۇقادىر جالالىدىن ............ شېئىرلار ........................ 70
ھوشۇر روزى ............ مۇھەببەت، چەمبەر، ئۈچبۇلۇڭ ................ 72


## بالىلار ئەدەبىياتىدىن


تۇرسۇنجان قادىرى ............ ئىككى ھېكايە........................ 122


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


تۇرسۇن قۇربان ............ شېئىرىي ھېسسىيات ۋە شېئىرىي مەنزىرە... 131

## دۇنيا ئەدەبىيات ئىقلىمىدىكى نەزەر

ئالبېرت كامۇس.................. جىمغۇر ئادەم (ھېكايە)........................ 138

## كۇرسانتلار ئەسەرلىرىدىن

ئىبراھىم نىياز، ئىزىز نامان، باھارگۈل ئىساق، ئىزىز ھوشۇر، سالى ئىبراھىم،
مۇختار نۇرمۇھەممەت .............. شېئىرلار.............................. 154

## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

.............................................................. 158

*　　　*　　　*

بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىم ۋە ماۋزۇلارنى مەھەممەت ئايۇپ، مەرھابا نۇرمەھەممەت، ئابلىمىت ئابلىز لار ئىشلىگەن.



ئالىمجان ئىسمايىل

# مودا

(ھېكايە)

## 1

مېنىڭ ھاپىز بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقىنىمغا ھېسابلاپ باقسام توپتوغرا 30 يىل بوپتۇ، نۇرغۇن ئىشلار باشتىن ئۆتتى، ياخشى كۈنلەرنىمۇ، يامان كۈنلەرنىمۇ تەڭ كۆردۇق، بىز بىلەن بىللە ئىشلىگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى قېرىپ پېنسىيىگە چىقىپ كەتتى. بەزىلەر باشقا ئىدارىگە ئالمىشىپ كېتىپ ئورنىغا يېڭى-يېڭى ئادەملەر كېلىشتى، پەقەت ھاپىز بىلەن ئىككىمىزلا خۇددى رىسقىمىز مۇشۇ ئىدارىگە چېچىلغاندەك ھېچ يەرگە مىدىرلىمىدۇق. ھازىر بىز بۇ ئىدارىنىڭ پېشقەدەملىرى بولۇپ قاپتىمىز. ئويلاپ باقسام شۇنچە يىللار مابەينىدە ھاپىز بىلەن ھەر ھالدا ياخشى ئۆتۈپتۇق، قاتتىق-يىرىك بولۇشقان چاغلارنى زادى بىلمەيمەن.

ھاپىز بىلەن دەسلەپ تونۇشقان چېغىم ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرىدۇ، بۇ مېنىڭ ئىنستىتۇتنى پۈتتۈرۈپ مۇشۇ ئىدارىگە كەلگەن چېغىم ئىدى. ئۇ چاغدا بۇ ئىدارە بار-يوقى ئون نەچچىلا ئادەمى بار رادىئو ئۆزىلى ئىدى، ئوتتۇرا ياشلاردىكى قاپىقى يامان پونكىت باشلىقى كادىرلار بۆلۈمى يېزىپ بەرگەن تونۇشتۇرۇش قەغىزىنى كۆرگەندىن كېيىن مېنىڭ ئوقۇغان كەسپىمنى، ئائىلە ئەھۋالىمنى قىسقىچىلا سورىدى، ئاندىن

ئىدارىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە مېنىڭ قىلىدىغان ئىشىمنى بىر قۇر چۈشەندۈرگەندىن كېيىن خىزمەتچىلەر بىلەن تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن مېنى ياندىكى چوڭ بىر ئىشخانىغا باشلاپ چىقتى. بۇ ئىشخانا بىرىگە جۈپلەپ قويۇلغان ئۈستەللەر بىلەن لىققىدە تولغان بولۇپ، بۇ يەردە بەش ئادەم ئىشلەيدىكەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مۇخبىر، بەزىلىرى تەھرىر، بەزىلىرى تەرجىمان ئىكەن. باشلىق مېنى ئىشخانىدىكىلەرگە تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن دېرىزە ئالدىدىكى ئادەم يوق ئۈستەلگە باشلاپ كەلدى ۋە ھېلى ماڭا رەجەپ دەپ تونۇشتۇرغان ئورۇق بىر ئادەمدىن سورىدى:

— ھاپىز قېنى؟

— ھېلىراقتا چىقىپ كەتكەنتى، — دېدى رەجەپ ئۈستەلنىڭ بۇرجىكىدە تۇرغان قارا سومكا بىلەن كۆك شەپكىنى ئىما قىلغىنىچە كۈلۈمسىرەپ.

— يەنە ساياھەتكە چىقىپ كېتىپتۇ-دە، — باشلىقنىڭ قوشۇمىسى سەل تۈرۈلۈپ بىر ئۇھ تارتىپ قويدى. ئاندىن بۇ ئىشتىن ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — ئەمىسە ھازىرچە سىزگە بۇ بۇرادەرنىڭ شەپكىسى بىلەن سومكىسىنى تونۇشتۇرۇپ تۇرىدىغان بولدۇق، ئۆزى بىلەن كېيىن تونۇشۇپ ئالارسىز، — دېدى.

ئىشخانىدا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. باشلىق ئاندىن كېيىن ماڭا ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى سىرلىرى چۈشكەن كونىراق بىر ئۈستەلنى كۆرسىتىپ:

— سىزنىڭ ئۈستىلىڭىز ماۋۇ، ھازىرچە ھاپىزغا ھەمكارلىشىپ ئىشلەپ تۇرۇڭ، — دېدى.

مېنىڭ كادىرلىق ھاياتىم ئەنە شۇنداق باشلاندى. مەن قۇپقۇرۇق ئۈستەلگە كېلىپ قورۇنغان ھالدا ئولتۇردۇم. باشلىق چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھەممەيلەن گويا ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك ئالدىدىكى قەغەزلەرگە ئېگىلىشتى، ئىشخانىدا پەقەت قەغەزلەرنىڭ شاراقلىغان، قەلەمنىڭ شىتىرلىغان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن بىرنەچچە مىنۇت نېمە قىلىشىمنى بىلمەي ئولتۇرۇپ باقتىم، ئاخىرى ئىچىم پۇشۇپ ھاپىزنىڭ ئۈستىلىدە تۇرغان «شىنجاڭ گېزىتى» نى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدىم. ئىش قىلماي ۋاقىت ئۆتكۈزمەكمۇ تەس ئىكەن، گېزىتنىڭ ھەممە بەتلىرىنى ئالا قويماي ئوقۇپ چىقتىم، ئەمدى نېمە قىلاي؟ مېنىڭ ئۇستامنىڭ بولسا تېخىچىلا قارىسى كۆرۈنمەيتتى. كۆزۈم ئۇنىڭ ئۈستەلگە تاشلاپ قويغان سومكىسى بىلەن شەپكىسىگە چۈشتى. سومكا خۇددى ئاتنىڭ تۇۋرىسىغا ئوخشايدىغان، ئادەتتە كىشىلەر گۆش، كۆكتات توشۇيدىغان سومكا بولۇپ، كونىراپ قىرچىلغان، بېغىغا بولسا قارا چىبەرقۇت رەختتىن ئۇلاق چۈشكەنىدى. سومكىنىڭ ئوچۇق ئاغزىدىن پۇرلاشقان گېزىت ۋە قەغەزلەرنىڭ ئۇچى چىقىپ تۇراتتى. دېمەك ئۇنىڭ ماتېرىيال سومكىسى بولسا كېرەك، شەپكە بولسا 50 - يىللاردا بازار تېپىپ شۇ كۈنلەردە مودىدىن قېلىشقا باشلىغان كۆك رەڭلىك، «مەپكۇرە شەپكە» بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى توپا - چاڭدىن ئاقارغان، گىرۋىكى بولسا ماي، تەر سىڭىۋېرىپ سارغۇچ تۈسكە كىرىپ كەتكەنىدى، بۇ نەرسىلەرگە قاراپ ئىچىمدە ھاپىزنى ھال-

كۆنى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىكەن دەپ پەرەز قىلدىم.

ئارىدىن تەخمىنەن ئىككى سائەتلەر ئۆتكەندىن كېيىن ئىشخانىغا ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ كەلگەن بىر يىگىت ئالدىراپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ گۆشلۈك يۈزى تەرلەپ كەتكەنىدى. دۇپ-دۇگىلەك كۆزلىرى شادلىقتىن ئويناپ تۇراتتى. مەن بىر قاراپلا كىرگەن بۇ يىگىتنىڭ مېنىڭ ئۇدۇلۇمدىكى ئۇستەلدە تۇرغان قارا سومكا بىلەن كۆك شەپكە-نىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى پەملىدىم، چۈنكى ئۇ يالاڭباشتاق ئىدى. قىسقا قىلىپ ياسالغان شالاڭ چېچى ئۇنىڭ يوغان بېشىدا خۇددى قىرچىلىپ كەت-كەن چوتكىدەك چوقچىيىپ تۇراتتى.

— ئاغىنىلەر، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دېدى ئۇ ئىشىكتىلا تۇرۇپ تەنتەنىلىك بىر قىياپەتتە، — ھېيتقا بىر ئادەمگە تۆرت سەردىن ماي، بەش جىڭدىن گۈرۈچ بېرىدىغان بوپتۇ، پېيىشىڭلار پولۇ بول-غۇدەك جۇمۇ!

ئىشلەۋاتقانلارنىڭ بېشى كۆتۈرۈل-دى. ئۇلار گويا يەنە نېمە خۇش خەۋەر بار دېگەندەك ئۇنىڭ ئاغزىغا ئۈنسىز قارىشىپلا تۇراتتى.

— گۆش - پۇش بېرىدىغانىنىڭ گېپى يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى رەجەپ دېگەن كىشى.

— گۆشنى تېخى بېكىتمەپتۇ، يېمەك-لىككەلەر شىركىتى بىر جىڭدىن بېلەت بەرسەك دەۋاتقانمىش، لېكىن يۇقىرىدىن بىر كىلودىن بېرىڭلار دەيدىكەن، تېخى بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتىدۇ، دەيدۇ.

— بىر جىڭدىن بولسىمۇ بەرسە بولاتتىغۇ.

— شېكەر بەرمەمدىكەن؟

— ئۇنىڭ گېپى يوق... ھە، راست، «قىزىل بايراق» ماگىزىنىدا باھاسى چۈش-كەن ئۈچ مايكا سېتىۋېتىپتۇ، — ئۇ يانچۇ-قىدىن قاتلانغان مايكىنى ئېلىپ ھەم-مەيلەنگە كۆرسەتتى، — ساپساقلا مايكا ئىكەن. نېمىشقا باھاسىنى چۈ-شۈرگەندۇ، دېسەم، بۇ ماللارنى ئۈرۈم-چىدىن ئەكېلىۋاتقاندا ماشىنا ئۆرۈلۈپ كېتىپ بىرقانچە ساندۇق مايكا ئۈستەڭگە چۈشۈپ كەتكەنىكەن، داغ بولۇپ قالغاچقا باھاسىنى چۈشۈرۈپتۇ، ئارىسىدا ساپ-ساقلىرىمۇ بار ئىكەن، خەقلەر دېگەن بۇلاپ ئېلىۋاتىدۇ.

— ھاپىز!

قاچانلاردا پەيدا بولغان باشلىق ئىشىكتە تۇرۇپلا ئۇنى چاقىردى. ئىشخانا ئىچى خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سو-غۇق سۇ قۇيۇلغاندەك جىمىپلا كەتتى. ھاپىز بولسا قولىدىكى مايكىنى نەگە جىمىقتۇرۇشنى بىلمەي ھودۇقۇپ قالدى. باشلىق ئۇنىڭ قولىدىكى مايكىغا قاراپ قويۇپ قوپاللىق بىلەن سورىدى:

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟

— ھېچنېمە زەنجاڭ...

— ئەتىگەندىن بۇيان نەگە يوقالدىڭىز؟

— مەن گېزىتخانىغا سىلى دېگەن ماقالىنى ئالغىلى كەتكەنتىم...

باشلىقنىڭ كۆزى ئاچچىقتىن قىسىلدى.

— گېزىتخانىدا مايكا سېتىۋېتىپتىمۇ؟

ھاپىزنىڭ يۈزى ئېسىلدى.

ــ سىزنىڭ مۇشۇ قىلىقىڭىز قاچان
توختايدۇ؟ ــ دېدى باشلىقى ئاچچىق
بىلەن، ــ نەچچە كۈن بولدى، بىر ماقالە
تېخىچىلا پۈتمەيۋاتىدۇ، تولا سۆيلەپ
ئاغزىمنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ
قالاي دېدى، بۇنداق قىلىۋەرسىڭىز ئىش-
نى قانداق پۈتتۈرىمىز، مەن سىزگە بۇ-
گۈن ئۈچۈق گەپنى دەي، سىزنىڭ كەس-
پىڭىز تەرجىمانلىق، ماقالىلەرنى بىزگە
ۋاقتىدا ئۆلگۈرتۈپ ئىشلەپ بېرىشىڭىز
كېرەك، ئەگەر بۇنى خالىمىسىڭىز شېئىر
يازىدىغان يەرگە بارامسىز ياكى سودا
ئىدارىسىگە بارامسىز ئىختىيارىڭىز.

باشلىقنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن مېنىڭ
تېنىم جۇغۇلداپ كەتتى، ھاپىز بۇنداق
تەنبىھلەرگە كۆنۈك ئوخشايدۇ، كۈلۈپ
قويۇپ ئولتۇرۇۋەردى. باشلىق چىقىپ
كەتكەندىن كېيىن بۆلۈمنى كۆڭۈلسىز جىم-
جىتلىق باستى. ھەممەيلەن ئۈن-تىنسىز
ئالدىدىكى قەغەزلەرگە ئېڭىشتى. ھاپىز
بولسا دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ:

ــ ئىت قاۋاۋېرىدۇ، كارۋان كېتى-
ۋېرىدۇ،ــ دېدى ئۈنلۈك قىلىپ.

ھېچكىمدىن يەنە زۇۋان چىقمىدى،
ھاپىز گويا شۇ گەپ بىلەن پۇخادىن
چىققاندەك كېلىنى قىرىپ قويۇپ ئۈس-
تىلىگە كېلىپ ئولتۇردى-دە، قولىدىكى
مايكىنى ئۈستەلگە يېيىپ قاراشقا باش-
لىدى، تىكىشلىرىنى تارتىپ كۆردى.
ئۆزۈن چىقىپ قالغان يىپىنى چىشى
بىلەن ئۈزدى. ئاندىن ئۇنى چىرايلىق
قىلىپ قاتلاپ سومكىسىنىڭ ئىچىگە
جايلاشتۇردى، مەن كېزىت كۆرگەن بو-
لۇپ ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىغا كۆزۈمنىڭ
قۇيرۇقىدا قاراپ تۇراتتىم، ھاپىز مايـ-
كىنى سېلىپ بولغاندىن كېيىن ھاگما
ئېتىبارسىز نەزەردە كۆز تاشلاپ قويدى-دە،
تارتمىسىدىن خەنزۇچە يېزىلغان بىر
ماتېرىيالنى ئېلىپ ئۈستەلگە تاشلىدى.
ئۇ ماقالىگە خۇش ياقمىغاندەك قاراپ قو-
يۇپ يانچۇقىدىن قاتلانغان گېزىتنى
ئېلىپ يوغان بىر پارچىنى يىرتىپ ئالدى-
رىماي موخۇركا يۆگەشكە باشلىدى. ئىك-
كىمىزنىڭ كۆزى يەنە ئۇچرىشىپ قالدى،
ئۇ ئېرەنشىمىگەن قىياپەتتە سورىدى:

ــ ماقالە ئەكەلگەنمۇ؟

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي
ئولتۇرۇپ قالدىم. ئاغىنچە رەجەپ ھاپىزغا
مېنى تونۇشتۇردى، ھاپىز بىردىن جان-
لاندى، يۆگەۋاتقان تاماكىسىنىمۇ كۆل-
دانغا تاشلىدى-دە، ئورنىدىن
كۆتۈرۈلدى:

ــ ئەدەبىياتتا ئوقۇدۇم دەڭ، ئۇن-
داقتا شېئىرمۇ يازىدىغانسىز؟ ــ ئۇ دىق-
ماق قولىنى ماڭا سۇنۇپ تۇرۇپ سورى-
دى، ــ ئەدەبىياتتا ئوقۇغانلار يازماي
قالامدۇ؟ ئۇرۇمچىدىكى ژۇرناللاردا تونۇش
بىلىشلىرىڭىزمۇ باردۇ؟

ــ بىزنىڭ ساۋاقداشلاردىن شۇنداق
يەرگە تەقسىم قىلىنغانلار بار، ــ دېدىم
مەن ئۇنىڭ بۇنى نېمىگە سورايدىغانلى-
قىنى چۈشىنەلمەي.

ھاپىز ئالدىدىكى ماتېرىيالنى سوم-
كىسىنىڭ يېنىغا ئىتتىرىۋېتىپ قىزغىن-
لىق بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

ــ سىزنىڭ كەلگىنىڭىز بەك ياخشى
بولدى، بىزنىڭ بۇ يەردە ئەدەبىياتنىڭ
قەدرىگە ھېچكىم يەتمەيدۇ، تېخى يامان
كۆرىدۇ، ئۆزلىرى يازالمايدۇ، يازغاننى
بولسا كۆرەلمەيدۇ، ــ ئۇ ئىشخانىدىكىلەر-

گە ئاچچىق بىلەن قاراپ قويدى،— سىز بەلكىم مېنىڭ يازغان شېئىرلىرىمنى كۆرگەن بولغىيدىڭىز، نەگە چىققان دەمسىز، ئوبلاستنىڭ گېزىتىدە چىقتى، ئۆتكەن يىلى 1 - ئۆكتەبىر سانىغا «زەپەر مارشى» دېگەن شېئىرىم چىقتى. بۇ يىل باللار بايرىمىغا ئاتاپ يازغان شېئىرىمنىمۇ بېسىلدى، ئۈرۈمچىدىكى ژۇرناللارغىمۇ ئەۋەتىپ تۇرىمەن. لېكىن بۇ كۈنىدە تونۇش - بىلىش بولمىسا قىيىن ئىكەن — مانا ئەمدى ياخشى بولدى، سىزنىڭ ھېلىقى ساۋاقدىشىڭىز، ئىسمىنى نېمە دېدىڭىز؟ ھە، قاسىمجان، شۇ ياققىلا ئەۋەتىمىز - دە، سىز بىر خەت يېزىپ تونۇش- تۇرۇپ قويسىڭىز، بىرمۇنچە شېئىرلىرىم بار، ئەۋەتەي.

ئۇ سومكىسىدىن چۆرىلىرى كىرلە- شىپ پۇرلاشقان بىر خاتىرە دەپتەرنى ئېلىپ مېنىڭ ئالدىمغا يايدى. مەن بۇ خىزمەتدىشىمنىڭ ھە دېگەندىلا كانەدەك چاپلاشقىنىدىن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم. كۆزۈم بولسا ئىشىكتە، قاچان باشلىق كىرىپ قالار دەپ ئەنسىرەيتتىم. ھاپىز بولسا باشلىقنىڭ بايىقى گەپلى- رىنى، ئالدىدىكى ئىشنى پۈتۈنلەي ئۇن- تۇپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭ بىلەن ئەنە شۇنداق تونۇشتۇم. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن كېلىپ ئەڭ ئاۋۋال سومكىسى بىلەن شەپكىسىنى ئۈستىلىنىڭ چېتىگە قويۇپ قوياتتى - دە، تاماكا يۆگەشكە باشلايتتى، ئاندىن كې- يىن مەندىن سورايتتى:

— قاسىمجاندىن خەت - پەت يوقمۇ؟ — دەيتتى ئۇ ئۈمىد بىلەن، — ئاخشام قاراڭ، ئىچىم پۇشۇپ ئىككى - ئۈچ پارچە شېئىر يېزىۋەتتىم، كۆرۈپ بېقىڭ! — ئۇ سومكى- سىدىن ماڭا تونۇشلۇق خاتىرىنى ئېلىپ ئالدىمغا يايايتتى، ئۇنىڭ خېتى شۇنچى- لىك سەت ئىدىكى، ئۇنىڭ بىرەر مەك- تەپتە ئوقۇغانلىقىدىنمۇ گۇمانلىنىپ قالاتتىم. — ئالدىراشچىلىقتا سەل قالاي- مىقان يېزىلىپ كەتتى. ئىلھام كەلگەن چاغدا يېزىۋەتكەن گەپ، مەن ئۆزۈم ئوقۇپ بېرەي...

ئۇ ھاياجان بىلەن شېئىر ئوقۇيدۇ، ئىشخانىدىكىلەر يەر ئاستىدىن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈشىدۇ، مەن بولسام ئوڭايسىز- لىنىمەن، كۆزۈم بولسا ئىشىكتە. قاچان باشلىق كىرىپ قالار دەپ يۈرىكىم سۇ.

مەن قاسىمجانغا ھاپىزنىڭ شېئىر- لىرىدىن بىرەرىنى ژۇرنالغا بىر ئامال قىلىپ چىقىرىشنى ئۆتۈنۈپ قايتا - قايتا خەت يازدىم. ئاخىرى ژۇرنالنىڭ ئۆكتە- بىر بايرىمىغا بېغىشلانغان سانىغا ھاپىز- نىڭ نامىدا، ئۈچ كۇپلېتلىق شېئىر بېسىلىپ چىقتى. شېئىرنى قاسىمجان باشقىدىن دېگۈدەك يېزىپ چىقىپتۇ، نېمىلا بولمىسۇن مەن تەشۋىشلىكتىن قۇتۇلدۇم، ھاپىز بولسا شېئىرى چىققان ژۇرنالنى كۆتۈرۈپ بارمىغان يېرى، كۆر- سەتمىگەن ئادىمى قالمىدى.

2

ھاپىزنىڭ شائىرلىق ھاياتىمۇ ئۇزۇنغا بارمىدى، «مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىنقىلاب» باشلىنىش بىلەنلا ئۇ خىزمەت- نىمۇ، شېئىر يېزىشنىمۇ تاشلىدى. بىر ھېسابتا بۇمۇ ئۇنىڭغا كەلگەن تەلەي بولدى. بولمىسا باشلىق ئۇنى باشقا بىر

ئورۇنغا يۆتكىشە ئەمەكچى بولۇپ تۇراتتى.

ھاپىز ئەمدى بۇرۇنقى كۆكشەپكە بىلەن قارا سومكىسىنى تاشلاپ ئۇنىڭ ئورنىغا بېشىغا ھەربىيلەرنىڭ سېرىق شەپكىسىنى كىيىپ مۈرىسىگە بولسا قىزىل كىتابلار بىلەن لىق توشقان سېرىق لاتا سومكىسىنى ئېسىپ يۈرۈيدىغان بولدى. ئۇ ئىدارىگە كۈن ئارىلاپ كېلەتتى ۋە بىزگە ئىنقىلابنىڭ ئەڭ يېڭى خەۋەرلىرىنى يەتكۈزەتتى. تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى ئەكىلىپ بېرەتتى.

بىر كۈنى ئىشخانىدا يالغۇز ئۆزۈم گېزىت كۆرۈپ ئولتۇراتتىم. ھاپىز ئالدىراپ كىرىپ كەلدى.

— ھە، گېزىت كۆرۈپلا ئولتۇرامسىز؟ — دېدى ئۇ يېنىمغا كېلىپ، تۇرقىدىن ئۇنىڭ جىددىي بىر ئىش بىلەن كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— گېزىت كۆرمەي نېمە ئىش قىلىمىز، — دېدىم مەن ئۇنىڭ مەيدىسىگە قاتار ئېسىۋالغان ئىزناكلىرىغا قاراپ كۈلگۈم كېلىپ.

— ۋەزىيەتتىن كېيىن قېلىۋاتىسىز جۇمۇ بۇرادەر، — دېدى ئۇ جىددىي قىياپەتتە، — ماۋۇلارغۇ ئۆز بېشىنىڭ غېمىنىلا يەيدىغان قۇللار، سىز نېمىدېگەن بىلەن داشۆنى پۈتتۈرگەن تۇرۇپ بۇنداق پاسسىپ بولۇۋالسىڭىز قانداق بولىدۇ، ئۆتكەندە ئابلا زەنجاڭنى سازايى قىلغاندىمۇ چىقماي قويدىڭىز، ئۇنىڭغا نېمانچە ئىچ ئاغرىتىسىز، سىز بىلەن بىزگە نېمە ياخشىلىق قىلدى ئۇ؟

— ياخشىلىققۇ قىلمىدى، لېكىن جىنايىتىنىڭمۇ ھېچ تايىنى يوق تۇرامدۇ؟

— ئىدارىدە زوراۋان بولۇۋالغىنى جىنايەت ئەمەسمۇ؟

— ئەمدى بۇلى... باشلىق بولغاندىن كېيىن تەلەپنى قاتتىق قويىدۇ-دە.

— سىز بەك ساددا ئىكەنسىز، بۇ ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى نەق مۇشۇنداقلارنى يوق قىلىش، ئابلانىڭ تېخى روھىي دۇنياسىغا تاقالمايۋاتىدۇ. ھازىرمۇ ئىدارىنىڭ ھوقۇقى ئۇنىڭ قولىدا. شۇڭا ئۇنىڭدىن ھوقۇقنى تارتىۋالمىغۇچە بىزدەك ئىسيانچىلارغا كۈن يوق. ھازىر شاڭخەي، بېيجىڭلاردا ئىسيانچىلار ھوقۇقنى تارتىۋېلىۋاتىدۇ، شۇڭا بىزمۇ قاراپ تۇرماي ھوقۇقنى ئېلىشىمىز كېرەك. مەن خەنزۇ بۆلۈمىدىكى ئىسيانچىلار بىلەن ئالاقىلەشتىم، ئۇلاردىن ئۈچى قوشۇلىدىغان بولدى. بىزنىڭ ئۇيغۇرلاردىن ماۋۇلارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، سىز قوشۇلسىڭىز بەشىمىز بىر تەشكىلات بولۇپ ھوقۇقنى تارتىمىز، سىز رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولىسىز... قانداق؟

— ياق، ياق، — مەن ئىتتىك رەت قىلدىم، — مېنى زۇجاڭ، فۇجاڭ دېگەنلەرگە سايە قىلماڭ، مەن قىلالمايمەن، ئادەتتىكى ئەزا بول دېسەڭلار مەيلى...

ھاپىز ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى-دە، بېشىنى لىڭشىتتى، — زىيالىي دېگەننىڭ ئاجىزلىقى مۇشۇنداق يەردە-دە، بوپتۇ، ئەمىسە ئەتە چۈشتىن ئاۋۋال ھوقۇقنى تارتىمىز، بىزنىڭ سىلىڭبۇنىڭ ئادەملىرىمۇ مەدەت بەرگىلى كېلىدۇ، سىزمۇ ئەتىگەنرەك كېلەرسىز.

شۇنداق قىلىپ ئەتىسى داقا-دۇمباق، شوئار-چۇقانلار بىلەن ئىدارىنىڭ

هوقۇقى يېرىم سائەتنىڭ ئىچىدىلا ھاپىز-
نىڭ قولىغا ئۆتتى. ئەتىسىدىن باشلاپ
بىزنىڭ ئىدارىمىز شەھەردىكى ئىسيان-
چىلارنىڭ قوماندانلىق باش شتابىغا
ئايلاندى. ئىدارىنىڭ ئۆگزىسىگە ئېگىز
خادا بېكىتىلىپ رادىئو كانىيى قادال-
دى. ئۇنىڭدىن پۈتۈن شەھەرگە «بايانات»،
«ئەڭ يېڭى يولىورۇق»، «ئۇلتىماتوم»...
لار كېچە-كۈندۈز توختىماي ئاڭلىنىپ
تۇرىدىغان بولدى. ئىشخانىلىرىمىزنى
ئىنقىلابچىلار ئىگىلىدى، ئەمدى بىزگە
قىلىدىغان ئىشمۇ قالمىدى. بۇ يەردە
ھاپىزلا ئالدىراش ئىدى.

بىر كۈنى ئىدارىگە ماتاش ئالغىلى
بېرىۋېدىم. ھاپىزغا ئۇچراپ قالدىم. ئۇ
ئۈستىگە باشتىن - ئاخىر سېرىق كىيىم
كىيىپ بېلىگە كەڭرى تاسما تاقىۋالغان،
بىلىكىدە قىزىل يەڭ بەلگىسى بار ئىدى.
ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش كىيىنگەن ئىككى -
ئۈچ ئوقۇغۇچى باللار بىلەن تەشۋىق
ۋەرەقىنى كۆرۈشۈپ تۇراتتى. ھاپىز
مېنى كۆرۈپ چاقىردى:

— ھە، ئاداش، قاراڭلارنى كۆر-
سەتمەيدىغانلا بولۇپ كەتتىڭلارغۇ، قارشى
تەرەپكە ئۆتۈۋالمىغانسىلەر؟

ئۇنىڭ رەڭگى - روھى سۇرلۇك
تۇس ئېلىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكە-
نىدى. ۋۇجۇدۇم سەل شۈركۈنگەنىدەك
بولدى.

— ياق، — دېدىم مەن سەل ھودۇ-
قۇپ، — يېقىنىنىڭياقى مىجەزىم يوق، ئۆي-
دىن چىقمىدىم...

ئاغزىمغا ئىتتىك شۇ گەپ كەلگە-
نىدى. ھاپىز بولسا ئىشەنمىگەنىدەك
ماڭا باشتىن بويى بىر قاراپ چىقتى.
ماڭا ئۇنىڭ يېنىدىكى باللار ئېتىلىپ
كېلىپ ئۇرۇپ كېتىدىغاندەك تويۇلۇپ
ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئولاشتى. ئىچىمدە
بولسا «بۇ ھاپىز ئەجەب بولۇپ كېتىپتۇ-
غۇ» دەپ ئويلىدىم. ھاپىز ماڭا تازا
بىر قاردۋەتكەندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— سىلە دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا
كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىسىلەر، — ئۇ قولىدىكى
قىزىل تاشلىق ئۇزۇندە كىتابنى ۋاراق-
لاپ قويدى، — كېيىن يەنە زىيان تارتىپ
قالماڭلار جۇمۇ! بۇ گۈن ياخشى كەپسىلەر،
ماۋۇ بېيجىڭدىن كەلگەن ئەڭ يېڭى خەۋەر،
مۇشۇنى دەرھال تەرجىمە قىلىپ چىقىڭ-
لار، چۈشتىلا ئىنقىلابىي ئاممىغا ئاڭلاتـ-
مىساق بولمايدۇ، سىلە بۇنىدىن كېيىن
مۇشۇ تەشۋىقات گۇرۇپپىسىدا ئىشلەيسىلەر،
ئۇقتۇڭلىمۇ؟

ئۇ ماڭا قولىدىكى ۋەرەقىنى تۇت-
قۇزۇپ قويۇپ، ئۈستەلدىكى شەپكىسىنى
كىيدى، سېرىق سومكىنى بويىنىغا ئاستى،
ئاندىن بىلىدىكى تاسمىنى چىڭىتىپ
قويۇپ سىرتقا ماڭدى. مەن بۇ گۈن
ئىدارىغا كەلگىنىمگە ئۆزۈمنى مىڭنى
تىللاپ ھاپىز تاپشۇرغان ئىشنى ئىشلەش
ئۈچۈن ئولتۇردۇم.

بىرنەچچە كۈنگىچە بوينۇمدىن
باغلىغاندەك ئىدارىگە كېلىپ يۈردۈم.
قىلىدىغان ئىشىم يالغان - ياۋىداق خەۋەر-
لەرنى تەرجىمە قىلىش ئىدى. بۇ ئىشـ-
تىن قانداق قوتۇلۇشنىڭ ئامالىنى تاپال-
ماي ئاۋارە ئىدىم. ئاخىرى خۇدايىم
ئۆزى قۇتقۇزدى. ئارىدىن بىر ھەپتە
ئۆتكەندە ئىدارىدىن يېنىپ كېلىۋاتسام
ئايالىمنىڭ قۇرۇلۇش شىركىتىدە ئىشلەيـ-
دىغان ئاكىسى ئۇچراپ ماڭا جىددىي

بىر خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئۇ ھاپىزلارغا قارشى تەشكىلاتتا ئىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە ئەتە ئۇلار رادىئو ئۇزىلىغا ھۇجۇم قىلماقچى ئىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. ئەتىسى ئۆيدىن تالاغا چىقمىدىم، كېيىن قولۇم-قوشنىلاردىن بولغان ۋەقەنى ئاڭلىدىم. دەرۋەقە ئۇلار رادىئو ئۇزىلىغا بېسىپ كىرىپ ھاپىز قاتارلىق بىرقانچە كاتىباشلارنى تۇتۇپ ئېلىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ئايغىچە ھاپىزنى كۆرمىدىم، كوچىدا ئۇ توغرىلىق ھەر خىل گەپ - سۆزلەر تارقىلىپ يۈردى، بەزىلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ دېيىشتى، بەزىلەر ئەكسىچە ھاپىز ئىسيانچىلاردىن يۈز ئۆرۈپ قارشى تەشكىلاتقا قاتنىشىپتۇ دېيىشىپمۇ يۈردى. بىر ئايدىن كېيىن ھاپىز ئۆيىدىكەن، دېگەن خەۋەر تارقالدى، بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم، دەرۋەقە ئۇ ئۆيىدىكەن. توۋا، ھاپىزنى تونۇيالمايلا قالدىم، ئۇ ئورۇقلاپ بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى، سول پۇتىنى گىپس بىلەن قاتۇرۇپ قويۇپتۇ، ئۇ مېنى كۆرۈپ ھۆڭرەپ ئېتىپ يىغلاپ كەتتى. قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى، بەدىنىدىكى تاياق ئىزلىرىنى كۆرسەتتى، سول پۇتىنى ئوشۇقىدىن چېقىۋېتىپتۇ. ئۇ ئۆلۈمنىڭ ئاغزىدىن قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ھازىرغىچە تۇغقانلىرىدىن باشقا ھېچكىم ھال سوراپ كىرىپمۇ قويماپتۇ.

— ساراڭ بوپتىكەنمىز، ئەخمەق ئىكەنمىز، — دېدى ئۇ ئېسەدەپ تۇرۇپ، — بىزگە نېمە قويىدى، سىزنىڭ تۇتقان يولىڭىزمۇ توغرا ئىكەن، ھەم شۇنداق ئىنقىلابنى...

مېنىڭ كۆز ئالدىمغا ئۇنىڭ تېخى ئىككى ئاي ئىلگىرىكى ھەربىيلەردەك كىيىنگەن تۇرقى، ئۈمىد، ئىشەنچكە تولغان چىرايى كېلىپ خورسىنىپ قويدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن دەرۋەقە ھاپىز تالا - تۈزدىمۇ كۆرۈنمەس بولدى.

3

ھاپىز بىلەن ئىككىمىزنىڭ يەيدىغان رىسقىمىز بار ئىكەن، بۇ ئىنقىلابتىن ئامان چىقتۇق. ئىنقىلابنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە ھاپىز سەل ئاقساقلاپ دەسسەيدىغان بولۇپ قالدى. ھايات يەنە ئۆز ئىزىغا چۈشتى، بىزمۇ يەنە ئۆز ئورنىمىزغا — كونىراپ سىرلىرى چۈشۈپ كەتكەن شىرىق ئۈستىلىمىزگە كېلىپ ئولتۇردۇق. ھاپىزنىڭ تەلىيىگە ئىدارىنىڭ ئاۋۋالقى باشلىقىمىز ئەمەس، ئىلگىرى سودا ئىدارىسىدە ئىشلىگەن ساتتار دېگەن ئادەم باشلىق بولۇپ كەلدى، بولمىسا ھاپىزنىڭ كۆرىدىغان كۈنى بار ئىدى.

بۇ ئىنقىلاب ھاپىزنى باشقىچىلا ئادەم قىلىپ قويدى، مەسىلەن، بېشىغا كىيىدىغان شەپكىسىنىڭ كۆكىنىمۇ، سىرىقىنىمۇ بىراقلا تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چىمەن دوپپا، ئۈستىگە بولسا قارىيلار كىيىدىغان ئۇزۇن چاپان كىيىپ يۈرىدىغان بولدى. ھەممىدىنمۇ ئۇنىڭ ئاياغ كىيىمى ئۆزگىچە ئىدى. يەرلىك موزدۇزلارغا بۇيرۇتۇپ تىككۈزگەن، ئۈستىدە چېكىم - چېكىم گۈلى بار بۇ شىبلىتى

شۇنداق غاچىلدايتتىكى، ھاپىزنى بىرەر يۈز مېتىر يەردىنلا تونۇيدىغان بولدۇق. ئۇ كىيىملىرىدە كادىرغا ئەمەس تولاراق ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شىرىكچىلىكىدىكى ماگىزىنلاردا ئولتۇرىدىغان ئاق يۈزلۈك سىپايە سودىگەرلەرگە ئوخشاپ قالغانىدى.

بۇلا ئەمەس ھاپىزنىڭ مىجەز-خۇلقىمۇ خۇپلا ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىشخانىغا كىرمەستىن ئاۋۋال باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا بىر يولۇقۇپ ئۆتەتتى. ھاپىز بۇ ئادەم بىلەن تېزلا چىقىشىۋالدى. ئۇ ئىلگىرىكى باشلىقتەك ھاپىزنىڭ كۆزىگە كىرىۋالمايتتى، ئىشلىگەن-ئىشلىمىگىنىنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ كەتمەيتتى، ئۇ ئۆزىمۇ ئىشخانىسىدا تۈزۈككىنە ئولتۇرمايتتى.

بىر كۈنى مەن ئىككىسىنىڭ پارىڭىنى دالاندا ئاڭلاپ قالدىم. مەن قايناق سۇغا چىقاي دەپ چايداننى كۆتۈرۈپ ئىشىككە كېلىشىمگە كارىدوردا ھاپىزنىڭ غاچىلدىغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ قالدى. ئۇ باشلىق بىلەن كارىدوردىلا كۆرۈشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — ھاپىز ئالدى بىلەن سالام قىلدى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق جاراڭلىق ۋە ساپ ئىدى. ئۇ كالتە سېمىز قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئېگىلدى، — قانداقراق قوپۇپلا؟

— باش ئاغرىپ قوپۇپتىمەن...

— ئاخشام سوغۇق چاي سەل زىيادە بولۇپ كەتمىگەندۇ؟

— قىزىقچىلىقتا جىقراق ئىچىپ قويۇپتۇق-تە.

— تاماقىنىمۇ تۈزۈك يېمىدىلە، ناخشىچى چوكانىنىڭ پەيزى قانداقراقكەن؟

— ۋاي-ۋاي قالتىس جۇۋان ئىكەنغۇ كاساپەت، مەن دۇتارلىق ئۇلداق بەلەن چالغان ئايالنى كۆرمەپتىكەنمەن، يەنە بىر يەردە ئولتۇرمايلىمۇ؟

— چاتاق يوقە زەنجاڭ، سىلى قاچانلا...

— ئېرى نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ئوقەت قىلىدۇ، پات-پات ئىچكىرىگە مېڭىپ تۇرىدۇ، تونۇشۇپ قويسىلا زىيىنى يوق، — ھاپىز ئىككى يانىغا قاراپ قويدى.

— شۇنداقمۇ؟ — ساتتار زەنجاڭ ھودۇقۇپ قالدى، — ماڭا ئوبدانراق بىر خوتەن گىلىمى لازىم ئىدى.

— بۇنى ماڭا دېسىلە بولماتتى، بولدى، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، بەك زۆرۈر بولسا بىزنىڭكىدە بىر-ئىككى پارچە بار، كۆڭۈللىرىگە ياقسا لازىم قىلسىلا...

— سىلىنىڭكىنى ئېلىۋالسام قانداق بولىدۇ؟

— نېمە دېگەنلىرى ئۇ، بىز دېگەن يەنە تېپىۋالىمىز... ئەمىسە ئاخشاملىقتا كىرىپ كۆرۈپ باقاملا؟

— ماقۇل.

ھاپىز مۇھىم بىر ئىشنى تاماملىغاندەك ئىشخانىغا كۆڭۈللۈك بىر كەيپىياتتا كىرىپ كەلدى. مەن ھېچنەرسە ئۇقمىغان كىشى بولۇپ ئۇنىڭغا دىققەت قىلدىم. ئۇنىڭ چىرايىدىن مەمنۇنلۇق، رازىمەنلىكنىڭ ئۇچقۇنلىرى يېلىنجايتتى. ئۇ سومكىسىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويدى، ئاندىن ئادىتى بويىچە قىرلىرى ئۇچلۇق چىمەن دوپپىسىنى بېشىدىن ئېلىپ سوم-

كىشىنىڭ ئۈستىگە ئاۋايلاپ قويدى.

— دوپپىنى يېڭى ئالدىڭىزمۇ؟ — سورىدىم مەن قىزىقىپ.

— ھەئە، يارىشامدىكەن؟

— يارىشىپتۇ، — مەن كۆڭلى ئۈچۈن ماختاپ قويدۇم، — قانچىكەن؟

— سىلە دەپ بېقىڭلار، قانچىگە ئالغاندىمەن؟

مەن دوپپىنى كۆڭلۈمدە باھالىدىم.

— يىگىرمە كويدۇ؟

ھاپىز مەغسىتىمىگەن قىياپەتتە كۈلۈپ قويدى.

— يىگىرمە كويغا بادام دوپپىنىمۇ بەرمەيدۇ، نېمە دەيدىكىن دەپتىمەن، ئەللىك كوي دەپ بېقىڭلار، — ئۇ دوپپىنى قولىغا ئېلىپ ماڭا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — دوپپا دېگەننىڭ ماۋۇ يىپىغا قاراپ نەرخى بولىدۇ، قاراڭلار مانا، بۇ دېگەن ئۈنچىدەك تۇرمامدۇ...

ھاپىز خۇددى دوپپىسىنى ماڭا ساتىدىغان سودىگەرلەردەك كۆچەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

— نېمە بولۇپ دوپپا كىيىدىغانلار كېلىپ قالدى؟ — مەن ئۇ نېمە دەيدىكىن دەپ سورىدىم.

ئۇ ماڭا بىر پەس تېڭىرقىغاندەك قارىۋېتىپ كۈلۈپ كەتتى.

— دوپپا دېگەن ئۆزىمىزنىڭ مىللىي كىيىم-كېچىكىمىزدە، ھازىر كۆرمىدىڭىزمۇ، ھەممە ئادەم كىيىشكە باشلىدى، ئۆز نەسلىمىزنى ئۇنتۇپ قالساق قانداق بولىدۇ، شۇڭا مەن باللىرىمغىمۇ ئۇنىمىغىنىغا قويماي كىيگىلار، دەپ ئۆگىتىۋاتىمەن. سىلىمۇ كىيسەڭلار بولمامدۇ، بۇ شەپكىدىن زېرىكمىدىڭىزمۇ؟ مېنىڭ تونۇش دوپپىچىم بار، ئەرزانراق ئالىمىز.

— مەنما؟ ماڭا ياراشماس... سىلىگە ھېلىقى شەپكىلەرمۇ ئوبدان ياراشاتتى...

ئۇ ۋىللىدە قىزاردى.

— بولدى، زاڭلىق قىلماڭلار، ئەخمەق بولۇپ شۇنىمۇ كىيىپ يۈرۈپتۇق... سائەتلەر قانچە بولۇپ كەتتى؟

— ئون بولاي دەپتۇ.

ھاپىز ھولۇققان ھالدا ئورنىدىن تۇردى.

— تاماس ئۇنتۇيدىكەنمەن، ئابلا بۇجاڭ بىر كېلەڭلار دېۋىدى، دىككىدە بىر يولۇقۇپ كېلەي جۇمۇ...

ھاپىز غاچىلدىتىپ دەسسەپ سىرتقا ماڭدى.

4

ھايت-ھۇيت دېگۈچە 5 - 6 يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئارىدا بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئىدارىمىزدىمۇ خېلى ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ئۆتتى. بىزنىڭ ئىلگىرىكى نامىمىز ئۆزگىرىپ، رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى بولدى. ئادەملىرىمىزمۇ كۆپەيدى. ساتتار زەنجاڭ ئۆسۈپ سىياسىي كېڭەشكە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ يۆتكەلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئويلىمىغان يەردىن بىزنىڭ ھاپىز ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ كۆتۈرۈلدى. تەلەيىنىڭ كۆزى قارىغۇ دېگەن شۇ ئىكەن-دە، بۇنىڭغىمۇ نېمە دەيتتۇق، يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا ھاپىزمۇ بۇ ئىدارىگە كونا بولۇپ قالدى، يېشىمۇ ئەللىككە تاقاشتى. گەرچە

ئۇنىڭ تىلغا ئالغۇدەك تۆھپىسى بولمىسىمۇ، لېكىن 30 يىللىق تارىخى بار-دە. بۇ تەرىپىنى دىسە ئۇنىڭ بولغىنىمۇ ھەق، لېكىن مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم ھاپىز ئەمدى بۇ ئىدارىگە قانداق رەھبەرلىك قىلىپ باشقۇرالا دەيتتىم...

مەن بىكارلا غەم قىلىپ كېتىپتىمەن، ئىشلار يەنە ئۆز يولىدا يۈرۈشۈۋەردى. بىزنىڭ ھاپىزمۇ باشلىقنىڭ ئۈستىلىدە چاندۇرماي ئولتۇرۇۋەردى. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئاشۇ ئەمەل تاجىسىنىڭمۇ ئاز-تولا خاسىيىتى بولسا كېرەك. تۇۋا دەيمەن، ھاپىز مېنىڭ كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنەمدۇ ياكى راستتىنلا شۇنداقمۇ ئۇ قانداقتۇر سالاپەتلىك، سەل-پەل سۈرلۈك تۇس ئېلىپ قالدى. بۇنداق بولۇشىغا يا ئۇنىڭ كىيگەن كىيىم-كېچەكى رول ئوينىدىمىكىن؟ ئۇ باشلىق بولۇپ ھەپتە ئۆتمەي، باشقىچىلا بولۇپ قالدى. مەن ئۇنى تونۇماي قالغىلى تاس قالدىم. ئۇ بېشىغا شۇ كۈنلەردە بۇ يەردە ئاندا-مۇندا چېلىقىدىغان سوۋېتنىڭ شىلەپىسىنى، ئۈستىگە بولسا چەتنىڭ كاستۇم-بۇرۇلكىسى بىلەن ياقىلىق پەلتونى كىيىپ گالىستۇكمۇ تاقىۋالغانىدى. بۇ كېيىملەر ئۇنىڭغا بۆلەكچىلا بىر سالاپەت بېغىشلىغانىدى.

— سوۋېتتىن تۇغقانلار كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭ كېيىملىرىگە ھەۋەس قىلىپ.

— بىزنىڭ نەدىكى تۇغقانلار كېلىدۇ دەيسىلە، ئالدۇق-تە، ... قانداق، بوپتىما؟ — ئۇ ئۈستىدىكى پەلتونى سىلاپ تۇرۇپ مەندىن سورىدى.

— چەت ئەللىكنىڭ ئۆزىلا بولۇپ كېتىپسىلە، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ۋە بىر چاغدىكى گېپى دەرھال ئېسىمگە كەلدى، — ئەمدى ھېلىقى مىللىي ئۆرپ-ئادەت قانداق بولۇپ كەتتى؟

— ھا ... ھا ... ھا، — ھاپىز كۈلۈپ كەتتى، — ئۇنتۇماپسىلەر-دە، ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۆز ۋاقتى-سائىتى بار، ھازىر ئەمدى چەتتىن ئۆگىنىدىغان بولدۇق، مۇشۇنداق يۈرمىسەك بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ۋەزىيەتكە ئەگەشمىسەك بولامدۇ. ئەتە-ئۆگۈن كوچىدىكى ئېلىپ-ساتارلارنىڭمۇ كەينىدە قېپقالىمىز ... سېلىمۇ كىيىڭلا ئاداش. قاچانغىچە يېزىنىڭ كادىرىدەك بولۇپ يۈرۈيسىلەر؟ مەن مۇشۇ پەلتونى ئالغان تونۇش سودىگەر خېلى جىقلا ئەكىلىپتۇ، ماقۇل دېسەڭلار مەن سۆزلىشىپ ئېلىپ بېرەي، قانداق؟ ...

— ماڭا بۇ ياراشماسمىكىن.

— شۇنداقلا دەيدىكەنسىلە، سىلىنىڭ كاللاڭلا-زە، بەك كونا چۇمۇ... ۋەزىيەتكىمۇ سەل ئەگىشىڭلا ...

قىزىق يېرى، ھاپىزنىڭ بىرلا ئادىتى يەنىلا ئۆزگەرمىدى، ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا سومكىسى بىلەن باش كېيىمىنى ئۈستەلنىڭ چېتىگە ئۇنتۇماي قوياتتى، ھازىر ئۇ بۇرۇنقى سومكىسىنى يېڭىلىدى، خۇرۇمدىن تىكىلگەن ۋالىلداپ تۇرغان سومكىنى ئۇتىدىغان بولدى، ئۇ بۇ سومكىسىنىڭ ئىچىنى ھەر خىل ھۆججەت، قەغەزلەر بىلەن توشتۇرۇپ ئالاتتى، ئۇ ئەتىگىنى سالاپەت بىلەن ئىشخانىسىغا كىرەتتى-دە، سومكىسىنىڭ ئۈستىگە شىلەپىسىنى

ئاۋايلاپ قويۇپ بىردەمدىن كېيىنلا يا
پارتكوم يا بولمىسا خەلق ھۆكۈمىتى
تەرەپكە قاراپ يول ئالاتتى.
بۈگۈن چۈشكە يېقىن ئۇ مېنىڭ
يېنىمغا كىرىپ كەلدى.
— كۆرۈنمەي كەتتىڭلىغۇ؟ — سورى-
دىم مەن.
— يائاللا، بۇ مەجلىس دېگەندىن
تويۇپ كەتتىم، — دېدى ئۇ ھارغىن قىيا-
پەتتە چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — بىردەم
بىر ئارامخۇدا ئولتۇرغىلى بولمىغان،
بارمىساڭ قايتا-قايتا تېلېفون بېرىپ
ئولتۇرغۇزمايدۇ، بارساڭ بىزگە مۇناسىۋەت-
سىزلا گەپلەر، بۇمۇ بىر گەپ بولدى،
لىۇ جۈيجاڭمۇ مەجلىس دېسە بېشى ئاغ-
رىيدىغان ئادەم ئىكەن، ۋاي ئا جۈيجاڭ،
سىز بارسىڭىز دەپلا تۇرىدۇ.
— قاتنىشىۋاتقىنىڭلار نېمە يىغىنكەن؟
— كېڭەيتىلگەن يىغىننىڭ روھىنى
يەتكۈزىدىغان يىغىنكەن.
— يېڭى گەپ بارمىكەن؟
— يېڭى گەپ، ئىسلاھات، ئىشىكنى
ئېچىۋېتىش مۇشۇلا گەپ، يادىمۇ بولۇپ
كەتتى ئۇلار.
— ياخشى ئەمەسمۇ، بۇ يەردە ئىدا-
رىنىڭ ئىشى بىلەن ئاۋارە بولغاندىن،
بىر ھېسابتا دەم ئېلىش ئورنىدا بولىدۇ.
— ئۇغۇ شۇنداق ... ھەر قېتىم
يىغىنغا بارسام بىر مۇنچە شېئىر
يېزىۋالىدىكەنمەن.
— ھەم زىيابەت، ھەم تىجارەت دەڭلا.
— ئۇ يېرىنى دېسەڭلا زىيىنى يوق،
ھازىر دېگەن يىغىن دېگەننى قالتىس
قىلىۋېتىدىغان بولدى، يىغىن خاتىرىسى
دەپ سومكىدىن تارتىپ چامادانغىچە
بىكارغا بېرىدۇ.
— بۇ يىغىندا نېمە بەردى؟
— ئالىي دەرىجىلىك چايداندىن
تارقاتتى. قارىسام ھۆكۈمەت دېگەننىڭ
پۇلى شۇنداق يىغىنلارغىلا كېتىدىكەن
دەپ قالدىم، بىر ھەپتىلىك يىغىندا ئۈچ
قېتىم زىيابەت بەردى، قانچە سەي
قىلىپتۇ دېمەمسىلە، يىگىرمە ئىككى خىل
سەي، يەيدىغان قورساق نەدە؟
— شۇڭا سەمرىپ كەتكىلى تۇرۇپ-
سىلەر-دە، ئەتە-ئۆگۈن قان بېسىمى
كېسىلى بولۇپ قالماڭلار يەنە ...
— شۇنى دەۋاتىمەن، — ھاپىز توم-
پىيىپ چىققان قورسىقىنى سىلاپ قويدى،
شۇ ئارىلىقتا نېمىدۇر ئېسىگە كېلىپ
گەپنى يۆتكىدى، — ھە، راست، مەن ئەسلى
بىر ئىش بىلەن كىرگەنتىم، گەپ بىلەن
بولۇپ تاس ئۇنتۇپ چىقىپ كېتىدىكەن-
مەن ...
مەن نېمە ئىش دېگەندەك ئۇنىڭغا
قارىدىم.
ئۇ كاستۇمىنىڭ قويۇن يانچۇقى-
دىن چىرايلىق بېسىلغان بىر ئىسىم-
نامىنى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى.
— سىلىنىڭ ئايال باسما زاۋۇتتا
بولغاندىن كېيىن مۇشۇ بىر نېمىنى باس-
تۇرۇپ بەرمەمسىلەر؟! ھازىر بۇ بولمىسا
بولمايدىكەن، ئۇياق-بۇياققا بارىدىكەن-
مىز، يىغىنلارغا قاتنىشىدىكەنمىز، ھازىر
ھەممە ئادەم شۇنى ئىشلىتىدىغان بولۇپ
كېتىپتۇ.
— ھازىر بۇمۇ مودا بولدى.
— شۇنداقكەن، شۇڭا بىزمۇ خەقتىن
كېيىن قالمايلى. — ئۇ كاستۇمىنىڭ
يانچۇقىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ
ماڭا ئۇزاتتى، — تېكىستىنىمۇ يېزىپ قوي-
دۇم. سىلە بىر لايىھىلەپ بېقىڭلار، سەل
جىقراق بولۇپ كەتتىمۇ قانداق؟
مەن قەغەزگە كۆز يۈگۈرتۈپ چۆچۈپ

كەتتىم، بىر ۋاراق قەغەز باشتىن - ئاياغ ئۇنىڭ نام - ئەمەلى بىلەن تولغانىدى. نۇرغۇن جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇ قاچانلاردا يۈرۈپ بۇ يەرلەرگە قاتنىشىپ يۈرگەندۇ؟ بىزنىڭ بۇ ھاپىزمۇ بوش ئادەم ئەمەسكەن جۇمۇ! مەن ئۇلارنى ئوقۇپ بىر تۇرۇپ كۈلگۈم كەلدى، بىر تۇرۇپ بېشىم قاتتى.

— بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى قانداق پاتار؟ — دېدىم مەن كۈلكەمنى ئاران بېسىپ، — مۇھىمراق بىر - ئىككىسىنىلا يازسا ئىلار بولارمىكىن؟

— بۇنىڭ ھەممىسى مۇھىم دەئىلا، مەن تېخى بەزى جەمئىيەتلەرنى قىسقارتىۋەتتىم، كىچىكرەك يېزىلسا پاتماسمۇ؟

— ھەرقانچە قىلغان بىلەن پاتمايدۇ.

ھاپىزنىڭ قاپىقى چۈشۈپ كەتتى.

— بۇنى چوڭراق قىلغىلى بولماسمۇ؟ — ئۇ ئىسىمنامە قەغىزنى قولىدا ئايلاندۇرۇپ كۆرۈپ دېدى، — مۇشۇنداقلا بولۇش شەرت ئەمەسقۇ؟!

— چوڭراق قىلسا ئىلا يانچۇققا سېلىشقا ئەپسىز بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا نېمە ئامال بار؟ — مېنىڭ كاللامغا بىر پىكىر كېلىپ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدىم، — بىرلا ئامال، بۇنى خىزمەت كىنىشكىسىغا ئوخشاش قاتلىنىدىغان قىلسا بولارمىكىن.

ھاپىزنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— مەسىلەن، قانداق قىلىپ دەيسىلە؟

مەن چاقچاق قىلىپ دېگەن گېپىمنى چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم.

— توغرا، توغرا، — بۇمۇ بولىدىغاندەك تۇرامدۇ نېمە، — ھاپىزغا بۇ تەكلىپ ياراپ كەتتى، — بۇنىمۇ خۇدايىم بېكىتىپ قويمىغاندىن كېيىن ئۆزگەرتسەك بولىدۇ - دە، ھازىر ھەممە نەرسە ئۆزگىرىۋاتىدۇ، بۇمۇ بىر ئىسلاھات ... ئەتە - ئۆگۈن ھەممە خەق بىزدىن ئۆگىنەمدۇ تېخى ....، ئەمىسە بۇ ئىشنى سىلىگە تاپشۇردۇم جۇمۇ، بولسا تېزرەك پۈتتۈرۈپ بەرگەي ...

— رەسىممۇ ئىشلىتىمىزمۇ؟ — مەن قەغەزنىڭ ئارىسىدىن چىققان رەسىمنى كۆرۈپ سورىدىم.

— ئەلۋەتتە، رەسىمسىز قانداق بولىدۇ، ... مۇشۇ رەسىمنى دەپ تونۇغۇن بىكاردىن ئۈچ كوي خەجلىدىم ئەمەسمۇ ... قىلغاندىن كېيىن تۈزۈكرەك بولسۇن - دە، ھە، راست، قەغىزىمۇ ئەڭ نوچىسىدىن بولسۇن جۇمۇ.

— پۇلىغا چىدىسا ئىلا قانداق قەغەز دېسە ئىلارمۇ ماقۇل دەۋېرىدۇ، ھەقچان بۇنى ئىدارىگە ئاتچوت قىلىدىغانسىلە، ياكى ...

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە، بۇمۇ خىزمەت ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ — ھاپىز بېشىنى لىڭشىتىپ تەستىقلىدى ۋە ئاخىرىدا قوشۇپ قويدى، — لىۋ جۈيجاڭ بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ ئىدارىدىكى كەسپىي خادىملارغىمۇ باستۇرۇپ بەرسەكمىكىن دەۋاتىمەن، بۇنىڭغا ھېچقانچە بىر نېمە كەتمەيدۇ - دە، قانداق دېدىم؟

مەن ھاپىزنىڭ بۇ گېپىگە كۈلۈپلا قويدۇم، ھاپىز ماڭا يەنە بىر قېتىم تېزرەك پۈتتۈرۈشنى تاپىلاپ بولۇپ، مۇھىم بىر ئىشنى تۈگەتكەندەك ئۇلۇغ بىر تىنىدى - دە، سالماق قەدەم بىلەن سىرتقا ماڭدى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

نۇر روزى

# ئەبلەخ

(ھېكايە)

— قېنى، ئەمىسە كۆتۈرەيلى. ئاغىنىدارچىلىقىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇشى ئۈچۈن ئىچەيلى. خوشە! ياشتا مەن سىزدىن چوڭ. ئون-ئون ئىككى ياش پەرقلىنىمىز. ھوقۇقتىمۇ شۇنداق، مەن ئىدارە باشلىقى، سىز بۆلۈم باشلىقى. شۇڭا مېنىڭ يۈزۈممۇ سىزدىن چوڭ. قىلىمەن دېگەننى قىلالايمەن، ئەلۋەتتە. قانداق دېدىم؟

خوش، قېنى يەنە كۆتۈرەيلى. ئىچكەچ مۇڭدىشايلى. ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىگە قىلمۇ سىغمايدۇ. موما تۈۋىگە دان چۈشىدىغان گەپنى قىلساق، مەن سىزدىن بەك رازى. يەنىمۇ ئوچۇقراق ئېيتساق، مەن باشلىغۇچى، سىز ئەگەشكۈچى. بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز خۇددى سېرىق چۈمۈلىلەرنىڭ باشلامچى چۈمۈلىنىڭ ئىزىدىن چەتنىمەي ئەگىشىپ ماڭغىنىغا ياكى بولمىسا موما تۈۋىدىكى كالىغا باشقا كالىلارنىڭ ئەگىشىپ ئايلانغىنىغا ئوخشايدۇ. يەنە باشقىچە ئېيتساق، مەن ئاتنىڭ ئالدى پۇتى، سىز كەينى پۇتى... ھاھ... ھاھ... ھاھ! ماۋۇ ئوخشىتىشلىرىمنىڭ قاملاشقانلىقىنى قارىمامدىغان! سىزمۇ مېنىڭ سىزىقىمدىن چىقمىدىڭىز، قىل دېگىنىمنى قىلدىڭىز. دېمەك بىزنىڭ دىلىمىزمۇ، تىلىمىزمۇ، ئېتىقادىمىزمۇ بىر دېگەن گەپ. قانداق دېدىم، ئۇنداق ئەمەسمۇ-يا؟ ئەلۋەتتە شۇنداق. قېنى-قېنى، ئىچكەچ... ھەببەللى! ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز بىر يۇرتلۇق ھەم قەدىناس ئاغىنە. قارىسام مۇشۇ كۈنلەردە بەكلا شوك بولۇپ كەتتىڭىز. بۇنداق كېتىۋەرسىڭىز خوراپ تۈگەيسىز. زىيان ئۆزىڭىزگە. ئۇنداق قىلماڭ! مەن كۆڭلىڭىزنى ئوبدان چۈشىنىمەن. دەردىڭىزنىڭ نېمىلىكىنىمۇ ئوبدان بىلىمەن. كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا، تۇيىقى سىيقىرىغاندەك، سىز مۇنداق خاپا يۈرسىڭىز، مەن ئازابلىنىدىكەنمەن. شۇڭا بىر دەم مۇڭدىشايلى، كۆڭلىمىزنى ئاچايلى دەپ ئالاھىدە مۇشۇ قاۋاقخانىغا تەكلىپ قىلدىم. ئەسلىدە ئۈلۈشكۈنلا ئولتۇرۇشماقچى ئىدۇق. سىزنى ئىزدەپ تاپالمىدىم. شۇڭا بۇ ئولتۇرۇش بۈگۈنكى كۈنگە قالدى. شۇ چاغدا بىر يەرگە كېتىپتىكەنسىز-دە؟ بەللى-بەللى! مۇنداق دەڭ تېخى! بۇ قېتىم تەكشۈرۈشكە كەلگەنلەرنى باشلاپ ئايرىپ سەيلە-ساياھەت قىلدۇرۇپ كەلدىم دەڭ. ئۇلار بىلەن ئىككى ئاخشام كەڭ-كۇشادە سىردىشىپسىز، ئىست، بىلمەي قاپتىمەن-دە! بوپتۇ. يارايسىز.

يەنىلا مېنىڭ ئىزىمدىن مېڭىپسىز. ئۇلار كېيىمنى ئوبدان تىڭشىدى، گەپ قىلمىدى، دەڭ. مەيلى، مەيلى! كارىمىز بولمىسۇن. ۋاقتى كەلسۇن قېنى، يەنە ئالدىنقى قېتىمقىدەك كېيى ئۆتىدىغان ئاغىنىلەرنى يىغىمەن. ئۇلارنىمۇ ساياھەتكە بىللە ئېلىپ چىقىمەن. گەپنى شۇ ئاغىنىلەر قىلىدۇ. ئالدىنقى قېتىم ساياھەتكە چىقىشنىڭ ئالدىدا مەنمۇ قورقۇپ كەتكەن ئىدىم. شۇ چاغدا ئۇلار يۈزۈمدىن - يۈزۈمگىلا: «ئىشلىسەڭ تۈزۈك ئىشلە! بولمىسا، كېيىڭنى قىل!» دەپ تېرە تاراقشىتىپ، پوپوزا قىلغان ئەمەسمىدى. كېيىن يېلى چىققان توپتەك لەسسىدە بولۇپ قالدىغۇ؟ بولدى. بۇ كۈنمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. قېنى، ئىچىڭ. ھە، ئىچكەچ. ئەسلىدە سىزنى ئىدارىگە مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ ئۆستۈرۈش نىيىتىم بار ئىدى. سىزگىمۇ شۇنداق ۋەدە بەرگەن ئىدىم. كىم بىلسۇن، بىزنىڭ باشلىقلىرىمىز راستىنلا قارىغۇ ئىكەن. سىزدەك ساداقەتمەن، بىلىملىك، ئىقتىدارلىق ئادەمنىڭ قەدرىگە يەتمىدى. سىزنىڭ قول ئاستىڭىزدىكى بىلىمسىز بىر ناداننى يۆلەپ، ئىدارىگە مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ قويدى. ئات ئوقۇرىغا ئېشەك باغلىنىپ قالدى. سىزنىڭ خاپىلىقىڭىز دەل مانا مۇشۇ يەردە. مەنمۇ قاقتىق ئېچىنىمەن. لېكىن موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىقىچە. قېنى، جىق - جىق ئىچمەمسىز. ئىچىڭ! پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، چىرىكلىكنى تەكشۈرۈشتىن ئەجەبمۇ بىزار بولۇپ كەتتىم. ئىشىمۇ ھەمىشە بۇنداق بولۇۋەرمەس. ھازىرچە لېۋىمىزنى چىشلەپ، ئۇلارنىڭ بۇرنىدىن كىرىپ ئاغزىدىن چىقىپ، ئورنىمىزنى

ساقلاپ قالغىنىمىز تۈزۈك. ئىچتۇق، خوشە! بۇ يەرگە ھېلىقى ئاغىنىمىزنى تەكلىپ قىلمىدىم. ئۇنى بىر يۇرتلۇق، قەدىناس ئاغىنەم دەپ قىلمىشلىرىغا چاپان يېپىپ يۈرۈپتىمەن تېخى. قويۇڭ ئۇنداق ئاغىنىنى! سېپى ئۆزىدىن تۈزكور ئىكەن ئەمەسمۇ؟! ئۆتكەن قېتىمقى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كەلگەندە ئۇ باشقىلارنى كۈشكۈرتۈپ، مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز قىلدۇرۇپتۇ. مېنىڭ ئورنۇمغا ئۆزىنى كۆرسىتىشنى تەمە قىپتۇ. مېنىڭ بېشىمغا دەسسىمەكچى بوپتۇ. مەن نېمە بىلەي ئۇنىڭ ئۇنداق قارا نىيىتىنىڭ بارلىقىنى؟! بۇنى شۇ چاغدا خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ سۆزىنىڭ پۇرىقىدىن، ئەگىنتە گەپلىرىنىڭ ئۇرامىدىن بىلىۋالدىم. سىزمۇ دېدىڭىز. مېنىڭ باشقا كۆز - قۇلاقلىرىممۇ دەل ۋاقتىدا يەتكۈزدى. باشقىلار ئۇنى: ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئىنتايىن رەزىل ئادەم، قۇۋ، ئىگىسىنى ئالىدىغان قۇش، كىچىككىنە نەپ ئۈچۈن ئانىسىنى ئېشەككە نىكاھ قىلىشتىنمۇ يانمايدۇ. ۋاپاسىز ... دەپ يۈرسە، ئۇلارغا ئىشەنمەپتىكەنمەن. ئۇنىڭ يەپ كەتكەن، قاقتى - سوقتى قىلغانلىرىنى ھەممۇ تازا ئوبدان بىلىمەن. يېسىغۇ مەيلى، مېنىڭكىنى يەمتى، لېكىن مېنىڭ ئېشىمغا توپا سالمىسا بولاتتى. ئىش بۇ يەرگە يەتتى. ئەمدى بولمىدى، ئۇنى يارىماسلار پادىسىغا قوشۇۋەتتىم. ئەسلىدە بىز ئۈچ ئاغىنە ئىدۇق. مانا ئەمدى خۇددى ئۆچكىنىڭ بىر جۈپ ئەمچىكىدەك ئىككىمىزلا قالدۇق. سىز ئۇنداق ئەمەس. ئاغىنىڭىزنى ساتمايسىز. ۋىجدانلىق، ۋاپالىق ئاغىنەم ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنىمەن.

بۇنىڭغا قەسەم قىلىپمۇ بېرەلەيمەن. بۇنى مەن باشتىلا سەزگەن. شۇڭا سىزنى ئۈستۈرۈشنىڭ كويىدىلا بولغانىدىم. سىزنى دەسلەپتە بۆلۈمگە مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ ئۈستۈردىغان چاغدا ھېلىقى ئاشنىڭىز بىلەن چاتىقىڭىز چىقىپ قالدى. قىل قالدىڭىز جازالىنىپ كەتكىلى! خۇدايىم ساقلىدى. ۋۇي يەرگە قاراۋالدىڭىزغۇ؟! بولدى قويۇڭ، خىجىل بولماڭ. ئۇنداق ئىشلار كىمنىڭ بېشىدىن ئۆتمىگەن؟ سىز پەخەسرەك بولماپسىز. سىزنىڭ ئۇ ئىشىڭىزنى بىلىپ قالغان ھېلىقى خوتۇنلارنى ھەيۋە قىلىپ تازا قورقۇتقانىدىم. ئۇلار گېپىدىن يېنىۋالدى. گۇۋاھلىق بېرىشتىن قورقۇپ، كۆرگەنلىرىدىن تېنىۋالدى. نەتىجىدە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىكىلەرنىڭمۇ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ قالدى. كېيىنچە بۆلۈم باشلىقى بولۇپ قالدىڭىز. سىزمۇ مېنىڭ قىلغىنىمنىڭ قەدرىگە يەتتىڭىز. ئەڭ ئەقەللىيسى ئۆتكەن قېتىم تەكشۈرۈشكە كەلگەنلەر ئامىمنىڭ رايىنى سىنىغاندا، ھېلىقى باشلىق: قاراڭ، شۇنچە كۆپ ئادەم سىزدىن رازى ئەمەس ئىكەن، سىزنى قوللىمايدىكەن، دەپ سىناق خاتىرىسى جەدۋىلىنى ماڭا تاشلاپ بەردى. ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشىمۇ مەقسەتلىك ئىدى. سېنى يامان كۆرىدىغان ئادەملەرنى تېپىۋال، دېگىنى ئىدى. شۇ ئاخشىملا سىز ئىدارىمىزدىكى ھەممە ئادەمنىڭ مائاش جەدۋىلىنى ئەكىردىڭىز. ئىمزاسىغا قاراپلا ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ئاسانلا بىلىۋالدۇق. ھاھ... ھاھ... ھاھ! ئەمدى جاي-جايىدا، دوقمۇش-دوقمۇشتا پۇخادىن چىققۇچە دەككىسىنى بېرىۋاتىمەن. توغرا قىپتىمەنمۇ قانداق؟ ھەھە، قېنى ئىچەيلى. ئىچكەچ مۇڭدىشايلى. باشقا ئىشلار بىلەن كارىمىز بولمىسۇن. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى قولغا كەلتۈرسەكلا تۆۋەندىكىلەرنىڭ كاسىلدىغىنى بىكار. بۇرۇتۇمنىمۇ تەۋرىتەلمەيدۇ. لېكىن ھەر ئىشقا پەم قىلماي بولمايدۇ. ئۆتۈككە چەم كېرەك، ئىشقا پەم. قانداق؟ ئىچىڭ، ئىچىڭ. سىزمۇ گەپ قىلىڭ.

نېمە-نېمە؟ مېنىڭ تونۇم پېچىلىپ بولدى دەمسىز؟ غەلىتە گەپ قىلىسىزغۇ؟ نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ ئوچۇق دەڭا؟! نېمە؟ مېنى ئەمدى سىڭايان بولدىڭىز، يىقىلىسىز، دېگىنىڭىز نېمىسى. ھوي بىلىدىغان ھەممە ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا يازما دوكلات قىلدىم دەمسىز؟ قايسى ئەھۋاللار ئۇ؟! نېمە دېدىڭ؟ ئىدارىنىڭ قۇرۇلۇشىنى قىلىش ۋاقتىدا ھۆددىگەرلەر بىلەن بىرلىشىۋېلىپ پۇلنى چۆنتەككە سېلىۋالغان ....؟ سەن، سەن نېمە دەۋاتىسەن؟ ئەستاخپۇرۇللا! بۇ نېمە ئۇچۇن؟! ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ-دە!

قۇرۇق ۋەدىگە مۇشۇكمۇ ئاپتاپقا چىقمايدىكەن، قاچانغىچە يەنە مۇشۇنداق بۆلۈم باشلىقى بولۇپ تۇرۇۋېرىدىكەنمەن دەۋاتامسەن؟ بۇ ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەنلىك ئەمەسمۇ؟! سېنىڭ يۈرىكىڭمۇ خۇددى كۆزۈڭگە ئوخشاش جىرتاق ئىكەن! بۇ يانغا قاراپ ئۇ يانغا سوقىدىكەن، ئەبلەخ! ۋۇي يۈزىدىخور! نېمە؟ سەنمۇ مېنى ئەبلەخ دەۋاتامسىنا؟!

ھۇ ئەبلەخ!

ئەبلەخ!

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

مۇھەممەت شاۋۇدۇن

# سەپەر قىياملىرى

## چيەنتاڭجياڭدىن ئۆتتۇق كېچىدە

كۆرسەك دېگەن ئارمان ئىچىدە،
چيەنتاڭجياڭدىن ئۆتتۇق كېچىدە.
نەچچە ئون گەز پەستە كۆرۈنمەي
قالدى دەريا تۇمان ئىچىدە.

ئاڭلانمىدى شاۋقۇنلىرىمۇ،
يوقمىكىنە دولقۇنلىرىمۇ.
ئەمەسمۇ بۇ بىر ئەزىم دەريا،
قالدى كۆڭلۈم گۇمان ئىچىدە.
...

پاراخوتلار ئۆتتۇشەر ھەر يان،
قىلار ھەر خىل بايراقلار جەۋلان.
ئالمىشار بۇ دەريادا جاھان،
ھەر دەقىقە جەريان ئىچىدە.

92 - يىل 13 - نويابىر، چيەنتاڭجياڭ
كۆۋرۈكى، خاڭجۇ.

## سوئال

بىر زاۋۇتنى قىلىپ زىيارەت،
ئىشەنمەيلا قالدىم كۆزۈمگە.
ھەر قەدەمدە كۆرۈپ كارامەت،
سوئال قويۇپ ماڭدىم ئۆزۈمگە.

زامانىۋى كارخانا قانداق؟
ئاشۇ ئىكەن مۇكەممەل ئۈلگە.
كارخانىلار ئىچىدە بايراق،
يارىتىپتۇ كۆپ بايلىق ئەلگە.

ئەتىۋارلاپ تالىشىدىكەن
ماللىرىنى دۇنيا بازىرى.
بەس-بەس بىلەن كېلىشىدىكەن
ھەر تەرەپتىن كۆپ خېرىدارى.

پاراڭلاشتىم باشلىقى بىلەن،
ماختىنىش يوق قىلچە سۆزىدە.
جىممىپ كەتتى بىر پەس ئۇ، تىرەن
بىر ئوي ئەكس ئېتىپ كۆزىدە.

— قەدىر ئەھۋال ھازىر كۆنىمىز،
بىراق، — دېدى ئېلىپ چوڭقۇر تىن.
باركى ئورتاق بىر چوڭ غېمىمىز:
قانداق بولار ئون يىلدىن كېيىن.

بۇ ماڭىمۇ بولدى چوڭ سوئال،
مەن ئويلاندىم بۇنى كۆپ ئۇزاق.
ئاڭلىدىم بىر جېددىي سىگنال،
كۆتەر بىزنى رەھىمسىز سىناق.

92 - يىل 6 - نويابىر، شاڭخەي،
13 - نويابىر، خاڭجۇ.

## چىقىمغاي شۇدەملەر ئەستىن

چاقتى ئىلھام چاقمىقى، كۆز چاقنىتىپ زەپ ياندى نۇر،
نەچچە شائىر ئايىبۇلاقتا نەزمىلەردىن چاچتى دۇر.
شىر بولۇپ كەتكەن چېغى ئىلھامى قايناپ ھەر كىشى،
نەزمىدە كۆرسەتتى مەيداندا ماھارەت بەھۇزۇر.
چۆرىمىزدە بىر تالاي خىق كەتتى ئالقىش ياغدۇرۇپ،
تىڭشىلىپ چىققاندا نەزمە ھەر تىنىقتا نەچچە قۇر.
سۆيۈنۈپ ۋاڭ يىشى① ھەزرەت روھى كەتكەندۇر كۆلۈپ،
ئىشىنەلمەي سەمىگە يەتكەن چېغىدا بۇ ئۇچۇر.
نەزمىمىزنى گۈل قىلىپ قويدۇق راۋاقلارغا ئېسىپ،
چىقمىغاي لەنتىڭدىكى② شۇ دەملەر ئەستىن بىر ئۆمۈر.

92 - يىل 12 - نويابىر، خاڭجۇ.

## ئەجدادلار زەپ دانا، ئەزىز

بار ئىكەن بىر خاس مۇزېي شاۋشىڭدا مىڭ يىلدىن بېرى،
يوق شەرقتە. تەڭدىشى يېگانە سەنئەت ئامبىرى.
ئىچى شۇنچە كەڭرى ھۆر باغ، ياپيېشىل تاغ ئارقىسى،
كەپتۇ بۇ دەرگاھقا ھەر ياندىن تالاي سەنئەت پىرى.
ھەر يىلى كۆكلەمدە بولسا بۇندا سەنئەت بايرىمى،
بوپ كېتەرمىش ھەممە يەر يۈكسەك ماھارەت مۇنبىرى.
نەچچە مىڭلاپ موي قەلەم بەس - بەسكە چۈشكەندە راسا،
تۆكۈلەرمىش نەچچە مىڭ خىل — نۇسخە خۇشخەت گۆھىرى
ساقلىنىپتۇ كۆپ ئەسىردىن مىسلى ئەڭگۈشتەر بولۇپ،
گۈنچە نۇرغۇن ئۆلىمانىڭ كاتتا خۇشخەت ئەسىرى.
بەزىسى تاشقا ئويۇلغان، نەچچە گەز تاشنىڭ بويى،
بەرگۈسىز ئالتۇنغا قىممەتلىك ئۇلارنىڭ ھەر بىرى.

① ۋاڭ يىشى — (مىلادى 361 — 303) خەتتات بولۇپ، لەنتىڭنىڭ بەرپا بولۇشىغا ئاساس سالغان كىشى.

② لەنتىڭ — شاۋشىڭدىكى بىر جاي بولۇپ، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدا «خۇشخەت ئىنىڭ مۇقەددەس ماكانى» دېگەن نامى بار. بۇ يەر ھەم ئېلىمىزدىكى بويىچە خۇشخەت مۇزېيى بولۇپ، بۇيەردە قەدىمدىن ھازىرغىچە نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك خۇشخەت ئەسەرلىرى ساقلانغان. بۇ يەردە قەدىمدىن قالغان ئادەت بويىچە ھەر يىلى 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى خۇشخەت بايرىمى، مۇشائىرە ئۆتكۈزۈلىدىكەن. بۇ كۈنلىرى مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن نۇرغۇنلىغان خەتتاتلار ماھارەت كۆرسىتىدىكەن. شائىرلار بىر بۇلاقنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ شېئىر - نەزمە ئوقۇشىدىكەن.

ماختىناي، ئەجدادلار زەپ دانا، ئەزىز، بىلگەن ئىكەن
ئەسلى سەنئەت قەدرىنى مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى.

92 - يىل 11 - ، 13 - نويابىر، شاۋشىڭ — خاڭجۇ.

## ئۆردەك يېسە غازنىڭ پېيىدە

يېزىلاردا كۆتۈرۈپتۇ قەد
قاتار - قاتار ئېگىز ئىمارەت.
بەسلەشكەندەك جىمىكى يېزا،
ھەممە ئۆيلەر قەۋەتلىك، رەت - رەت.

ئىككى خىل ئۆي قاپتۇ قاتاردىن،
بىرى پاكار، بىرى كېسەك ئۆي.
ئىمارىتى بولمىسا ئەگەر،
يىگىت - قىزلار قىلمايدىكەن توي.

ئىمارەتنىڭ ئېگىز - پەسلىكى
بولۇپ قاپتۇ ئابروي - ئىناۋەت.
ئىرىشىدىكەن بىرىدىن - بىرى،
سېلىش ئۈچۈن ئېگىز ئىمارەت.

خۇش بولغىنىم دېھقانلار يەنە
قىلمايدىكەن شۈكرى - قانائەت.
ئۆردەك يېسە غازنىڭ پېيىدە
يۈرىدىكەن ھەر كۈن، ھەر سائەت.

92 - يىل 12 - نويابىر، خاڭجۇ.

## ياۋلىڭ غارىغا زىيارەت ①

بۇ تەرەپتە شۇنچە كۆپ سەييادىن ئاڭلاپ نامىنى،
قىزىقىپ قىلدۇق تاماشا بىزمۇ ياۋلىڭ غارىنى.

زەپ ئۇزۇن بىر غار ئىكەن، ماڭدۇق يېرىم كۈن ئىچىدە،
تەمتىرەپ ماڭغان كەبى تۈنجى يولۇچى كېچىدە.

تۈرىدۇ بىر ياقتا تاشلار چوقچىيىپ، سەت ساڭگىلاپ،
ياندا ھاڭ، ماڭدامدا بىر سۇ باستى، قالدىم ئالدىراپ.

قورقۇنچلۇق غار بۈگۈن بوپ قاپتۇ قايناق سەيلىگاھ،
تۈيۈلار سىرلىق بۇرۇن ياتقان كەبى بىر ئەنبىياھ.

92 - يىل 15 - نويابىر، خاڭجۇ.

① بۇ غار جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ لوتۇڭ ناھىيىسىدە بولۇپ، مەملىكەت بويىچە چوڭ غارلارنىڭ بىرى. ھازىر سەيلىگاھ.

## يەنە بولۇپ قالدىم يېڭى دوستلارغا باي

بىز سەپەر قىلدۇق تالاي،
ئارقىمىزدا قالدى قانچە تاغ - داۋان، دەريا ۋە ساي.
بېسىپ ئۆتتۇق نەچچە مىڭ يوللۇق ئۇزۇن مۇساپىنى،
يول بويى بولدى ۋاگونلار كەڭساراي.
ئۇندا بار ھەرقايسى يۇرت،
ھەرقايسى مىللەت ئادىمى،
ھەر ۋاگون گويا كىچىك جۇڭگو،
جاھان،
بىز كېلەرمىز بۇندا مىللەت ياكى چېگرا ئايرىماي.
گەرچە بىز تونۇشمىساقمۇ ئۆزئارا
ھاللىشارمىز،
مۇڭدىشارمىز خۇش چىراي.
بىرى ئاغرىپ ۋاي دېسە،
ئاڭلىغان نەچچە كىشى
ھال سوراپ دەرھال كېلىپ،
خەيرىخاھلىق بىلدۈرەر ھېچنېمىسىنى ئايىماي.
گاھىلىرى تومۇر تۇتۇپ،
پېشانىسىگە قويسا قول،
گاھىلىرى كەلتۈرەر قىزىق بىرەر پىيالە چاي.
پەيتى كەلسە بارنى تەڭ يەپ كېلىمىز بولۇپ يار - يۆلەك،
كۈلۈشۈپ،
چاقچاقلىشىپ،
گاھى لەتىپە ئېيتىشىپ،
يول بويى ھېچ يول ئازابى دارىماي.
بۇ سەپەردە سىردىشىپ،
ھەمكارلىشىپ،
تونۇشۇپ نۇرغۇن يېڭى دوستلار بىلەن،
يەنە بولۇپ قالدىم يېڭى دوستلارغا باي.
ئەستە قالدى
كۈلكە - تەبەسسۇم پارلىغان،
خۇش چىرايلار،
ئەستە قالدى پارلىغان نۇر كۈن ۋە ئاي.

92 - يىل 15 - نويابىر، خاڭجۇ.

## ياپراق

يۇرىمەن قويۇق ئورمان ئارىسىدا،
سەيلىدە ئىسسىق بەلباغ ۋادىسىدا.
بىز ياقتا شۇدەم كەچ كۈز،
بۇندا ئاسمان
كۆرۈنمەس ياپراقلارنىڭ دالدىسىدا.

بۇ يەرنىڭ يوقمىكىنە غازاڭ پەسلى،
ياپىېشىل ياپراقلارنىڭ يەنە ۋەسلى.
خان بولۇپ ياكى باھار ئۆزى يالغۇز،
كەچ كۈزنى قوغلىغانمۇ بۇندىن ئەسلى؟!

تۆكۈلەر گاھ-گاھ ياپراق،
تۆكۈلگىنى
بىلىنمەس قويۇق ياپراق ئارىسىدىن.
باراقسان ئورمان يەنە (ياپراق قويۇق)
ئايرىلماس زېمىن كۆندە سايىسىدىن...

ئۆزىدى بۈگۈن يەنە نەچچە مېيىت،
سورۇنلار قايناق،
بازار يەنە ئاۋات.
ئۆكسىمەس كوچىلاردا، يولدا ئادەم،
ئوخشاشلا داۋام قىلار يەنە ھايات.

1992-يىل 22-نويابىر، شىنجېن.

## ئەرزىگەي قىلسا تاۋاب

چېن دېگەن پۇل-مالى كۆپ بىر ئەغنىيازات—كاتتا باي
سالدۇرۇپ قويغان ئىكەن بۇندا ئالايىتەن بىر ساراي.①
ئۇ بولۇپ بىر خاس مۇزېي—ئەقىل-بىلىمنىڭ خەزىنىسى،
ساقلىنىپتۇ ئاسرىلىپ بۇندا كىتابلار بىر تالاي.
يېتىشىپ بۇ يەردە يورغا چىقىرىپ تۇلپار بولۇپ،
بەيگىدە ئۆزۈپتۇ كۆپتىن قانچە ئوغلان-قانچە تاي.
يەتتە ئىقلىمدىن كېلىپ يوقلايدىكەن ئەل چوڭ بىلىپ،
ئەرزىگەي قىلسا تاۋاب ئەيلەپ تاۋابگاھى بۇ جاي.

92-يىل، 19-نويابىر، گۇاڭجۇ.

## يولۋاس

شامىخۇ ② ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرەر،
بىر يولۋاس باغلاقسىز بىمالال، تىنچ.
كىشىلەر يۈرۈشەر قاراپمۇ قويماي،
سېزىلمەس قىلچىمۇ قورقۇش، ئەيمىنىش.

ئادەملەر خاتىرجەم، قالمىغان گويا
يولۋاستا ئۆچمەنلىك، خىرىستىن ئەسەر.
ئۆچمەنلىك تۈگىگەچ پەيلى ئۆزگىرىپ،
بولۇپ قالغان يولۋاس بىخەتەر.

92-يىل 22-نويابىر، شىنجېن

## لىمون

يېنىمىزدا قويۇق لىمونزار،
دىماغلار مەست لىمون ھىدىدىن.
ماشىنىلار كېلىدۇ پات-پات،
لىمون بېسىپ لىمون بېغىدىن.

مەن كېلىمەن لىمونزار ئارا،
پاكار-پاكار لىموننىڭ بويى.
لىمون ئۈزۈپ يۈرىدۇ باغۋەن،
سوزسا يېتەر ئۈستىگە قولى.

① گۇاڭجۇدىكى چېن ھەزرەتنىڭ كىتابخانىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ كىتابخانا 1890 — 1894 - يىللىرى قۇرۇلغان.
② شىنجېندىكى بىر سەيلىگاھ.

ئەجەبمۇ مول - ھوسۇللۇق ئىكەن
شۇنچە يوغان، بولۇق مېۋىسى.
مېۋىسىگە تەمەننا قويۇپ،
كەلمەيدىكەن بوي تالاشقىسى.

92 - يىل 29 - دېكابىر، شىنجېن.

## قۇچاقتا مەن

30 - دېكابىر شىنجېندىكى ئىجادىيەت ئائىلىسى بىلەن خوشلاشتۇق.
(خاتىرە دەپتىرىمدىن)

مۇھەببەت بىر كىرىدۇ چىقارماق تەس،
ۋە لېكىن كىرمىكىمۇ ئاسان ئەمەس.
چوڭقۇرلاپ كىرىپ چوڭقۇر بىر مۇھەببەت،
تۇيماپتۇق، توشۇپتىكەن يۈرەك پەۋەس.

تونۇشۇپ بۇندا بىر توپ قەلەمكەشلەر،
نەچچە كۈن بىللە ئۆتتۇق ھال-مۇڭدىشىپ.
ئىچكىمىپ قاپتىكەنمىز بىز ئۆزئارا،
تونۇشلۇق بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ.

خوشلىشىپ ماڭغاندا بىز لىن ئاقساقال ①
كۆزىدە غىلىلدىدى ياش تامچىسى.
چىڭ سىقىپ قولىمىزنى قويۇۋەتمەي،
كەلدىغۇ كۆكرىكىگە بىر باسقىسى.

قولۇمنى سىقىپ لاۋجۇ ② قانمىغاندەك،
قولىنى گىرە قىلدى بىلىكىمگە.
ئاپئاق چاچ لاۋشۈي③ مەھكەم قۇچاقلىدى
تەگكۈزۈپ يۈزلىرىنى ئېڭىكىمگە.

گۈرۈلدەپ ئوت ئالغاندا ماشىنىمىز،
تېخىچە ئىدىم ئاشۇ قۇچاقتا مەن.
قۇچاقتىن قۇچاقلارغا ئۆتۈپ شۇدەم،
ئېرىدىم گويا نەچچە ئوچاقتا مەن.

92 - يىل 30 - نويابىر، شىنجېن.
4 - دېكابىر شىئەن.

## دېڭىزدا زاۋال

ئارتتى ئۇپۇق ھال شايى رومال،
چۇچىلىرى ئالتۇندىن تال - تال.
قىرغاقتىكى پالمىلار خىرە،
قۇچاق يايدى دېڭىزدا زاۋال.

بىر جۈپ سايە چۈشۈپ قولۇۋاققا،
ئۈزۈپ كەتتى ئاستا يىراققا.
غايىب بولدى كۆزدىن ئاخىرى،
ئالدىمۇ يا دېڭىز قۇچاققا؟!

بىر چاغ قولۇۋاق لەرزان تەۋرىنىپ،
قايتىپ كەلدى قىرغاققا يېنىپ.
كىم بىلىدۇ ئۇلار سەيلىدە
نېمىلەرگە كېلىشتى قېنىپ؟!
92 - يىل 30 - نويابىر، جۇخەي.

---

① لىن خۇەنپىڭ ئەپەندى.
② جۇ دېخەن — ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر شائىرى، «شېئىرىيەت» ژۇرنىلىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى.
③ شۈي جى — 78 ياشلىق پېشقەدەم يازغۇچى، «گولدباخ قىياسى» ناملىق مەشھۇر ئەدەبىي ئاخباراتى شىنىڭ ئاپتورى.

## تۇمان ۋە گۇمان

ئايروپىلاندىن قارىغاندا تۇمان پەستە كۆرۈنىدىكەن، هاۋادا هېچقانداق بۇلۇت بولمىسىمۇ، تۇماندا يەر يۈزىنى كۆرگىلى بولماي قالىدىكەن. تۇمان يەر يۈزىنى قاپلىۋالىدىكەن.

(خاتىرەمدىن)

قەھرىمۇ بار ھەم زەھرىمۇ بار
بىر يىگىتكە ئوخشايدۇ بۇلۇت.
گاھ قاراسلاپ، گۈلدۈرلەپ ھەيۋەت،
چاقماقلىرى چاقار ئۇشتۇمتۇت.

يا زېمىنغا تۆكىدۇ يېغىن،
ياكى ئاستا بولىدۇ غايىپ.
زېمىنىمۇ ئاز، شۇڭا ھېچكىم
كەتمەس ئانچە بۇلۇتنى كايىپ.

لېكىن تۇمان ئوخشىماس ئاڭا،
ئۇنىڭ ھۆكمى، خوي - پەيلى بۆلەك.
تۇمان بولسا ئالەمنى شۇدەم،
باسار خۇددى قويۇق ئىس - تۈتەك.

چەكسىز كەڭلىك، ئورمانلار، باغلار،
دەريالارمۇ كۆرۈنمەي قالار.
كۆزدىن يىتىپ تاغلارمۇ ھەتتا،
ئۆز بەستىنى يوشۇرۇپ ئالار.

ئۇچماس بەلكىم تۇماندا قۇشلار،
ئايروپىلانمۇ ئەيلەيدۇ ھەزەر.
ئۈچ - تۆت مېتىر لېرىغا يەتمەي
قىسقىرايدۇ تۇماندا نەزەر.

بۇلۇت باسسا مەيلى ھاۋانى،
لېكىن يىراق قىلغاي تۇماندىن.
تۇماندىنمۇ گۇمان بەك يامان،
قىينايدۇ ئۇ ئىنسانىنى ئاندىن.

92 - يىل 7 - ، 8 - دېكابىر،
شىئەن - ئۈرۈمچى.

## لوشۇننىڭ قەدىم جايىغا زىيارەت

تەگرى تاغدىن كېلىپ ئالايتەن،
شاۋشىڭدا لوشۇننىڭ قەدىم جايىنى
قىلدۇق زىيارەت.
شەرقچە بىر قەۋەت كونا ئىمارەت
ئايۋان - ھوجرا،
يادىكارلىقلار
شۇ زاماندىن بەردى بىشارەت.
ئالدىمىزغا چىققاندەك بولدى
بالا لوشۇن چۈگۈلداپ گويا
بېشىدا قارا دوپپا،
پولاڭلىتىپ بىر تال ئۇزۇن چېچىنى.
ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ئەدىبلەر
ئىخلاس بىلەن كۆردۇق بىر - بىرلەپ
ھوجرا - ئۆيلەرنىڭ ئىچى - تېشىنى.
ئاشۇ ئاددىي ھويلا،

ئۆي - ھۇجرا
بولغان ئۇلۇغ ئەدىبكە بۆشۈك.
شۇ سەۋەبتىن بۇ ماكان بۈگۈن
بولۇپ قالغان يىراق - يېقىنغا
شۇنچە تونۇش،
ئەزىز،
تەۋەرۈك!
92 - يىل 15 - نويابىر، خاڭجۇ.

## كىچىككىنە سەنۆبېي مەدرىسى

كىچىككىنە سەنۆبېي مەدرىسى،
بۇرۇنقىدەك تۇرۇپتۇ يەنە.
بۇندا لۈشۈن ئوقۇغان ئىكەن،
ئورۇندۇقى، پارتىسى ئەنە.

لۈشۈن جاھانغا تاشلىغان قەدەم
تە - تە مېڭىپ بۇندا تۇرۇپ دەس.
ئاددىي مەدرىس بىر ئۇلۇغ زاتقا
ئىنىك ئانا بولغان مۇقەددەس.

مەن لۈشۈنگە ئىخلاسىم بىلەن
ئەسكە ئالدىم ئەزىز ئانىنى.
لۈشۈن تۆھپىسى ئالدىدا ئاۋۋال
زىكرى قىلدىم ئۇنىڭ نامىنى.

92 - يىل 17 - نويابىر، خاڭجۇ - گۇاڭجۇ.

## لۈشۈن بىلەن چۈشتۈق سۈرەتكە

ھازىر ھايات تۇرغاندەك لۈشۈن
تۇرار خاتىرە ئۆيىدە ئەنە.
ئۈستىدە ئىزمىلىق ئاددىي پەرىجە،
تۇرقى بىزگە تونۇشتەك ئاددىي،
يىللىق، تەمكىن، خىيالچان يەنە.

شۇ تۇرقىدا كۆرۈندى ماڭا
بۇ يەرگە كېلىپ تۇرغاندەك قاراپ،
كۆڭلى يىجى بىلەن پۇرچاق يەپ بىللە،
تىكتۇرما قىپ ئىچىپ مەي - شاراپ.
ياكى ھېلىلا ئاكيۇ، رۇڭتۇ،
شاڭلىن ئاچىنى كەلگەندەك يوقلاپ،
شارپىسىنى بوينىغا ئوراپ.
شۇ تۇرقىدا كۆرۈندى ماڭا
قەبىھ زالىملارغا
ھومىيىپ تۇرغاندەك غەزەپتە گويا.
ياكى سەبىي بالىلارغا
باش ئېگىپ تۇرغاندەك بولۇپ بىركالا.
لۈشۈن بىلەن مۆگدىشىپ ئۇزاق،
چۈشۈۋالدۇق بىللە سۈرەتكە
ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ئەدىبى.
شۇ تۇرقىدا لۈشۈن بىز بىلەن
بىللە تۇرۇپ قالدى ئەبەدىي.

92 - يىل 18 - نويابىر، خاڭجۇ.

## چىقمايدىكەن مۈشۈك ئاپتاپقا

بەييۈنشەندە (①) سەيلىدە يۈرۈپ،
بىراۋ قولىدا شاتۇتى كۆرۈپ،
قىلىپ قالدۇق ئۇنىڭغا ھەۋەس
ئۇنى قولغا قوندۇرۇپ تۇرۇپ،
سۈرەتكە چۈشسەك دېدۇق شۇ تاپتا.
بىراق، تەلەپنى ئاڭلاپ ئىگىسى،
كەلمەي ھەتتا قاراپ قويغۇسى
ئىما قىلدى قولىنى ھېسابقا.
ئايان بولدى
پۇل بەرمىسە ھەرگىزمۇ بۇندا
چىقمايدىكەن مۈشۈك ئاپتاپقا.
92 - يىل 19 - نويابىر، گۇاڭجۇ.

---

① گۇاڭجۇدىكى بىر سەيلىگاھ.

## مىللەتلەر بېغى ①

قەشقەردىكى ئۆستەڭ بويىدا،
ئايۋان - سارايلىرى شۇنچە ياسىداق،
پېشايۋانلىق،
مەرۋايىتتەك ئۆزۈملىرى
سانجاق - سانجاق
تال باراڭلىق كەڭرى هويلىدا
مېھمان بولدۇق
بەدەشقاننى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ،
داپ، راۋابنىڭ ياڭراق ئاۋازى
باشقىچە يېقىملىق تۇيۇلۇپ ئەجەب
ئۇگە - ئۇگىلەرنى ئېرىتىپ گويا،
يايراتتى بىر شېرىن لەززەت قوينىدا.
قانلار جۇش ئۇرۇپ،
تاپانلار قىزىپ،
قىز - يىگىتلەر ئۆزىنى بېسىپ
ئولتۇرالماي قالدى ئورنىدا.
بىردەمدىلا قىزىپ كەڭ سورۇن،
جەۋلان قىلدى رەڭدار كۆڭلەكلەر،
كېپىنەكلەر،
گۈللەر - چېچەكلەر.
جەۋلان قىلدى
يېڭى تۆرۈلگەن قاۋۇل بىلەكلەر،
ئوتلۇق يۈرەكلەر،
ئارزۇ - ئىستەكلەر...

مەنمۇ ئۆزۈمنى ئۇنۇتقان چېغىم،
قارىسام بىر كەمدە ئولتۇرۇپتىمىز
جەنۇبىي دېڭىزنىڭ بىر قىرغىقىدا،
مىللەتلەر كەنتىنىڭ شىنجاڭ بېغىدا.
56 مىللەت
ئۆز شەكلى
پۈرىقى،
تۆپرىقى بىلەن
گۈللىگەن بۇ كەنتنىڭ كەڭ قۇچىقىدا.
بۇ كەنتنى بىر - بىرلەپ تولۇق ئايلىنىپ،
كۆردۇق بىز گويا
سەددىچىنىنىڭ ئىچى - تېشىنى،
هەر مىللەتنىڭ يۇرت - ماكانىنى؛
ئەزىز ۋەتەنىنىڭ
مىڭلىغان تاغ - دەريا،
گۈلىستانىنى...
مىللەتلەر ئائىلىسى،
مىللەتلەر بېغى،
مىللەتلەر سارىيى ۋەتەن ئەسلىدە.
هەر مىللەت گۈل،
ئوخشاش ئەتىۋار
هەر تەرەپتە ئېچىلىپ - يايراپ
پورەكلىگەن باهار پەسلىدە.

92 - يىل 24 - نويابىر، شېنجېن.

① شېنجېندىكى جۇڭگو مىللەتلەر ئۆرۈپ - ئادەت، مەدەنىيەت كەنتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## سىز بىزگە تەۋەرۈك، ئەزىز

— ئىنقىلابىي قۇربان لىن جىلۇنىڭ تاغىسى ھەم سەبدىشى لىن خۇەنپىڭ ئەپەندىگە①.

ئالدىمىز چېتىگە كۆز يەتمەس دېڭىز،
ئارقىمىز لىمونزار،
يېشىل تاغ ئېگىز.
چۆرىمىز رەڭمۇ رەڭ دەرەخلەر، گۈللەر،
سايرىشار ۋىچىرلاپ قۇشلار تىنىمسىز.

ئولتۇرۇپ چىملىقتا،
پالما تۈۋىدە
مۇڭداشتۇق تونۇشۇپ ئۇزاق ئىككىمىز.
تىلغا ئېپ لىن جىلۇ نامى - ئىسمىنى،
ئېيتتىڭىز خۇددى بىر تونۇش قىسسىنى.
ئىكەنسىز ئۇ بىلەن قېرىنداش،
سەبداش
سىز بىللە بىلگەن قىلىچ بىسىنى.

چاغلىدىم بىز قىزىق مۇڭداشقانسېرى
سىزنى مەن بارغانچە يېقىن ۋە ئەزىز!

سىز بىزگە بېغىشلاپ پۈتتىڭىز نامە،
ھەم تەقدىم قىلدىڭىز بىر دىن بېيت — نەزمە.
ئوقۇدۇق زوقلىنىپ، ھەر مىسرا - سۆزدە
يالقۇنلۇق مۇھەببەت،
دەرياچە مەنە.
بىلىنىپ قالدىڭىز تونۇشقانسېرى
سىز بىزگە بارغانچە تەۋەرۈك،
ئەزىز!

92 - يىل 29 - نويابىر، شىنجېن.

**ئابدۇللا سۇلايمان**

# ھەر يۇرتنىڭ بەرگىمدە بىھېساب قەترە

## كەڭلىك تۈيغۇسى

ئوت ھارۋا ئۇچۇپ بارار مەنزىل تامان،
تاغ - دالا، شەھەر قالدى كەينىمىزدە.
دۇنيانى ماڭماقتىمىز كۆرۈپ بىر - بىر،
زەپ شېرىن تۈيغۇلار بار ھەممىمىزدە.

(①) 82 ياشلىق لىن خۇەنپىڭ ئەپەندى گۇاڭشى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى قاتارلىق بىر مۇنچە مۇھىم ۋەزىپىلىرى بار، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدا داڭلىق زات ئىكەن، ئۇ لىن جىلۇدىن 2 ياش چوڭ بولۇپ، لىن جىلۇنى يىپونىيىگە باشلاپ بېرىپ، 1931 — 1933 - يىللىرى ئۇنىڭ بىلەن يىپونىيىدە بىللە ئوقۇغان ئىكەن، مەن ئۇ كىشى بىلەن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجېن ئىجادىيەت ئانىلىسىدە تونۇشۇپ قالدىم.

ئۆزۈلگەن سىگنال بىلەن كىردى پويىز
پايانى ئۇيۇق سۆيگەن يېشىللىقتا.
كېسىشكەن رەڭلەر ئۇندا تۇپراق سۆيۇپ،
يېپىنىپ تۇمان پەردە شۇنچە يۇپقا.

نە دەرەخ، يوق بىر تالمۇ ياۋا گىياھ،
مايسىلار بىخ چىقارغان ئېتىزلىقتا.
ئېتىزلار قىر ـ توسمىسىز پەقەت ـ پەقەت،
تۈزلەنگەن، پەرۋىشلەنگەن سىلىق ـ سىپتا.

كېڭەيتتى بۇ ھال كەڭلىك تۇيغۇمىزنى،
تىكەنلىك چېگرا ـ پاسىل ئەسكە چۈشۈپ.
تالايلار بەدەل بەردى پاسىل ئۈچۈن،
ئۆمرىنىڭ گۈلى كۆلمەي، تېگىپ ئۈششۈك.

نەقەدەر ياخشى ئىدى قىرسىز ئېتىز
تۇتاشسا بۇ قۇتۇپتىن ئۇ قۇتۇپقا.
ئۆتسىمىز ئىنسان تويماي كەڭلىكلەرگە
تەلپۈنۈپ شۇنداق سەھەر، كەچ ئۇيۇققا.

## پولات گۈلى

گۈل تولا باغچىلاردا، ئېتىز، تاغدا،
تەبىئەت شۇنچە ئېسىل گۈلدىن پۈتكەن.
يولدا گۈل، قوللاردا گۈل، ئۆيلەردە گۈل،
بۇ ھايات گۈل ئىچىدە كۈلۈپ ئۆتكەن.

گۈل كۆردۈم باۋشەندىكى① پېچ قويىندا،
ئوخشىماس تەشتەك ياكى باغدىكىگە.
ئوخشىماس يازدا كۈلۈپ، كۈزدە سولغان
ئېتىزلىق ياكى ئېدىر، تاغدىكىگە.

ئاتىدىم ئۇنى «پولات گۈلى» دەپلا،
يىلتىزى مېھنەت، غولى ئوتنى ئەمگەن.
پورىكى شۇنچە قىزىل، تاۋلىنىشتا
ھارارەت جەڭگاھىغا چۈشۈپ يەڭگەن.

تۇۋىدە كۆرمىدىم ھېچ باغۋەنىنىمۇ،
ئېچىلار ئۆزگىرىپ ئۇ نەچچە تۈرلۈك.
گاھىدا ئاقسا چاناق ـــ نۇنى بويلاپ،
گاھىدا نۇر يېپىنىپ بولار سۈرلۈك.

تۆت پەسىل ئۇنىڭ ئۈچۈن دەملىك پۇرسەت،
گۈللەيدۇ مېۋە بېرىپ ھەم تارقىتىپ.
ئۆيلەرنى دالىلارغا، قىرنى ئۆيگە
قويىدۇ مېھرى ئۇنىڭ مەھكەم چېتىپ.

گۈل تولا، «پولات گۈلى» ئاندىن تولا،
باۋگاڭدا كۆردۈم ئۇنىڭ ئۆرنىكىنى.
قەلبىمنىڭ ئاپپاراتى تارتتى تولۇق،
ئۇندىكى مېھنەت، ئىجاد كۆركىنى.

1992 ـ يىل 5 ـ نويابىر،
شاڭخەي ـ باۋگاڭ.

## كۆۋرۈك تەزكىرىسى

سېلىنىپدۇ دىلدىن دىلغا
سۆيگۈدىن كۆۋرۈك.
ئۇ ياق ھىجران، بۇ ياق ۋىسال،
ساداقەت تۈۋرۈك.

ياسىلىپدۇ كۆۋرۈك يەنە
دېڭىز، دەرياغا.
تۇتاشتۇرۇپ تار بىر يۇرتنى
كەڭرى دۇنياغا.

① باۋشەن ـــ شاڭخەي پولات ـ تۆمۈر باش زاۋۇتى.

شۇنداق كاتتا كۆۋرۈك كۆردۇم
يېقىندا بىر جۈپ.①
بىرى كۆككە، بىرى سۇغا
سەكرىگەن شۇڭغۇپ.

بىرى نەچچە قەۋەت، ئۇ ھەم
بولۇتنى سۆيگەن.
ئاسما زەنجىر ھالقىسىدا
ئاي، قۇياش كۈلگەن.

تۇك شوتىسى سەيلىچىنى
تارتسا ئۆزدىگە؛
قىلغان ئەقىل - ئىدرەكنى جەم
بەستى، يۈزدىگە.

ئۇ بىلەن تەڭ چىقىپ يولچى
گويا ئەرشكە،
سالار نەزەر ھاياجاندا
قايناق پەرشكە.

بىرى ياتقان زور ئەجدىھا
دەريا ئۈستىدە.
ئۈندىن ئۆتەر ئوت ھارۋىلار
كۈندۈز - كېچىدە.

ئۇ ياسالغان ئىككى قېتىم،
قىسمىتى بەك كۆپ.
تالاي ئاياز - يازنى ئالغان
بىر ئۆزى كۆتۈپ.

ئىجادچىسى بۇ كۆۋرۈكنىڭ
تۈنجى شەرقلىق.
ھېكمەت پۈتكەن باشقىلاردىن
بولۇپ پەرقلىق.

پارتلاتقان شۇ ئىجادچى
كۆۋرۈكنى كېيىن.
قەدەم باسقاچ ياۋ ئۈنىڭغا،
بوپ ئەلگە قىيىن.

ئازابلىنىپ قەلبى ئۈنىڭ
ئارماندا كەتكەن.
سېلىنىپ شۇ ئىزغا كۆۋرۈك
بۈگۈنگە يەتكەن.

ئۆتكىنىم دەل بىر جۈپ كۆۋرۈك،
باردۇر خاسلىقى.
ئىككى شەھەر — شاڭخەي - خاڭجۇ
كۈلگەن ياشلىقى.

ئىككى كۆۋرۈك — ئىككى ھېكمەت،
بەلگىسى ئەلنىڭ.
سۈرىتىدۇر قامىتى تاغ،
توققۇزى تەلنىڭ.

باشلانمىسى بۇ ئەتىكى
سەپەرنىڭ تېخى.
ئىنسان كامىل قۇچقۇشقا شان،
ئانا يۇرت سېخى.

1992 - يىل 7 - نويابىر،
شاڭخەي- خاڭجۇ.

## ئەدەبىيات مىللىتى

— جېجياڭ ئۆلكىلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئاتاقلىق ئايال يازغۇچىي ۋېنلىنىڭ بىز بىلەن كۆرۈشكەندە: بىز ئەدەبىياتچىلار بىر مىللەت، يەنى ئەدەبىيات مىللىتى، دېدى.

شۇنداق، بۇ سۆز دېيىلدى ئورۇنلۇق،
ۋەزنىدە ھېكمەت پارلاپ تۇرۇقلۇق.
ئىنسان روھىنى كۆرسىتىدۇ ئۇ،
ئالتۇن - جاۋاھىر ئەلگە سۇنۇغلۇق.
بولسا تىل باشقا، تۇيغۇدا ئورتاق،
گۈزەللىك ئاڭا قۇياش - يورۇقلۇق.

① شاڭخەيدىكى جەنۇبىي خۇاڭپۇ چولاق كۆۋرۈكى، خاڭجۇدىكى چيەنتاڭجياڭ كۆۋرۈكى.

پەرۋانىدۇر ئۇ ئالەم غېمىدە،
ئۇتقا ئۆزىنى دائىم ئۇرۇغلۇق.

تاشلايدۇ چۈۋۈپ ساختا ـ جالىقىنى،
كىم رەقىب بىلىپ ھوشيار تۇرۇغلۇق.
ئۇ بىر ئەينەكتۇر، كۆرۈنەر ھەممە،
دەۋر ئالدىغا تىكلەپ قويۇغلۇق.

ئۇ يازغان تۇرمۇش بارچىغا ئورتاق،
روھ ئېتىزىغا چۈشكەن ئۇرۇقلۇق.
ئايرىماس مىللەت دىلنى قېرىشتا،
ئېگىمدا ئالەم ـ ئوكيان ـ قۇرۇقلۇق.

مەغرىپتە كۈلسە بىرى، تەڭ كۈلەر،
قەلبىگە دوستلۇق مەھكەم ئۇيۇغلۇق.
بۇ ئىبسىل تەرىپ شۇڭا خاس ئاڭا،
بۇ خاسلىقىتا بار كەمتەر، ئۇلۇغلۇق.

92 ـ يىل 9 ـ نويابىر، خاڭجۇ.

## ئەقىدە ناخشىسى

پەلەككە تاقاشقان ھەر چاسا بىنا،
خاڭجۇنىڭ بازىرى بەك قايناق، ئاۋات.
ھەممىدە تۇرمۇش، ئەتە ئۈچۈن كۈرەش،
بەزىلەر غەملىك بۇندا، كۆپلىرى شاد.

بىنادىن ئادەملەر كۆپ، بىنا ئاندىن،
يوللاردىن يول كېلىدۇ يول قوشۇلۇپ.
قوۋبىسىزمەسچىت ① تۇرار يول بويىدا،
كەچكى كۈن نۇرى بىرلە تەڭ يۇيۇلۇپ.

ئەسلىتەر مېھراب، كۈلبە، ئابىدىلەر
ئېتىقاد، ئەقىدىگە سالغان ئۆلنى.
ئەسلىتەر ھەربىر بېزەك قاپارتمىلار
دۇئاغا كۆتۈرۈلگەن لەكمىلىك قولنى.

رىۋايەت قىلىدىكەن؛ سۇمۇرغ قۇشنى
ياشايدۇ مىڭ يىل، كېيىن كۆيۈپ مىڭ
يىل②.
ئارقىدىن ئوت ئىچىدىن سايراپ چىقار،
ئاۋازى شۇنچە ياڭراق، شۇنچىلىك زىل.

ئەجەب ـ ھە، ئاشۇ سۇمۇرغ قۇشىنىڭ نامى
بۇ مەسچىت ئۈچۈن بولغان مۇبارەك ئات.
ئېتىقاد ياشار شۇنداق ئۆزلىمەستىن،
ئۆتسىمۇ تالاي ئەسىر يېپىپ قانات.

بويىدا يولنىڭ «سۇمۇرغ مەسچىتى» بار،
ئالدىدا قىزىق بازار، شۇنچە ئاۋات.
ئېتىقاد كېزەر سۇمۇرغ كەبى ئەركىن،
ئاردىلىقى ئۇنىڭ ھايات بىرلە مامات.

1992 ـ يىل 10 ـ نويابىر، خاڭجۇ.

## شىخۇ كۆلىدىن خاتىرە

شىخۇنى ئايلاندىم قانغىچە،
قۇياش تاغ كەينىگە يانغىچە.

جۈپ قولۋاق پۈتۈمغا بولدى كەش،
كىردىم بۇت ئويۇلغان تامغىچە.

ئاق قۇلار ئەگەشتى ئىزىمدىن
تەڭ ئۈزۈپ سەھەردىن ـ شامغىچە.

بېلىقلار مېھرىمگە قېنىشتى
ئىنتىلىپ تاشلىغان نانغىچە.

① خاڭجۇدىكى «سۇمۇرغ» مەسچىتى،
② گونىزرونىڭ «قېتىقچىلار پاراغىتى» ناملىق قېشىرىغا ئىشارە قىلىندى،

جىلۋە ـ ناز قىلدى سۇ پەرىسى
ئىشقىنى ئۆتكۈزۈپ جانغىچە.

ئارامگاھ بولدى گۈل راۋىقى،
مەي ئىچتىم لىۋىمدىن تامغىچە.

مەستلىكتە بۆلدۇم بۇ زور كۆلنى
ئايرىپ بىر، ئىككى، ئۈچ سانغىچە.

بىرىنى دەرۋىشكە تەقسىملەپ،
بەرگەندە خۇش بولدى ھەسسىلەپ.

راۋاقلىق كېمىگە چۈشتى ئۇ،
ئۇرۇپ تېز پالاق، گاھ تەمتىلەپ.

بىرىنى بەرگەندە جۈپ ياشقا،
قىلدى ھېس ئالغاندەك شان ـ شەرەپ.

چالدى شوخ گىتارنى يىگىت تەڭ،
تىڭشىدى زوقلىنىپ ھەر تەرەپ.

ئۈينىدى قىز چاقماق ئۇسسۇلى،
نىلۇفەر گۈلىدەك ئەركىلەپ.

بۇ كۆلدە ئۈينايمىز توي، دېدى،
كەلسەڭ دەپ يېنىمشتا پەتىلەپ.

يېنىمدا سەييارە ئادىمى،
بىرىنى قىلدى ئۇ چىن تەلەپ.

مەن دېدىم: شەرقىي كۆل ساڭا خاس،
دېدى ئۇ: ئۆي تۇتسام ئەتىلەپ.

ئاي قىزى كېلىندۇ سەھەردە،
يۇرمەيمەن يېگانە، ئەنسىرەپ...

تۆگەتتىم تەقسىملەپ شىخۇنى،
بەرمەي كىم كەلسىلا نەپ تىلەپ.

شىخۇغا قىلغان بۇ سەپەردە
يېشىلدىم مەستلىكتىن سەھەردە،

ئالدىم سۇ ئۈچ كۆلدىن ئۈچ ئاپقۇر،
قايتقاندەك جەڭگاھتىن زەپەردە.

ئۆتكۈزدۈم سۇ چېچىش بايرىمى
يېزىدا، تاغلاردا، شەھەردە.

بۇ بايلىق، شان ـ شەرەپ سۆيگە
قانار كىم، بولمىسۇن قەيەردە.

سالقىنلاپ چاڭ ـ توزان يوللارمۇ،
سەپەرچى قالمىغاي خەتەردە.

ئۇز بولغاي ھەممە يەر شىخۇدەك،
قەيت قىلدىم ئۇنى بۇ ئەسەردە.

1992 - يىل 12 - نويابىر،
خاڭجۇ ـ شىخۇ كۆلى.

## لۇشۇن بىلەن ئىككىمىز

1

لۇشۇننىڭ ئۆيىنى قىلىپ زىيارەت،
كەزگەندە چىمەنباغ، ھويلا ـ ئارامنى؛
ھەر بىر تۈپ گۈل ـ گىياھ ئېگىلىپ ماڭا،
ئەيلىدى چىن قوبۇل ھۆرمەت ـ سالامنى.
ئىشىكتىن ئىشىككە ئۆتكەندە ئاستا،
بىر ئۇزۇن مۇساپە باسقاندەك بولدۇم.

ئەدىبنىڭ ئۆسمۈرلۈك قوۋناق چېغىدىن
سەبىيلىك ۋاقتىمغا قايتقاندەك بولدۇم.
ئاددىيلىق ئىچىدە ئۇلۇغۋار سىيما،
بۈيۈكلۈك ئىچىدە شۇنچە ساددىلىق.
ئىزدىنىش دېڭىزى تامان ئۆزۈمنى
ھېس قىلدىم پىلتىڭلاپ ئۈزگەن شوخ بېلىق.

ئۇچرىدى بۇ دېڭىز تەكتىدىن ماڭا
گاھىدا خادا تاش، گاھى خىلۋەت جاي.
قىلىشتى گاھىدا لەھەڭلەر خىرىس،
گاھىدا كۆز قىستى كۈلۈپ تولۇن ئاي.
بۇ دېڭىز تاشلىدى مېنى قىرغاققا،
دەھشەتلىك دولقۇننى ئۇرۇپ - لەيلىتىپ.
تېڭىرقاش ئىچىدە ساماۋي خىيال،
گاھىدا پىنھاندا يۈردۈم سەيلىتىپ.
سەيلىلەر، بېھوشلۇق چۆچۈتۈپ مېنى،
تۇتۇندۇم روھىمغا تاپقىلى ئوزۇق.
دېڭىزنىڭ قىرغىقى تىك ۋە تېيىلغاق،
توۋلىدىم بەزىدە ياڭراق، گاھ بوغۇق.
بۇ دېڭىز، ياق، لۇشۈن باسقان يوللاردىن
ئۆزۈمنىڭ ئىزىنى ئەتكەندە پەرق؛
ئېڭىمدا يۈز ئاچتى قايرىپ پەردىنى،
قايغۇسى، شادلىقى بار قەدىم شەرق.

2

كىرگەندە لۇشۈننىڭ خانىسىغا مەن،
ئۇ يېزىق ئۈستىلى ئالدىدا ئىدى.
قىزغىنلىق باغلىغان ئوتلۇق رىشتىنى،
(كېلىشىم ئۇنىڭكى ئېسىدە ئىدى.)
پاراڭلار باشلىنىپ شۇنچە مەزمۇنلۇق،
جەڭگىۋار كۈنلەرنى ئېلىشتۇق ئەسكە.
(دىلىمىز تونۇغاچ بىر - بىرىمىزنى،
سۆزلىشىش ھەرگىزمۇ چۈشمىدى تەسكە.)

ئۇ دېدى: دۇنيادا روھىي ئاچلارنى
يۆلەشتىن ئارتۇقچە بەخت تېپىلماس.
قول تۇرۇپ، قۇللۇقنى كىم قىلمىسا ھېس،
شۇنىڭكى بىر ئۆمۈر گۈلى ئېچىلماس.
يەتكۈزدۇق شىپالىق روھى بىمارغا،
بۇ پاجىئە بەرمىسۇن روي دەپ قايتىدىن.
ئۇز، سەتلىك تەڭ مەۋجۇت جېمى ئالەمدە،
چىقاردى بەزىلەر ئۇنى يادىدىن...
مەن دېدىم: بىزدە بار روھىي غالىبلار،
ئاكيو① ئىزىدىن قەدەم باسقانلار.
ئەجدادى نامىنى قىلىپ پەر— ياستۇق،
ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىپ ياتقانلار.
يۈسۈپ ۋە مەھمۇدتىن سۆزلەپ ھارغىچە،
«ئۇنىڭدەك ئالىمى كىمنىڭ بار» دەيدۇ.
شۈكرىگە ئۆگىتىپ بىرى بىرىنى،
ئەتىگە ياراتقان ئىگەم يار، دەيدۇ.
سۆھبەتلەر قىزىدى يورۇق خانىدا،
ئەدىبنىڭ ھەر سۆزى ئىدى بىر مەلھەم.
بۇ مەلھەم ئاچچىق ۋە شۇنچىلىك ئۆتكۈر،
نادانغا ئىشارە، كارۋانغا زەمزەم.
ئەدىبنىڭ مېھمىنى بولدۇم ئارقىدىن،
كۇڭ يىجى② يېنىمغا كەلدى مەي تۇتۇپ.
شۇ سېرىق ھاراقنىڭ لەززىتى بىرلەن
مەست بولدۇم، ھەممىنى بىردەم ئۇنۇتۇپ.

3

لۇشۈننىڭ ئۆيىنى قىلىپ زىيارەت،
تەسىرات، ئىلھامغا تولدى ۋۇجۇدۇم.
يېيىپ جۇپ قاناتنى شاۋشىڭدىن شۇ دەم،
تەڭرى تاغ باغرىغا ئۇچتى ئوي قۇشۇم.
دەريالار ئۈزۈلمەس كۈمۈش لېنتىدەك،
تاغلار شۇ لېنتىنىڭ گۈلى - زىننىتى.

① ② لۇشۈن ياراتقان پېرسوناژلار.

بۇ ئۇزۇن مۇساپە بىر دەقىق پۇرسەت،
ئۇچماقلىق كۆڭلۈمنىڭ مەيلى - رىغبىتى.
بارماقتا ئېلىپ بۇ قۇش بىر ئۇچۇردى،
ئۇنىڭدا ئەتىنىڭ ئىشارىتى بار.
دۇنياغا نەزەر سال، قەدىرلىك يۇرتداش!
دېگەن دىل - قەلبىمنىڭ بېشارىتى بار.
ئۇچماقتا قۇش يېيىپ تالماس قاناتىنى،
قىلدۇ ئۇ ئادا بۇرچىنى تولۇق.
ئارمانلار دەرمانغا بېرىدۇ غەيرەت،
دەرماندىن بۇ ئالەم بولار يوپيورۇق.
1992 - يىل 13 - نويابىر،

شاۋشىڭ - خاڭجۇ.

## غار ئىلھامى

ئايلىنىپ كۆرگەندە ياۋلىڭ غارىنى،
قىلدىما مىڭ كۆز ۋۇجۇدۇم بارىنى.
ماگمىلار قاتقان ئېسىل تۈۋرۈك بولۇپ،
كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېگىز تاغ زارىنى.
ئۆرلىدىم غار ئىچرە گاھى كۆك تامان،
گاھىدا دەسسەپ تۆۋەندە لالىنى.
چوقچىيىپ ئالدىمنى توستى تىك قىيا،
ئۆتكىلى تاپ دەپ ئۆزۈڭ بىر چارىنى؛
بولدى زور غەيرەت مېنىڭ ئەگكۈشتىرىم،
ئۇ بىلەن باسقاندا مۇز تاغ قارىنى،
تاغ يېشى چۆمدۈردى بەھرىگە تولۇق،
قوينىغا چىللاپ گويا گۈل يارىنى.
تارىدى سۇمبۇل چېچىنى پەرىلەر،
ساقلىشىپ ئىپپەت - نومۇسى - ئارىنى.
مەن شۇدەم ھېسسىمدا بىر «ئادەم ئاتا»،
تىترىتىپ ئۆتتۈم «ھاۋا» دېگىل تارىنى.
ئۇچرىدى غاردا يەنە ۋۇكۇڭ① خۇشال،
قوغلىغان جىنلارنى، جىلغا مارىنى.②

لاپ ئەمەس كۆردۈم بۇ غاردا مۆجىزات،
كىشىلەر قەلبىگە مەلھەم دارىنى.
بىرلىشىپ بۇندا تەبىئەت ھەم ۋاقت،
ۋەسسالام قىپتۇ بۈيۈك ئىش - كارىنى.
ئاپىرىن - تەھسىن دېدىم ئۇزلۇقتا مەن،
سىڭدۈرۈپ قاتىمغا دىل ئەشئارىنى.
1992 - يىل 15 - نويابىر،
خاڭجۇ - ياۋلىڭ.

## قەترىلەر مۇشائىرىسى

ئىنساندا ئورتاقتۇر ھېس - تۇيغۇ،
تۇيغۇلار ئالەمنى ياشنىتار.
تۇيغۇلار ھاياتنىڭ قېنىدۇر،
تۇيغۇدىن يېڭى بىر تاڭ ئاتار.
ھېس - تۇيغۇ ئاقىدۇ ۋۇجۇدتا،
گاھ جۇشقۇن، گاھىدا ياۋاشلاپ.
ھاياتقا كۈلگەن ھەر ئىنساننى
كېلىدۇ ھېس - تۇيغۇ ھاپاشلاپ.

ھېس - تۇيغۇم جۇشقۇنلاپ لەنتىڭدا،
ئېگىمدىن ئۆتتى بۇ سەترىلەر.
قەلبىمدىن ئۇرغۇغان غەزەلنى
قەلبىگە سىڭدۈردى قەترىلەر.

قەدىمدىن بۇ جايدا شائىرلار
كۈيلىشىپ ئۆتكەنكەن ھاياتنى.
ئاققۇزۇپ تارامدا جۇپ قەدەھ،
چىقىرىپ كۈي بىرلە قاناتنى؛

مىسرادىن كۆپلەتقا ئۇل سېلىپ،
سىنالغان ماھارەت، چاققانلىق.
تۈزۈلگەن مىسرا تېز بولسا دەل،
مەنسۇپكەن شۇنىڭغا ئۇتقانلىق.

① ۋۇكۇڭ — سۇن ۋۇكۇڭ. ② مار — يىلان

ئېقىتىپ قەدەهنى سۈزۈك سۇ،
كەلگەندە ئالدىمغا گۈل بولۇپ،
تۇيغۇلار ئوت ياقتى قەلبىمگە،
دىل - قەلبىم پايانى تەڭ يورۇپ.

ئۇلىدىم مىسرالار هالقىسى
تۇيغۇمدىن تۇيغۇلار تۇغدۇرۇپ.
بامبۇكزار سەينادا هېسسىمنى
ئۆزگىگە ئۆزۈمدەك ئۇقتۇرۇپ.

ئوخشاتتىم بۇ سورۇن پەيتىنى
بىزدىكى نورۇزلۇق بەزمىگە.
ئەجدادلار قالدۇرغان نەمۇنە،
بەرمەكتە ئىلهام كۆي - نەغمىگە...

هېس - تۇيغۇم ئاقماقتا ۋۇجۇدتا
قوشۇلۇپ قەدەهتىن تارامغا.
تۇيغۇمغا ئۆزۈم شاه، ئۆزۈم خان،
ئېرىشتىم بىردەملىك ئارامغا.

92 - يىل 17 - نويابىر، خاڭجۇ

ئابدۇسەمەت خېلىل

# ساياهەت تەسىراتلىرى

## قەدىرلىك ئىنسان

شاۋشىڭ دىيارىدا — خىلۋەت هويلىدا،
كۆز تارتىپ تۇرىدۇ قامەتلىك هەيكەل.
يامانغا بىگىزۇ، ياخشىغا ئۆكۈز،
بىر ئىنسان تۇرىدۇ يۈرىكى لەهەل.

ئېلىمنى سۆيگەن ئەر قەدىرلىك شۇنداق،
پارلىغان يۇلتۇزلار ئۆچمەيدۇ پەقەت.
ئۆزىچۇن ياشىغان ئوغلىنى هامان
ئانا خەلق يادلايدۇ ئەبەدىل - ئەبەد.

1992 - يىل 9 - نويابىر، شاۋشىڭ.

## زۇمرەت زېمىن

كۆز ئالدىمدا تىلسىم مەنزىرە،
چىراي ئاچتى ياپيېشىل دۇنيا.
هەيران قالدىم گۈزەللىكلەرگە،
ئاشىق بولدۇم، بولدۇم مەھلىيا.


بۇ ماكانغا سېخىي تەبىئەت
ئاتا قىپتۇ شۇنچە گۈزەللىك.
قوينى ئۇنىڭ توز كەبى رەڭدار،
تېغى باغدەك يېشىل چىمەنلىك.

باغچىسىدا تومەن خىل گۈللەر،
ئۆزەلمىدىم ئۇنىدىن كۆزۈمنى.
هېس قىلدىم مەن خۇددى جەننەتتە
تۇرغاندەكلا شۇدەم ئۆزۈمنى.

زوقۇم كېلىپ باقتىم ئەتراپقا،
يۈرىكىمدە چەكسىز ئىپتىخار.
بۇ خىسلەتلىك يېشىل زېمىندىن
كۆچمەيدىكەن قىشتىمۇ باهار.

1992 - يىل 25 - نويابىر، شېنجېن.

# قاباھەتلىك چۈش



چالالىدىن بەھرام

(پوۋېست)

كىنو تۈگىدى. سابىت ئەپەندى 12 ياشلىق قىزى پەرىدەنى يېتىلەپ كىنوخانىدىن چىقتى. كىنوخانا ئالدىدىكى «كەچلىك قاينام» دەپ ئاتالغان كالتە بازار ئىسمى-جىسمىغا لايىق قايناپ كەتكەنىدى. كاۋاپچىلار، ئۆپكە-ھېسىپچىلار، سوغۇق ئاش ساتقۇچىلار بەس-بەس بىلەن ۋارقىرىشىپ خېرىدار چىللىشاتتى. بەزىلەر ساپ سېرىق تاۋلىنىپ پىشقان توخۇ سانلىرىنى، بەزىلەر گۆش ئۆتكۈزۈلگەن زىخلارنى ئۆتكەن-كەچكەنلەرنىڭ بۇرنىغا تەڭلەيتتى. سابىت ئەپەندى قىزىغا بىر نەچچە زىخ كاۋاپ ئېلىپ بەرمەكچى بولۇۋېدى، قىزى زادىلا ئۇنىمىدى.

— دادا ئۆيگە تاكسىغا چۈشمەي، پىيادە كېتەيلى، — دېدى قىزى ئەركىلەپ، — ھاۋا يېگەچ شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىمىز، ئاسمانغا قاراپ يۇلتۇز سانايمىز...

— يۇلتۇز سانايمىز؟! — سابىت ئەپەندى كۈلۈۋەتتى، — ئاي قاراڭغۇسى تۇرسا، نەدىكى يۇلتۇزنى سانايمىز، قىزىم؟

— كەچۈرۈڭ، دادا، ئۆيگە بارغۇچە يۇلتۇزمۇ چىقىپ قالار، — دېدى پەرىدە ئاسمانغا قاراپ قويۇپ.

سابىت ئەپەندى قىزىنىڭ رايىغا بېرىپ پىيادە كەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا تۆت كوچا جەينىكىدىكى ساقچى بوتكىسى ئالدىغا توپلىشىۋالغان ئادەملەرنى كۆرۈپ قالدى. توپ بىردە بىر تەرەپكە دولۇلدەپ يىغىلسا، بىردە ھاڭۋاقىنىچە قاقاقلىشىپ كۈلۈشەتتى. سابىت ئەپەندى بۇنداق سورۇنلارغا ئامراق بولۇپ، بۇنداق قايناملاردىن ئۆزىگە كېرەكلىك ئىنجۇ-مارجانلارنى ئىزدەيتتى. سوقۇشۇۋاتقانلارنىڭ ھەر خىل تىللىشىشلىرى ياكى جېدەلخور مەستلەرنىڭ ئالا-تاغىل ۋارقىراشلىرى كىشى

نى ئەينەك ئۆۋىندىلىرىنى چاينىۋاتقاندەك بىئارام قىلغىنىنى بىلەن بۇنداق ئەينەك
ئۆۋىندىلىرى ئىچىدىن ئاي چاقنايدىغان مەرۋايىت پارچىلىرىمۇ ئۇچۇراپ قالاتتى.
سابىت ئەپەندى قاڭدالغان سوقما تامدەك سانجاق ئادەملەر توپىغا كىرەلمىدى.
ئۇ قىزنىڭ ساقچى بوتكىسىنىڭ پەشتىقىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، توپ ئارىسىغا سىغ-
دىلىپ كىردى. بوينىنى سوزۇپ توپنىڭ ئوتتۇرىسىغا قارىدى. ئۇ يەردە چىرايلى-
رى تاتىراڭغۇ، ئەللىكنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان بىر جۈپ ئەر-خوتۇن تۇرات-
تى. ئۇلارنىڭ ئالدىنى چاچلىرى چۇۋۇق، كىيىملىرى پاسكىنا بىر قىز توسۇۋالغا-
نىدى. قىز بەلكىم سارالڭ بولسا كېرەك، بىردە قاقاقلاپ كۈلسە، بىردە نېمىلەر-
نىدۇر دەپ ۋارقىرايتتى. ئۇنىڭ ئېتەكلىرى لاي، يىرتىلغان يەڭلىرى جەينەك ئاس-
تىدا پۇلاڭلاپ تۇراتتى.

— قانداق، مەن بىلەن بىر ئويناپ قوي... مەن دېگەن ياش ھەم چىرايلىق،
قارا، — دېدى قىز ياقىسىنى قايرىپ. ئۇنىڭ يۇمران، ئاپئاق كۆكسى يېرىمىغىچە
ئېچىلىپ قالدى، — كۆكسۈم تېخى قول تەگمىگەن ئالمىدەك...

— سەن... سەن...، — ئەر غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى، — ھەددىڭدىن ئاشما، مەن
دېگەن سېنىڭ داداڭ! بىلەمسەن داداڭ!

«مەن سېنىڭ داداڭ» دېگەن سۆزنىڭ چىقىشى بىلەن تەڭ لاۋۇلداپ يانغان
يانغىن ئۈستىگە سۇ تۆككۈلگەندەك ئالىمان ئارىسىدا بىردىنلا جىم-جىتلىق ھۆكۈم
سۈردى-دە، ھەممە كۆزلەر كېلىشىۋالغاندەكلا ھېلىقى ئەرگە، ئۇنىڭ قېشىدىكى
قورچاقتەك ياسىنىۋالغان ئايالغا مىختەك قادالدى. سابىت ئەپەندىنىڭ يۈرىكى قار-
تىلداپ توپ ئارىسىغا سىغدىلىپ كىردى.

— داداڭ؟! — سارالڭ قىز ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئاسمانغا ھاڭقىيىپ قارىدى
ۋە «داداڭ... داداڭ» دەپ ئاستا پىچىرلىدى، ئاندىن بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈ-
ۋەتتى، — سەن... سەن مېنى ئالدىما... مەن... مەن دېگەن ھارامدىن بولغان،
ئاڭلاۋاتامسەن يىگىت، ھارامدىن بولغان... دادام... دادام يوق... بولغانمۇ ئەمەس!

قىز ئاسمانغا قاراپ قاتتىق كۈلدى. كۈلگەنسېرى ئۇنىڭ قاسماق ۋە مەينەت
يۈزلىرى ئۆزگىرىپ باشقىلا بىر قىياپەتكە كىرىپ قېلىۋاتاتتى. قىز بىردىنلا ئەرنىڭ
يېنىدىكى قاشلىرىنى چىكىلىرىگىچە بوياپ، يۈزلىرىگە ئۈپا-ئەڭلىكنى بولدى دېگۈ-
چە سۈرگەن بولسىمۇ يەنىلا پادىچىنىڭ مىس چۆگۈنىدەك قارىيىپ تۇرغان ئايالنى
بىگىز قوللىرىدا كۆرسىتىپ يەنە ئەرگە ھۆرپەيدى:

— سەن... سەن مۇنۇ موميىڭدىن قورقۇۋاتامسەن؟ موميىڭ گەدىنىڭگە مىنىۋ-
الدىما؟ قورقما... كېلە... كېلە، سۇمباتلىق يىگىت، مېنى بىرنى سۆيۈپ قوي...

— ھەي رەسۋا بۇزۇق! — ئايال ئالدىغا سەكرەپ چىقتى. 45 ياشلار چامى-
سىدىكى بۇ ئايال ياش ھەم سۇمباتلىق كۆرۈنەتتى، — مېنى بارغۇ سەندەك قىزلار-
دىن چارە كۆرگەچكە ئىككى بالام كۆزىگە كۆرۈنمەي ئاغرىقا تاڭغان. سەن تېخى
مېنى موماي دەيسىنا، سەنچۇ قارا ئەسكى-تۇسكى يېغىپ ساتىدىغان ئېلىشما ئاناڭنىدە.

قىز قاتتىق بىر چىرقىراش بىلەن تەڭ ئايالغا ئېتىلدى. ئەسەبلەرنى سىر-قىرىتىۋەتكەن بۇ چىرقىراشتىن كىشىلەر چۆچۈپ كېتىشتى. كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئايالنىڭ يۈزىدە خۇددى ئاقتامىلىقتىكى تىرنا ئىزىدەك بەش بارماق ئىزى پەيدا بولدى. ئايال دەھشەتلىك ۋارقىراش بىلەن ئارقىغا يىقىلدى. ئەرمۇ قورقىنىدىن كەينىگە داجىدى. قىز ئوتقاشتەك يانغان كۆزلىرىنى كىشىلەرگە بىر-بىر تىكىپ قاتتىق ھاسىرىدى. ئادەملەرمۇ گويا ھېلىلا ئۆزلىرىنىڭ كۆزلىرىنى ئويۇۋالىدىغان-دەك تۇرغان ئۇنىڭ كىرىشكەن بارماقلىرىغا قارىغىنىچە ئالاق-جالاق بولۇپ ئارقى-لىرىغا داجىشتى. پۈتۈن ۋۇجۇدى غەزەپ ئوتىدا لاۋۇلداپ يانغان قىز شىردەك ئېتى-لىپ كىمنىدۇر بوغىدىغاندەكلا قىلاتتى.

— ھاۋانىسا... — قىزنى تونۇپ قالغان سابىت ئەپەندى ۋارقىرىۋەتتى، — ھاۋا... سىز...

تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋازدىن ئادەملەر سابىت ئەپەندىگە قاراشقاندەك قىلدى-يۇ، لېكىن سامان تىققان تاغاردەك چىڭقىلىپ تۇرغان توپ ئۇنىڭغا يول بەرمىدى. قىز بىرلا قايرىلىپ ھېلىقى ئەرگە قەدەممۇ-قەدەم يېقىنلاشتى...

— قېنى مېنى سۆيۈپ قوي ياكى مىجەزىڭ زەئىپ بولغاچقا، قىزلارغا رايىڭ يوقمۇ؟ ئەمىسە مەن سېنى سۆيۈپ قوياي.

قىز كەلگىنىچە ئەرنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ ئىككى قولىنى بىر-بىرىگە چىڭ كىرىشتۇردى-دە، پۇتلىرى بىلەن ئۇنىڭ بېلىگە چىماق سېلىپ خۇددى قاپقاندەك چىڭ قىسىۋالدى. ئەر ۋايجانلىغىنىچە بىر دەم خارقىراپ، بىر دەم پۇشۇلداپ قىز-نى ئۆزىدىن ئاجرىتالمىدى. قىز ئەرنىڭ بوينىنى غاچلا قىلىپ چىشلىدى.

— ۋايجان! — ئەر غەلىتە ۋارقىرىدى.

سابىت ئەپەندى قورقۇپ كەتتى. قىزنىڭ مۇشۇ ئەسەبىيلىكىدە ئەرنىڭ گۆرەن تومۇرىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. سابىت ئەپەندى پەرىدەنىڭ «دادا!» دەپ يىغلامسىراپ ۋارقىرىشىغىمۇ قارىماي توپنى يېرىپ مەيدانغا كىردى-دە، ھاۋانىسانىڭ كىرىشىپ كەتكەن چىشلىرىنى بارماقلىرى بىلەن ئاران ئاجراتتى. ئەر قانغا بويالغان بويۇنلىرىنى تۇتقىنىچە يىقىلىپ-قوپۇپ توپ ئارىسىغا قاچتى. ئاغزىدىن قىپقىزىل قان ساقىپ تۇرغان ھاۋانىسا ئورنىدىن سەنتۈرۈلۈپ تۇرۇپ سول قولىنى ئېگىز كۆتۈردى:

— مەن هارامدىن بولغان... ھا... ھا... مەن دېگەن ھاراملىق... ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ... ھەممىسى بەربىرغۇ!

قىزنىڭ ئاۋازى بارا-بارا پەسىيىپ يەرگە گۈپپىدە يىقىلدى. سابىت ئەپەندى ئۇنى يۆلەپ قۇچىقىغا ئالدى.

— ھاۋا... ھاۋانىسا... بۇ... بۇ مەن...

— ھەي بۇ سابىتجان ئەپەندىغۇ، ئاغزىڭلارنى يىغىڭلار، — دېدى بىر يىگىت چاقچاق ۋە مەسخىرە قىلىۋاتقانلارنى جىمىلەپ. كىشىلەر ئارىسىدىن «ھە، ھە، ھې

لىقى ئاتاقلىق يازغۇچى شۇكەن» دېگەن پېچەرلاشلار ئاڭلاندى. شۇ ئەسنادا سابىت ئەپەندىگە ياردەملىشىش ئۈچۈن بىرنەچچە ياش يىگىت يېتىپ كېلىشتى.

— يىگىتلەر، — دېدى سابىت ئەپەندى، — قېنى كىرا ماشىنىسىدىن بىرنى چاقىرىپ كېلىڭلار، قىزنى ئېلىپ كېتىمەن.

يىگىتلەر يۈگۈرۈپ كېتىشتى. سابىت ئەپەندى قىزنىڭ يەردە چۇۋۇلۇپ ياتقان ئۇزۇن چاچلىرىنى يىغىشتۇرغاچ ھېلىقى ئەر-خوتۇنغا قارىدى. ئايال كۆزلىرىنى ئالايتقىنىچە خىرتىلداپ تۇپ ئايىغىدا كىرپىدەك تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى. ئەر بولسا، بارماق ئارىلىقلىرىدىن قان ساقىپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بويىنىنى تۇتقىنىچە تۆمۈردەك كۆكىرىپ تۇراتتى.

— پوش، پوش، قېچىڭلار ئاغىنىلەر.

يىگىتلەرنىڭ ئاۋازى بىردەك ياڭرىدى. سانجاق-سانجاق ئادەملەر تۇپ-تۇپ بۆلۈنۈپ يول ئېچىلدى. مەيدانغا ئاپئاق بىر بولكۇاي كىرىپ كەلدى. سابىت ئەپەندى قىزنى دەس كۆتۈردى. يىگىتلەرمۇ ئۇنىڭغا ياردەملەشتى. قىز يەنە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئىڭرىغىنلى تۇردى:

— مەن ھارامدىن بولغان... مەن ھاراملىق...

سابىت ئەپەندى ھېلىقى ئەرگە كۆزلىرىنى خەنجەردەك تىكمۈدى، ئۇ شۇ زاات يەرگە قارىۋالدى.

* * * *

يۈز ۋە بويۇنلىرى جاراھەتلەنگەن ئەر-خوتۇن توپ ئارىسىدىن گويا يەرگە ئەمەس تىكەنگە دەسسىگەندەك چىقىپ كېتىشتى. يۈزىدىكى جاراھىتىگە ياغلىقنى بېسىۋالغان ئايال ئېرى قاسىمغىمۇ قارىماي ئالدىدا دىكىلداپ كېتىپ باراتتى.

ئۇلار ئۆيلىرىگە ئىلگىرى-كېيىن كىرىپ كېلىشتى. ئايال ئەمدىلا ئۆيگە بويىنىنى چاڭگاللاپ كىرىپ كەلگەن قاسىمنىڭ ياقىسىدىن ئالدى-دە، كاچىتىغا چاڭگىنى بىرنى سالدى.

— ھوي، ھوي، ساراڭ بولدۇڭمۇ، ئابىدە، — دېدى قاسىم ئېچىشىۋاتقان يۈزىنى يەنە بىر ئالقىنىدا سىلاپ، — ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟

— ھوي لامزەللە، ئەۋرەز پاقىسى، ھەزىلەك... ھارامدىن بولغان قانچىقىڭغا ئىگە بولالمايدىغىنىڭغا ئۆزۈڭنى ئەر دەپ يۈرەمسەن؟ قارا يۈزۈمگە! تۆلە يۈزۈمنى، تۆلە دەيمەن، قوتۇر ئېشەك!

ئابىدە قاسىمنىڭ كانىيىنى بوغۇپ، مەيدىسىگە ئۇسۇپ، ئوك-تەتۈر سىلكىشلەپ، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى جارتتىدە يىرتىپ ساڭگىلىتىپ قويدى.

— ھوي بوشراق ۋارقىرا دەيمەن، نېمانداق بىشەملىك قىلىسەن؟

— ھە، مەن تېخى بىشەممۇ، مانا ئەمىسە!

ئابىدە چاڭگال سېلىشى بىلەن تەڭلا قاسىمنىڭ يۈزىدىن قىپقىزىل قان تەپ-
چىرەپ ئېقىشقا باشلىدى. غەزەپتىن قارىداپ كەتكەن قاسىم ئەمدىلا ھۈرپىيىپ مۈش-
تۈملىرىنى تۈگۈپ تۇرۇشىغا تاشقارقى ئۆيدىن قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋاز ئاڭلان-
دى-دە، ئۈنئالغۇ ياڭراپ كەتتى. ئالا-تاغىل مۈزىكىغا ماسلىشىپ بىر قىزنىڭ
«ئاھ»! دېگەن چىرقىرىشى ئاڭلاندى. بۇ شېرىن ئايلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان ئاتا-ئانى-
سىنىڭ «يېڭى ھاياتى» نى «تەبرىكلەپ» دېسكوغا چۈشكەن قاسىمنىڭ ئۆگەي ئوغلى
بىلەن ئۆگەي قىزى ئىدى.

ئوغلى بىلەن قىزىنىڭ خۇي-پەيلىنى ئوبدان بىلگەن بۇ ئەر-خوتۇن، كۆ-
رۈكىنى يېشىش ئۈچۈن بۇرنىغا پەي ئۆتكۈزۈپ، سوغا پاتۇرۇپ قويۇۋەتكەن توخۇ-
دەك شۈمشىيىپلا قالدى.

ئابىدە كارىۋاتقا موكلا چۈشۈپ كەينىنى قىلغىنىچە يېتىۋالدى. قاسىم
ئابىدەگە بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ياستۇقنى ئېلىپ، چىراغنى
ئۆچۈردى-دە، سافاغا ئۆزىنى تاشلىدى. چىراغنىڭ ئۆچۈشى، ئۆينىڭ جىمىقىشى
بىلەن تەڭ تاشقارقى ئۆيدىكى ئۈنئالغۇنىڭ ئاۋازىمۇ بېسىقتى. توكلۇك بىلەكلىرىنى
پېشانىسىگە ئېلىۋالغان قاسىم تورۇسقا تىكىلگىنىچە چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتى.

ھۇجرىغا قاراڭغۇلۇق تىقىلغانىدى، قىزى ھاۋانىسانىڭ غەزەپلىك چىرايى،
ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى، كىرىشكەن بارماقلىرى، چۇۋۇلغان چاچلىرى ئۇنىڭ
كۆز ئالدىدا دەممۇ دەم پەيدا بولماقتا ئىدى!... ئۇ، بۇ سۈرلۈك، قورقۇنچلۇق،
ئازابلىق كۆرۈنۈشلەرنى ئۆزىدىن قاچۇرۇش ئۈچۈن يېنىغا ئۆرۈلدى!...

قاسىمغا «ماشكا» دېگەن لەقەمنىڭ قاچان قويۇلغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.
لېكىن ئۇ ئۆلپەتلىرى ئارىسىدا ئاشۇ لەقەم بىلەن چاقىرىلاتتى. (ئىدارىسىدە بول-
سا قاسىم «توكچى» دېيىشەتتى).

قاسىم بىرەر ھاراق سورۇنلىرىغا لوڭگىدە كىرىپ قالغۇدەك بولسا بەزىلەر
ئۇنىڭغا «كەل، كەل قاسىم، يائاللا مەشەننىمۇ پۇراپ تېپىپ كەپسەن-دە، يامان ماشكا
جۇمۇ سەن» دەپ چاقچاق قىلسا، يەنە بەزىلەر ئۇنىڭغا: «ئۇنىڭ پۇراپ تاپىدىغىنى
بۇلا ئەمەس، قىمار سورۇنى، ھا... ھا... ھا...، خوتۇن سورۇنى ھى... ھى...
ھى...» دەپ چاقچاق قىلىشاتتى.

دەرۋەقە قاسىم بۇ ئۈچ سورۇننى پۇراپ تېپىشقا ئۇستا ئىدى. لېكىن ئۇ كې-
يىنچە ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ بىرنەچچە قېتىم ساقچىلارغا
تۇتۇلۇپ قېلىپ، ئىدارىسى كېپىل بولۇپ ئېلىپ چىققاندىن كېيىن قىمار سورۇن-
لىرىغا يولىمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە دېگەن-
دەك تۇرۇپلا ئۇنىڭ قىمار خۇمارى تۇتۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ كونا-يېڭى
ئاشنىلىرىنى قوغلىشىپ بىرنەچچە كۈن ئۆيىگە كەلمەي قوياتتى. قاسىم ياشلىقتىن
تارتىپ تۇتقان ئاشنىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنىمۇ تولۇق ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. لېكىن
قاسىمنىڭ ئابىدە بىلەن ئۇچرىشىشى — ئۆيىمان مەھەللە، خالتا كوچىلارنى پۇراشنىڭ

خاتىمىسى بولۇپ قالدى. بۇ بۇندىن ئىككى يىل بۇرۇنقى ئىش ئىدى. قاسىمنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ھىزىم ھىيلە بىر كۈنىسى قاسىمنى شەھەر سىرتىدىكى «قارىياغاچلىق» قا ئېلىپ ماڭدى. بۇ يەرگە زادى نېمە قىلغىلى بارىمىز، ئېيتمىساڭ بارمايمەن، دەپ تۇرۇۋالدى قاسىم.

— ۋاي خۇدا ئەجەبمۇ گىرىلىك قىلىپ كەتتىڭ، «قارىياغاچلىق» تا ئىشلەيدىغان بىر بويتاق ئاغىنەم بار، شۇنىڭدىن تېلېفون كەلدى. ئۇنىڭ ئۆيىگە «مال» دىن ئۈچى كېلىپ قاپتۇ. ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسەن. بۈگۈن چىلاشقۇدەك ئىچىمىز، قانغۇدەك ئوينايمىز...

قاسىم، ھىزىمنىڭ زورى بىلەن ھاراق، گۆش، تاماكىلارنى سومكىغا قاچىلىدى. ئۇلار باش بېكەتتە ئاپتوبۇسقا چۈشۈپ «قارىياغاچلىق» قا يېتىپ باردى. يولدا كەلگىچە «مال» لارنى ئويلاپ كالپۇكلىرىنى يالاپ كەلگەن قاسىم ئۆيگە كىرىش بىلەنلا سافادا قاتىرىسىغا ئولتۇرغان «مال» لارنى كۆردى... بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى تولغان پۇرچاقتەك، ئوتتۇرا بوي، ئاق يۈزلۈك، قاشلىرى قاغا پېيىدەك قارا، دولقۇنلۇق-قوڭۇر چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرغان بىرىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالا-چەكمەن بولۇپ مىتىلداپ كەتتى. شۇ كۈنى ئۇلار قانغۇچە يەپ-ئىچىشتى. خۇش كەيپ بولغاندىن كېيىن دۇتار چېلىپ ئۇسسۇل ئوينىشتى، تانسا قىلىشتى. بولۇپمۇ تولغان پۇرچاقتەك «مال» ئۆزىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى، جىلۋە-نازلىرى، دۇتارنى سايرىتىۋاتقان بوغماق ئاق بىلەكلىرى بىلەن قاسىمنىڭ يۈرىكىگە ئوت يېقىۋەتكەنىدى.

ئۇلار شۇ كۈنى قونۇپ قېلىشتى. كېچىككىنە ئۈچ ئېغىز ئۆي شەھۋەتخورلارنىڭ ھەرەمخانىسىغا ئايلاندى...

قاسىم ئۈچۈن بۇ كېچە ئۇنتۇلماس كېچە بولدى. قاسىمغا ئەركىلىگەن ۋە ئۇنى ئەركىلەتكەن... ۋىلىققىدە بىر كۈلۈپ جېنىنى ئالغان... بىر تۇتۇلۇپ ئىككى ئېچىلىپ ئەسىر قىلغان، ئەدناسى ھەر بىر خۇلقى باغرىغا ئۆچمەس ئوت تامغا بولۇپ بېسىلغان بۇ ئايال ئابىدە ئىدى...

قاسىم ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئۇچرىشىپ ئۇنى تولۇق چۈشەندى. ئابىدە بىر ماگىزىننىڭ مال ساتقۇچىسى بولۇپ ئۇنىڭ ئېرى موتىسىكلىت خۇمارى ئىدى. ئۇ بىر يىل ئىلگىرى نەۋرىسىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان مومايدىن موتىسىكلىتنى قاچۇرىمەن دەپ سىمتاناپ تۈۋرۈكىگە ئۇسسۇۋېتىپ دوختۇرخانىدا يېرىم يىلدەك ياتقان. دوختۇرخانىدىن ھايات چىققان بولسىمۇ ئىچكى ئەزالىرى قاتتىق ئەدەب يېگەنلىكتىن يېرىم ئادەم بولۇپ قالغان... ھازىر ئۇ ئىدارىسىنىڭ قاراۋۇلخانىسىدا يېتىپ-قوپىدىكەن. پۇل لازىم بولغاندا باللىرى يوقلاپ بارىدىكەن. ئوغلى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىرىپ دوللارچىلىق قىلىدىكەن. قىزى تېخنىكومغا ئۇدا ئىككى يىل ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلمەي ھازىر كۈنلىرىنى كوچا چىڭداپ ئۆتكۈزىدىكەن.

— مەن ئىدارىگە ئىلتىماس تۇتۇپ قويدۇم، — دېدى بىر كۈنى ئابىدە سافادا ياتقان قاسىمنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئاجرىشىپ كېتىمەن، سىزچۇ؟

ياكى ئاشۇ پاخپاق خوتۇندىن ئۈمىدىڭىزنى ئۈزەلمەمسىز؟

قاسىم خىيالغا پاتتى. ئۇ ئابىدە بىلەن تونۇشقاندىن بېرى ئۆز ئۆيىگە ئاز بارىدىغان، بارغاندىمۇ چىرايى ئېچىلمايدىغان، بوتىلاك ئىشلارغا چېچىلىپ ئۇرۇشىدىغان بولۇۋالدى. ھەتتا ئۇ بىر كۈن كەچكىچە قۇرۇلۇشلاردا يالىنىپ ئىشلەپ ھالىدىن كەتكەن ئايالىنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىدا لايدەك ئېزىلىپ ياتقىنىنى كۆرۈپ ئىچىدە: «تاپىنىغا بىگىز تىقسىمۇ ۋاي دېمەيدىغان تاپ» دەپ غودۇڭشىيتتى. خوتۇنىنىڭ چۈۋۇلغان چاچلىرى، پۈچۈلغان چىرايىغا قارىغانسېرى، ئابىدەنىڭ بېجىرىم ھۆسنى، تولغان بەدىنى، شېرىن-شەربەت قىلىقلىرى روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ ئۇنى تېخىمۇ بىئارام قىلاتتى. لېكىن ھەر قېتىم بىرەر باھانە بىلەن ئۇرۇشقىنىدا ئايالى ئۈن-تىن قىلماي جىمىدە ئولتۇراتتى. ئەمما قىزى ھاۋانىسا ئالدىغا سەكرەپ چىقىپ قاسىمنى ئېغىز ئاچۇرمايتتى...

— ھە گەپ قىلمايسىزغۇ؟ — دېدى ئابىدە سەل نازلىنىپ، — ياكى مەن سىزگە يارىماي قالدىممۇ-يا؟

— ياق جېنىم، سىز دېگەن بىر پەرىشتە، مەن سىز ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا تەييار... مەن سىزسىز...

ئابىدە ئاستا-ئاستا سافاغا قىڭغايدى... ئۇ ئەس-ھوشىنى يىغىپ كۆزىنى ئاچقاندا بەقۇۋۋەت، تەمبەل يوغان-يولپا قاسىمنىڭ مورىسى ئۈستىدىن تورۇسقا چۈشكەن كۈنىنىڭ ئاخىرقى شولىسىنى كۆردى...

قاسىم بىلەن ئابىدەنىڭ مۈشۈك-چاشقان ئويۇنى بىر يىل داۋاملاشتى. قاسىم، ھەر قېتىمقى ئۇچرىشىشتا بىر غەيرىي خۇلق چىقىرىۋاتقان ئابىدەدىن خۇددى شىرنىگە چاپلىشىپ قانات ۋە پۇتلىرىدىن ئايرىلغان چىۋىندەك ئۆزىنى ئاجرىتالماي قالدى. لېكىن ئابىدە ئۇنىڭغا نەشتىرىنى ئايىماي تىقىدىغان بولۇۋالدى.

— بولدى قويۇڭ، مەن بۇنداق لىڭگىر-تاقتاق ئويۇنى ئويناشنى خالىمايمەن، — دېدى ئابىدە ئۈچ كۈندىن بېرى ئۆيىدە يېتىپ-قوپۇۋاتقان قاسىمغا ئالىيىپ، — ئەمدى كەشىڭىزنى توغرىلاڭ، مەنمۇ ۋاقتىدا بىرسىنىڭ پېشىنى تۇتاي... ئەر كىشى دېگەن قىلغان لەۋزى بىلەن ئەر!...

قاسىم، پايپىقىنى كىيىۋاتقان ئابىدەنىڭ لىغىرلاپ تۇرغان ئاپئاق ۋە يوغان يوتىلىرىغا قارىغىنىچە غودۇڭشىدى:

— مەن ... مەنمۇ ھەرىكەت قىلىۋاتىمەنغۇ، لېكىن ھاۋا دېگەن جاۋجاق ئارىغا قىسىلىۋېلىپ...

— ئاشۇ ھارامدىن بولغان شۇمىكىڭىزغىمۇ تېتىيالمىدىڭىزما؟ يۈزىدىن-يۈزىگە سەن مېنىڭ بالام ئەمەس دەڭ...

— نېمە؟ — قاسىمنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى.

— تولا خۇپسەنلىك قىلماڭ، ماڭا ھىزىمكام ھەممىنى دېگەن...

— ھىزىم ھىيلىما، نېمىنى دېگەن؟

— يىگىرمە نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىشنى!... ھەسەن كىرپە ھاۋانى مەن تاپقان دەپ يۈرۈپتىكەنغۇ؟!...

قاسىم قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەندەكلا تۇنجۇقۇپ كەتتى... يىگىرمە نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى كېچىلىك ئولتۇرۇش ۋە تۈن نىسپىدىكى شەرمەندىچىلىك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا لەيلەشكە باشلىدى... غەزەپتىن يۈزلىرى ئېپىلىپ، مۇشتۇملىرى تۈگۈلدى...

— سىزمۇ ئەر بولۇپ قاپسىز، — دېدى ئابىدە ئوت ئۈستىگە ماي چېچىپ، — مۇشۇ ئىشنىلا يېزىپ «يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ياشاپ كېلىۋاتىمەن» دەپ سوتقا ئەرز بېرىدىغان بولسىڭىز «ئارىدا مۇھەببەت ئۆلگەن» دەپ ئاسانلا ئاجراشتۇرۇۋېتىدۇ...

قاسىم غىپلا قىلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ مەقسەتسىزلا بازارلارنى ئايلاندى. كوچا دوقمۇشلىرىدا ئارقا-ئارقىدىن ئۇلاپ تاماكا چەكتى. ئالدى-ئارقىغا ماڭدى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلىدە غەليان كۆتۈرۈلگەنىدى. شۇ پەيتتە بىر كىم ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇردى. قاسىم چۆچۈپ قايرىلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ھىزىم ھىيلە ئۇزۇن ساپسېرىق ئاراچ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجىيىپ تۇراتتى.

— ھە نېمە بولدۇڭ، چىرايىڭ ئۆمسۈرۈنلىغۇ؟ ئوتتۇرۇۋەتتىڭمۇ يا؟ گەپ قىلمايسەنغۇ، يا ئابىدە تاشلاپ كەتتىمۇ؟

— جۇر ئاداش بىر يەرگە بېرىپ ئازراقتىن ئىچەيلى، — دېدى قاسىم زورغا ھىجىيىپ.

ئۇلار بىر شىشە ھاراق، ئازراق خۇراسىڭ مېغىزى ئېلىپ باغچىنىڭ پىنھان بىر بۇلۇڭىنى تاپتى. ھىزىم باغچا ئاشخانىسىدىن پۇچۇق بىر چىنىنى تېپىپ كەلدى. ئۇلار دەسلەپتە «يۈرەكنىڭ بېغىشچىغا گۈپپىدە تەگكۈدەك» جىق-جىق قۇيۇپ ئىچىشتى. پاراڭمۇ بارا-بارا قىزىدى. قاسىم ئابىدە بىلەن بولغان بىر يىلدىن بۇيانقى «مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى» ئۈستىدە توختىلىپ بۈگۈنكى بولۇپ ئۆتكەن كۆڭۈلسىز سۆھبەتلەرنىمۇ يىپىدىن-يىڭنىسىغىچە سۆزلىدى.

— ئابىدە توغرا دەپتۇ، — دېدى ھىزىم چىنىدىكى ھاراقنى كۆتۈرۈۋېتىپ، — قىزنىڭ ھاۋانى دەستەك قىلمىغۇچە خوتۇنۇڭدىن ئاجرىشالمايسەن. جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ. باغرىڭغا تاش قوي. قانداق، شۇنداق قىلالامسەن؟

— بۇ... بۇ... بولارمۇ؟

— ئەمىسە ئابىدەدىن ئايرىل! بۇنىڭ نېمىسى قىيىن؟

— ئايرىل؟!

قاسىم چۆچۈپ ھىزىمغا قارىدى. ئۇ ئابىدەدىن ئايرىلالمايتتى. ئابىدەنىڭ ھەر بىر ناز-كەرەشمىسىدىن، سۆزلەشنى بىلىدىغان قارا كۆزلىرىدىن، تولغىنىپ ئەركىلەشلىرىدىن كېچەلمەيتتى... ھەتتا ئۇ بۇ چاققىچە توتقان بارلىق ئاشىنىلىرىنى ئابىدەنىڭ يولىدا قۇربان قىلىۋېتىشكە تەييار ئىدى... ئۇنىڭ قىماردا دوغا

چىقىش ئالدىدا تۈرۈلىدىغان قاپاقلىرى تۈرۈلدى، كۆزلىرى چەكچەيدى. ئۇ شۇ تاپتا خۇددى ھەممە نەرسىنى قاقپاقسىز ئۇتتۇرۇۋېتىپ ئاخىرىدا خوتۇنىنى دوغا تىككەن قىمارۋازغىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

— بولىدۇ، لېكىن خوتۇن قايىل بولارمۇ؟

— گەپ مەشەدە، سوتقا سۇنغان ئەرزىڭنى ھەرگىز خوتۇنۇڭ كۆرمىسۇن، بۇنىڭ ئۈچۈن، — ھىزىم ھىيلە بىر كۆزىنى قىسىپ ئۇزۇن تېڭىرقاپ قالدى ۋە ھىڭگىدە ھىجايدى، — خۇتۇنۇڭغا ھىيلە ئىشلەت...

ھىزىم قوللىرىنى شىلتىپ، قاش-قاپاقلىرىنى ئويىنىتىپ ئۇزۇنغىچە كۇسۇرلىدى. قاسىمنىڭمۇ بېشى بارغانسېرى سامداپ، ھىزىمنىڭ تاقىر بېشى بىلەن ئۇچراشتى...

— مۇشۇنداق قىلساڭ ئۇ ئامالسىزلىقتىن ئاسانلا ماقۇل بولىدۇ. چۈنكى بۇ قانۇنغا تاقىشىدۇ-دە.

— رەھمەت ئاداش، ھەقىقەتەن ھىيلە دېسە ھىيلىسەن! ھىيلە دېگەن لەقەم ساڭا سىڭىشىپ كەلگەن توندەكلا ياراشقان-دە! مەن ھازىرلا ئۆيۈمگە باراي...

........

چىگىش خىياللار ئىلكىدە زادىلا ئۇخلىيالمىغان قاسىم سافادا ئوڭدىسىغا ئۆرۈلدى. ئۆرۈلۈش بىلەنلا بوينىدىكى تېگىپ قويۇلغان جاراھەتنى زىڭىلداپ ئاغرىتىپ كەتتى. ئۇ جاراھەتنى ئاستا سىلاۋېتىپ: «پاھ، پاھ ئەجەبما چىشلىدى بۇ قانجۇق، ھېلىقى يازغۇچى قۇتقۇزۇپ قالمىغىنىدا گۆرەن تومۇرىمنى ئۈزۈۋېتەتتىمىكىن تاڭ» دېگەن ئوينى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. قاسىم ئاي يورۇقىدا ئاق بېلىقتەك ئاقىرىپ ياتقان ئايىدەنى كۆرگىنىدە جاراھىتىنىڭ ئاغرىشىغىمۇ قارىماي ئاستا ئورنىدىن تۇردى...

* * *

سابىت ئەپەندى نېرۋا كېسەللەر دوختۇرى ئىلىيارنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۆيگە قايتىپ كىردى. تام سائىتى ئىككىگە داڭ ئۇردى. ئۇ، پۇت-قوللىرى كارىۋاتقا تېڭىلىپ، بىلىكىگە ئاسما ئوكۇل ئۇرۇلغان ھاۋانىسانىڭ چىرايىغا قارىدى. ئۇنىڭ يۈزى تاتارغان، ويۇق قارا چاچلىرى ئاپئاق پەر ياستۇققا يېيىلغانىدى. ئۇ كېچىدىن بېرى ئۆزىنى ئۆزى ئۇرۇپ، تاملارغا ئۇسۇپ، پۇت-قوللىرىنى ھەر تەرەپكە تاشلاپ، ۋارقىراپ-جارقىراپ ھالىدىن كەتكەنىدى. سابىت ئەپەندى ئۇنىڭ بىر خىلدا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، تۈنۈگۈندىن بېرى ئۈستەل ئۈستىدە يېيىقلىق تۇرغان ماتېرىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ سافادا ئولتۇرۇپ ئارام ئالدى. شۇندىلا ئۇ پۇت-قوللىرىنىڭ تېلىپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى، كۆزلىرىنىڭ قۇم قۇيغاندەك ئېچىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

لېكىن ئەمدى ئۇنى بۇ خەۋەرنى ھاۋانىسانىڭ ئاپىسى گۈلسۈمگە قانداق مەلۇم قىلىش قىينىماقتا ئىدى. ئانا بۇ ئېغىر زەربىنى كۆتۈرەلەرمۇ؟ ئۇنىڭ تىرىك مۇردىغا ئايلانغان ئاجىز تېنى بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟ ئېرىدىن يەتكۈچە ھاقارەت ۋە

خورلۇق كۆرۈۋاتقان بۇ ياۋاش ئايالنى يەنە قانداق مۇدھىش تەقدىر كۈتۈۋاتىدىغاندۇ؟

سابىت ئەپەندى ئايالى ئەمچەك راكى بىلەن قازا قىلغاندىن كېيىن، ئاتا-ئانىسىدىن مىراس قالغان مۇشۇ مەلىدىكى ئۆي ئورنىغا ئادەدىيغىنە ئىككى قەۋەتلىك ئۆي سېلىۋالدى. ئۇ بىر يىلنىڭ ئالدىدا 11 ياشلىق قىزى پەرىدەنى يېتىلەپ يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەندە قاسىم ئۇچ بالىسىنى گۈلسۈمگە تاشلاپ ئاجرىشىپ كەتكەنىدى.

گۈلسۈمنىڭ قورۇسى كوچىنىڭ ئۇ قاسىنقىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەشتەك گۈللەر تىزىلغان ئېرىقچە ئالدىدا قول يۇيغانلىرى، ئوتۇن يارغانلىرى، گۈلسۈمنىڭ تاڭ سەھەردە ئەبجەق ھارۋىنى جالاقلىتىپ ئەسكى-تۈسكى يىققىلى ماڭغانلىرى سابىت ئەپەندىنىڭ ئىككىنچى قەۋەتتىكى يېزىقچىلىق بۆلمىسىنىڭ دېرىزىسىدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ئايالنىڭ تەقدىرى قىلىچ تىغىدا دار ئوينىغاندەك قىيىن ئىدى. شۇڭا سابىت ئەپەندىنىڭ ئانچە-مۇنچە قىلغان يارەملىرىمۇ خۇددى چۆلدە چاڭقىغان ئادەمگە بىر تامچە سۇ ۋەدە قىلغاندەكلا ئىش ئىدى.

سابىت ئەپەندى ئېغىر خىياللار ئىلكىدە كۆزىنىڭ ئىلىنىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى. ئەمما بوسۇغىدىلا «ھۆ... ھۆ... ھۆ...» دېگەن بىر ئاۋاز ئۇنى سەگەكلەشتۈردى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئىشىك تەرەپكە قارىدى. راستتىنلا سىرتتىن تېپىلىقسىپ-بوغۇلۇپ يىغلىغان ئاۋاز كېلىۋاتاتتى. سابىت ئەپەندى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى. ۋاي تووۋا بۇ نېمە ئىشتۇ؟ بېشىغا كونا، ئۆڭگەن ياغلىق ئارتقان بىر ئايال سەجدىدە ئولتۇرغاندەك نەق بوسۇغىدىلا يۈكۈنۈپ، ئورۇق قاتمال قوللىرىدا يەر تايىنىپ، پېشانىسىنى يەرگە يېقىپ يىغلاۋاتاتتى.

— تۇرۇڭ، سىز كىم بولىسىز؟ — سابىت ئەپەندى ئايالنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپلا چۆچۈپ كەتتى، — ۋۇي سىز گۈلسۈمغۇ؟!...

— سابىتجان ئەپەندىم، قىزىم... مەشەدە... سىز ئەكەپسىز... مەن سىزنى تاۋاب قىلاي... ئاياغلىرىڭىزغا باش قوياي...

ئايال پالاقىدە ئۆزىنى تاشلاپ سابىت ئەپەندىنىڭ ئاياغلىرىغا باش قويدى. سابىت ئەپەندى ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. گۈلسۈمنىڭ يۈزلىرى ياش بىلەن يۇيۇلغان بولۇپ تاتىراڭغۇ پېشانىلىرىگە يۇمشاق چاچلار چاپلىشىپ كەتكەنىدى.

— يۈرۈڭ ئۆيگە كىرەيلى، تېڭلا سوغۇق.

— ياق، ياق... مەن... مەن كىرمەي ...

— نېمىشقا كىرمەيسىز؟

— ئۇنىڭ مېنى كۆرەر كۆزى يوق... ئۇ... ئۇ... «ئەمدى سېنى كۆرمەي... بولمىسا ئۆزۈمنى ئېسىۋالىمەن ... ھەممىدىن تويدۇم» دېگەنىدى...

— بالا ئەمەسمۇ، بەلكىم دادىسىغا بولغان ئاچچىقىنى سىزدىن ئالغاندۇ!

— ياق، ياق، ھەرگىز بولمايدۇ... ئۇ بۇ گەپلەرنى دېگەندە ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ھاشقىچىلا... باشقىچىلا قورقۇنچلۇق بولغانلىقى ئېسىمدە!...

— ئۇ ھازىر ئۇخلاپ قالدى، بىر كۆرۈۋېلىڭ!...

گۈلسۇم ئىككىلەندى. ئۇ قىيا ئېچىلغان ئىشىك يوچۇقىدىن ئىچكىرىگە بويۇنداپ قارىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا يەنىلا ئەنسىرەش، ھودۇقۇش، قورقۇش ئالامىتى بار ئىدى. لېكىن باغرىنى يېرىپ چۈشكەن بالا ئوتى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ تۇراتتى.

— جۈرۈڭ.

سابىت ئەپەندى ئۇنىڭ دولىسىدىن يۇمشاقلىنە ئىتتىرىپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى. گۈلسۇم ئىككى قولىنى بېقىنلىرىغا سۈرتكەچ ئاستا بېسىپ كارىۋات ئالدىغا كەلدى-دە، تىزلانغىنىچە تۆمۈر كارىۋات بۇزىسىغا بېشىنى قويۇپ ئۈنسىز ياش تۆكتى. ئۇنىڭ مۈرىلىرى توختىماي تىترەيتتى، تۆمۈر كارىۋات بۇزىسىنى قامالىلىۋالغان قوللىرى كىرىشىپ، بارماق ئۇگىلىرى ئاقىرىپ قارىسلدايتتى...

— ھەر ھالدا ھاۋانىسا تېپىلدى، بىز ئۇنى ئاخىرى تېپىۋالدۇق، — دېدى سابىت ئەپەندى گۈلسۇمنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ.

— شۇنداق، بىر ئايدىن ئاشتى... ئۇ چاغدا ئوغلۇم تاشپولات تېخى قولغا ئېلىنمىغانىدى.

بىر ئاي ئىلگىرى ھاۋانىسا بىلەن بولغان ئەڭ ئاخىرقى كۆڭۈلسىز سۆھبەت سابىت ئەپەندىنىڭ كۆڭلىگە لىپ قىلىپ سايە تاشلاپ ئۆتتى. ئاشۇ يامغۇرلۇق كېچىدە ھاۋانىسا سابىت ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدى. شۇ چاغدا ھاۋانىسا ئۆزىنى ھايات بىلەن باغلاپ تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى، ئەڭ ئاجىز ئۈمۈچۈك تورىنىڭ پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. ئۇ ئۈمىد-ئىشەنچتىن ئادا-جۇدا بولغان ھالدا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى... سابىت ئەپەندى دېرىزە رۇجەكلىرىدىن سىرتقا قارىغىنىدا قاراڭغۇدا ئۇ خۇددى ئەما كىشىدەك قولىدىكى ياغلىقىنى سۆرىگىنىچە شىددەتلىك يامغۇرغا يۈزىنى تۇتۇپ، نېمىدۇر بىر نەرسىگە قاتتىق تىكىلگەندەك چوڭ رەستە تەرەپكە قاراپ ناھايىتى ئاستا كېتىپ باراتتى...

— سابىت ئەپەندىم، قىزىم... قىزىم ئەسلىگە كېلەرمۇ؟ — سورىدى گۈلسۇم قىزىنىڭ مەسۇم چىرايىغا قارىغىنىچە.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئىلىيار ئاتاقلىق نېرۋا كېسەللەر دوختۇرى. ئۇ باياراق كېتىپ قالدى. ھاۋانىسانى ساقايتىشقا كاپالەت بەردى. دوختۇرخانىدا كارىۋاتنىڭ ئورنىنى قىلىپ ھاۋانىسانى يۆتكىمەكچى.

— دوختۇرخانىغا!؟...

ئايال جىمىپ كەتتى. ئۇ گويا ئېغىر تاغنىڭ ئاستىدا قالغانىدى. ئەخلەت دۆۋىلىرىدىن، رەستىلەردىكى تازىلىق ساندۇقلىرىدىن بىر كۈن كەچكىچە كونا قەغەز، بوتۇلكا، لاتا دېگەندەك ئەسكى-تۈسكىلەرنى يىغىپ جېنىنى ئاران جان ئېتىپ كېتىۋاتقان ئايال، دوختۇرخانىنىڭ بېسىمىنى قانداق كۆتۈرەلىسۇن؟! ئۇ ئېغىر خورسىنىپ قويدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، دوختۇرخانىنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن.

ئىككىسىنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنمۇ، ھاۋانىسا ئىڭىرىدى، ئارقىدىن نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلىدى. سابىت ئەپەندى قىزغا ئېڭىشتى.

— ھاۋانىسا...

— سەن... سىز... سەن كىم؟

— مېنى تونۇمايۋاتامسىز؟ مەن پەرىدەنىڭ دادىسى...

— پە...رىدە... پەرىدە... — ھاۋانىسا كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى ۋە بىر ھازادىن كېيىن كۆزلىرىنى ئاستا ئاچتى، — ئۇ... ئۇ...

— ئۇ ئۇخلاپ قالدى. قاراڭ بۇ كىم؟

— ئۇ... ئۇ كىم؟

— ئاپىڭىز ئەمەسمۇ! سىزنى يوقلاپ كەپتۇ...

— ئاپىڭىز؟... ئاپام... ئاپا...

— قىزىم! ئوبدان قىزىم...

ھاۋانىسا كۆزىنى يوغان ئاچتى. ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى تورۇسقا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالدى... شۇنداق، ئۇ كۆرمەس كۆزلىرى بىلەن نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى كۆرۈۋاتاتتى. يەنىلا تولىمۇ چىگىش، گادىرماچ، باش ئايغى چىقماس ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۈزۈۋاتاتتى... ئۇ ئالدىراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئاپا... ئاپا... مېنىڭ تويۇم بولىدۇ... يىگىتىم دېرىزە پەردىلىرىنى، كىيىم ياپقۇچلارنى ھەممىنى تەييار قىلىدى... ئەنە ئۇلار كېلىۋاتىدۇ... بىز «ئاشۇ دەۋر» كوچىسىدا ئولتۇرىمىز... «ئاشۇ دەۋر» كوچىسىدا ھېچكىم - ھېچكىمنىڭ غەيۋىتىنى قىلمايدۇ. ھېچكىم - ھېچكىمنى ئەيىبلىمەيدۇ...

سابىت ئەپەندى سۈر باسقاندەك بولدى.

«ئاھ خۇدا، مېنىڭ ھەر بىر قىلغان سۆزۈمنىڭ بىر سەۋدايى قىزنىڭ قەلبىدە مۆھۈردەك ئورناپ قېلىشىنى نەدىن بىلەي!... بەلكىم جاراھەت قاپلىغان كىچىككىنە يۈرىكىگە مەن دېگەن «ئاشۇ دەۋر» دىن مەلھەم تىلىسە كېرەك... ئۇ سەۋدايىلىق دېڭىزىدا ئۈزۈپ يۈرۈپمۇ بولارنى ئۇنتۇماپتۇ!...

— قىزىم، — دېدى گۈلسۇم يىغلاپ، — راست توي قىلىڭىز بولىدۇ. مەن ھەممىنى تەييارلاپ بېرىمەن...

— ئەمدى ئارام ئېلىڭ، — دېدى سابىت ئەپەندى ھاۋانىساغا ئېڭىشىپ، — چارچاپ كەتتىڭىز...

— سەن... مېنىڭ پېرىم، شۇنداقمۇ؟ مېنى سۆيۈپ قوي!

— ھاۋانىسا، — دېدى سابىت ئەپەندى ئۇڭايسىزلىنىپ، — مەن پەرىدەنىڭ دادىسى، سىزنىڭ قوشنىڭىز...

— يوقال كۆزۈمدىن!...— دېدى قىز ئەسەبىي ۋارقىراپ، — بۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى تونۇمايدىغان ۋاپاسىز ئەرلەر نېمىدېگەن تولا!

— قىزىم هاۋا، — دېدى گۈلسۈم قىزىغا ئېگىشىپ، — ئۇنداق دېمە... ئۇ...

— سەن كىم؟...

— مەن سىزنىڭ ئاپىڭىز...

— ئاپىڭىز؟!...

هاۋانىسا بىرئاز تېڭىرقاپ تۇردى-دە، بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسىنىڭ زەربىدىن دېرىزە كۆزنەكلىرى دىرىلدەپ، قاتلاقلىق سىركايلار جىغىلداپ كەتتى. ئارقىدىنلا ئۇ شۇنداق چىرقىرىدىكى گۈلسۈم ئېشىك تۈۋىدە قېچىپ بېرىۋالدى. هاۋانىسا هەدەپ يۇلقۇناتتى، سىلكىنەتتى... بېشىنى دەس كۆتۈرۈپ ياستۇققا ئۇراتتى... ئەگەر ئۇنىڭ پۇت-قوللىرى كارىۋاتقا تېڭىۋېتىلمىگەن تەقدىردە ئۇ هازىر ئاسما ئوكۇللارنى ئۈزۈپ، چىنە-قاچىلارنى سۇندۇرۇپ، ئۆيىنى ساراسىمگە سېلىۋەتكەن بولاتتى... باياتىن بېرىقى ئۇنىڭ تاقا-تۇقۇ سۆزلىرى سەۋ-دايىلىق ئىچىدىكى جۆيلىۋاش ئىدى. ئەڭ ئاخىرقى غەزىپى بولسا ئاپىسىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىنكى ئەقلى-هوشىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئىدى.

ساراسىمگە تولغان بىر كېچە ئۆتۈپ كەتتى. تاڭمۇ ئاتتى. قۇياش خۇددى ئۆز ئۇۋىسىغا قاراپ ئاستا قىڭغايدى. سابىت ئەپەندى دوختۇر ئىلىيارغا تېلېفون بېرىپ تۇرۇشىغا قىزى پەردە هاسىراپ-هۆمۈدەپ يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇ تولىمۇ خۇشال كۆرۈنەتتى.

— دادا، دادا، بىز مەكتەپتە نورۇز بايرىمىنى ئۆتكۈزدۇق، — دېدى ئۇ كۆزلىرى-نى ئوينىتىپ، — مەن نورۇز بايرىمىغا ئاتاپ ئۆزۈم يازغان شېئىرىمنى دېكلاماتسىيە قىلدىم. ئاڭلاپ بېقىڭا دادا:

«كەلدى نورۇز بايرىمى،
بارچە دىلنى كۈلدۈرۈپ...»

— بولدى، بولدى قىزىم، ئاستىراق، شېئىرىڭىزنى هۇجرىڭىزدا ئوقۇپ بېرىڭ، — دېدى سابىت ئەپەندى هاۋانىسانى ئىشارە قىلىپ، — هەدىڭىز ئەمدىلا ئۇخلىدى...

— هاۋانىسا هەدەممۇ؟! — پەردە دادىسىنىڭ توسقىنىغا قارىماي يۈگۈرۈپ بېرىپ هاۋانىسانىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلىۋالدى، — هاۋانىسا هەدە ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

سابىت ئەپەندى پەردەنى ياتاق ئۆيىگە ئەكىرىپ تاماق بەرگەندىن كېيىن، تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولۇپ يېتىپ قىلىشىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى.

هاۋانىسا جىمجىت ئۇخلاۋاتاتتى. ئاسما ئوكۇلدىن بېرىلىۋاتقان گىلىيۇكوزىمۇ توگەپ قالاي دېگەنىدى. سابىت ئەپەندى دوختۇرنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە بىرنەچچە خىل دورىلارنى ئېزىپ قايناق سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ هاۋانىساغا تەستە ئىچۈرۈپ بولغۇچە

گىلىيۇكوزىمۇ تۆكىدى. ئۇ ھاۋانىسانىڭ بىلىكىدىكى ئوكۇل يىڭنىسىنى ئاۋايلاپ سۇغۇرۇۋېلىپ، ئىسپىرت پاختىسىدا بىردەم بېسىپ تۇرغاندىن كېيىن مۇزلاپ كەتكەن بىلىكىنى يوتقاندا يۆگەپ قويدى.

ھېرىپ كەتكەن سابىت ئەپەندى سافاغا ياستۇق تاشلاپ، ئەديالنى يېپىنىپ كىيىملىرى بىلەنلا ياتتى. ئۇ ياستۇققا يۆلەنگىنىچە نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىدى. ئويلىغانسېرى مۇشۇ كىچىككىنە پاتقاقلىق مەھەللە قەلبىنىڭ پىنھان بۇرجەكلىرىدە خۇددى دەسسەلگەن سازاڭدەك نىمجان سوزۇلۇپ ياتاتتى... بۇ مەھەللىدە گۈلسۈمدەك ئەسكى - تۈسكىلەرنى يىغىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغانلار، كونا داسلارنى تۈۋلەپ، كاناي - مەشلەرنى ياماپدىغان تۇنىكىسازلار، ئۆڭگەن ياماق كىيىملىرى ئۈستىگە كىرلەشكەن بۇلغار پەشتامىلارنى باغلاپ ھۈنىرىدىن پەخىرلىنىدىغان ياماقچىلار، ياغاچچىلار، تامچىلار دېگەندەك ھالال ئەمگەكچىلەر ياشايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ ئۆتكۈزۈۋاتقان غورىگىل تۇرمۇشىغا شۈكرى - قانائەت قىلاتتى. لېكىن كىشىلەرنى ئالداشنى، قاقتى - سوقتى قىلىشنى ئويلاپمۇ باقمايتتى... سابىت ئەپەندى زېرىككەن - تېرىككەن كۈنلىرىدە قوشنىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ ئۇلار بىلەن پاراڭلىشاتتى، مۇڭدىشاتتى. ئۇلار تاياقتەك تۈز كەتكەن ئادەملەر. ئۇلارنىڭ ھېرىپ - چارچاشتىن كېيىنكى خۇشاللىقى — تامىقىنى يەپ بولۇپ، ئىسسىق كاڭغا يۆلىنىپ تاماكا چېكىش... بىر نەپەس تارتقان تاماكىسىدا جۇدەك ۋۇجۇدى بىردەملىككە ھۇزۇرلىنىدىغانلا بولسا بولدى بەس... دۇنيانىڭ كارايىتى چاغلىق... بىر ياغاچچىنىڭ تۇرمۇشىغا قىزىقىپ قالغان سابىت ئەپەندى ئاخىرى بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى. ئۇ تۈزۈت قىلمايلا:

— سابىتجان ئەپەندىم، ئۆزلە باي بولغان سودىگەرلەرنى، توقلۇقتىن شوخلۇق قىلىدىغان قىز - يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتىنى، ئاشنا ئوينايدىغان قېرىلارنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنى يازىتتىلا، ئەجەبا، ماڭا قىزىقىپ قاپلا، كېچىرىدىلا، مەنمۇ ئانچە - مۇنچە كىتاب كۆرۈپ تۇرىمەن، — دېدى.

پەر ياستۇققا يۆلىنىپ تامدىكى قانداقتۇ بىر چېكىتكە تىكىلىپ قالغان سابىت ئەپەندى «ئۇھ...» دەپ ئېغىر تىنىدى. ھازىر ئۇنىڭ ئولتۇرغىنى سافا ئەمەس، بەلكى ۋىجدان تارازىسىدەك، ئۇنى مەھەللىدىكى ئاشۇ كىشىلەر تارتىۋاتقاندەك... ھەيران بولۇپ بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋاتقاندەك بىلىنىدى... بۇلارنىڭ ئىچىدە باش ئىرغىتىپ تۇرغان گۈلسۈممۇ بار ئىدى...

ۋەيران بولغان بۇ ئائىلە، گۈلسۈمنىڭ ياۋاش، ئۈندىمەس، سارغايغان چىرايى، ھاۋانىسانىڭ خورلۇق، ھاقارەتتىن دەپنە قىلىنغان بەخت - ئىقبالى... تاشپولاتنىڭ قارا تەقدىرى، گۇناھسىز نارەسىدە كىچىك قىزىنىڭ، رەھىمسىز ھايات تەگسىزلىكلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي تەلمۈرۈۋاتقان بىچارە قىياپىتى سابىت ئەپەندىنىڭ كۆز ئالدىنى يەنە كېلىپ توستى...

خىيالىنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس قارا بورانلىرى سابىت ئەپەندىنى تۈن نىسپىگىچە

غايىب بىر دۇنيادا ئۇچۇرۇپ يۈردى...

.........

* * *

ئۈچ كۈن يوقاپ كەتكەن قاسىم كەچتە چالا مەست قايتىپ كەلدى. ئۇ بۈگۈن باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ قالغاندەك ئىدى. ئۆزى مۇلايىم، گەپ-سۆزلىرى سىپىق مايدەك سىلىق، لېكىن ھەسرەتلىكتەك كۆرۈنەتتى. دادىسىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن بالىلارمۇ خۇشال بولۇشتى. ئەر-خوتۇن ئىككىسى يېتىپ قېلىشتى. قاسىم گۈلسۇمنى ئەركىلەتتى، سۆيدى، تاتلىق گەپلەر بىلەن كۆڭلىنى ئاۋۇتتى... بۇ ئىشلار گۈلسۇم ئۈچۈن كۈندۈزدە يۇلتۇز كۆرگەندەكلا تۇيۇلدى. لېكىن ئۇنى ھەيران قالدۇرغىنى قاسىمنىڭ بۇقۇلداپ يىغلىشى بولدى. ئۇنىڭ يىغىسى ئاجايىپ ئېچىنىشلىق، دەرد-ھەسرەتلىك ئىدى. گۈلسۇم ئۇنىڭدىن نېمە ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكىنى سورىدى، يالۋۇردى، يېلىندى، لېكىن قاسىم بېشىنى توختىماي ئىرغىتىپ «مەن تۈگەشتىم...» دېگەن بىرلا سۆزنى تەكرارلاۋەردى. «قاسىم ئىدارىسىدە خاتالىق ئۆتكۈزۈپ خىزمەتتىن ھەيدەلگەنمىدۇ ياكى ماشىنىنىڭ ھەممىسىنى ئوغرىغا بېرىپ ئۆيگە كىرەلمەي يۈرگەنمىدۇ؟ قىماردا ئۇتتۇرۇۋەتتىمۇ-يا...» گۈلسۇم خىيالىدا جاھاننى بىر تاسقاپ چىققان بولسىمۇ بىرەر قارارغا كېلەلمىدى.

— زادى نېمە ئىش ئېيتىڭا، ئادەمنى زەردىگۈش قىلماي، باش كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ بامەسلىھەت ئىش قىلمايمىزمۇ، ياكى قىمار ئوينىغانمىدىڭىز؟

— تۈگەشتىم گۈلسۇم، تۈگەشتىم، ساڭا، بالىلىرىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن، ئىدارەمگە يۈز كېلەلمەيمەن... مەن ئەسكى، سەن مېنى كەچۈرمەيسەن!...

— بولدى كەچۈرىمەن، ئېيتىڭ، زادى سىزگە نېمە بولدى؟

— مەن... مەن شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ... داشۆگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلمىگەن بىر قىز بىلەن...

— نېمە، بىر قىز بىلەن؟

— ھازىر ئۇنىڭ قورسىقىدا بار، ئاتا-ئانىسى سوتقا ئەرز سۇنماقچى... مەن... مەن تۈگەشتىم!... پۈتۈنلەي تۈگەشتىم!

— ۋاي خۇدا، ۋاي خۇدا... بۇ... بۇ نېمە بالا-قازادۇ؟

گۈلسۇمنىڭ تېنى لاغىلداپ تىترەپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىكى قانلار بىردىنلا توختاپ قالغاندەك نازۇك بەدىنى مۇزلاپ كەتتى.

— ئەگەر ئۇنى نىكاھىمغا ئېلىپ قانۇنلاشتۇرمىسام، تۆۋىنى 10 يىل، يۇقىرىسى 15 يىل تۈرمىدە ياتىمەن... ھۆ... ھۆ... ھۆ...

— نېمە، نىكاھىمغا ئالىمەن؟ — گۈلسۇم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— شۇنداق، ۋاقىتلىق نىكاھىمغا ئېلىپ بىرەر-ئىككى ئايدىن كېيىن...

گۇلسۇم ئالدىدا يولۋاس، ئارقىدا يىلپىز تۇرغان يولۇچىدەك ھېچىياققا قىمىر-لالماي قالدى. «ياق» دەي دېسە ئېرى تۇرمىگە بېرىشى كېرەك... «ماقۇل» دەي دېسە ئايالىلار ھەر قانداق خورلۇققا چىدىسىمۇ بۇنداق خورلۇققا چىدىيالمايدۇ... ئۇ ئاخىرى ئېرىنى، بالىلىرىنىڭ دادىسىنى قۇتقۇزۇش قارارىغا كەلدى!

— ئاھ خۇدا، مەن نېمانچە شورپېشانە...، — ئىڭرىدى گۇلسۇم،— بولىدۇ... ۋاقتىنلىق ئاجرىشايلى، لېكىن مېنى، بالىلارنى بىر يولىلا ئۇنتۇپ كەتمەڭ...

— نېمە دېگىنىڭ بۇ گۇلسۇم، مەن چاپىنىمنى دولامغا سېلىپلا چىقىپ كېتىدىمەن... چۈنكى بەرىبىر ئىككى ئايدىن كېيىن مۇشۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىدىغان گەپ-تە...

ئەتىسى قاسىم سوتقا ئەرز تۇتتى، ئۇچىنچى كۈنى گۇلسۇمنى سوتقا چاقىرىشتى. ئۇلارنىڭ تەلىيىگە سوتچى ياش، تەجرىبىسىز بولۇپ چىقتى. گۇلسۇممۇ سورىغان سوئاللارغا قاسىم ئۆگەتكەندەك «ئارىمىزدا مېھىر-مۇھەببەت يوق، زادىلا چىقىشالمىدۇق، ھەيتىمىنىڭ بىرەر كۈنىمۇ تىنچ ئۆتكىنىمىز يوق» دېگەندەك ئوخشاش جاۋابلارنى بېرىپ تۇردى.

— گۇلسۇم سىز ئېرىڭىزنىڭ ئەرز يازغانلىقىنى بىلەمسىز؟

— بىلمەن...

— دېمەكچى بولغىنىم ئەرزدە نېمە يېزىلغانلىقىنى بىلەمسىز؟

— بىلىدۇ، خەۋىرى بار، — دېدى قاسىم ئالدىراپ-تېنەپ.

— مەن سىزدىن سورىغىنىم يوق، گۇلسۇم جاۋاب بەرسۇن.

— ھە، ياق... — گۇلسۇم ئېرىگە يالىلدە قارىدى-دە، «ئىشنى بۇزۇپ قويغان ئوخشايمەن» دەپ ئەنسىرەپ ئوپۇل-توپۇللا،— ھەئە بىلمەن، — دېدى.

— ئەرزدە يېزىلغان پاكىتلارغا ئىقرارمۇسىز؟...

گۇلسۇم باش لىڭشىتتى...

— مەن سىزگە، — دېدى سوتچى ئۇنلۇك قىلىپ،— ئېرىڭىزنىڭ ئەرزىنى بېرىمەن. سىز قايتىپ ئەرزگە نىسبەتەن كۆز قاراش، پىكىرلىرىڭىزنى ئېنىق يېزىپ كېلىڭ.

ئۆمرىدە تۆت ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۇنلۇك سۆزلەپ باقمىغان گۇلسۇم قانۇن ئالدىدا ئۆزىنى سۆر باسقانلىقىنى، ئىزا-نومۇس يۈرىكىنى ئۆرتەۋاتقانلىقىنى قاتتىق ھېس قىلماقتا ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەرزنامىنى قاتلىماپلا يانچۇقىغا سالدى-دە، ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ھازىرقى بىردىنبىر ئارزۇسى تاشقىرىغا چىقىپ كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئېلىش ئىدى...

— ئەرزنى ماڭا بەر، — دېدى قاسىم تاشقىرىغا چىقىپلا، — سەن ئۈچۈن مەن يېزىپ بېرەي. سەن ئاستىغا قول قويساڭلا بولدى.

— ئەگەر خۇدايىم بەندەم دېسە، قانۇن ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ قېلىشتىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، — دېدى گۇلسۇم ئەرزنى ئېرىگە بېرىۋېتىپ، — ۋاي خۇدا نېمانچە سۆرلۈك، قورقۇنچلۇق، مېھرى سوغۇق يەر ئۇ...

قاسىم ئەتىسى ئورنىدىن ئۆزگىرىپ قوپتى... ئۇ گۇلسۇمگە جاۋاب خەتنى يەنىلا

ئۆزۈڭ يازغىنىنىڭ تۈزۈككەن، دېدى. چۈنكى ئۇنىڭ بىر كېچە ئۇيقۇسىنى قاچۇرغان ئاجايىپ ئىنچىكە پىلان ئۇنى شۇ قارارغا كەلتۈرگەنىدى.

— مېنىڭ خېتىم سەت تۇرسا، — دېدى گۈلسۈم ئېرىگە قاراپ، — سىز يېزىڭ، مەن قول قويۇپ بېرەي...

— ياق ئۇلار مېنىڭ خېتىمنى تونۇيدۇ. ئەڭ ياخشىسى چالا ساۋات بولساڭمۇ ئۆزۈڭ ياز، مەن دەپ بېرەي...

«مەن ئېرىمنىڭ ئەرزىنى كۆردۈم. ئۇ پۈتۈنلەي ئەمەلىيەت، مەن ئۇ ئىشلارنى ئويلىسام ۋىجدان ئازابى ھېس قىلىمەن... ئۆتۈپ كەتكەن ئۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئويلاشنى، باشقىلارنىڭ تەكرارلىشىنى خالىمايمەن... بۇنىڭدىن چەكسىز نومۇس ھېس قىلىمەن. شۇڭا ئېرىم ئىككىمىزنىڭ تەلىپىنى تېزرەك قاندۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن...»

ئۇلار ئاجراشتى! 25 يىل باغرىنى - باغرىغا تاڭغان ئەر - خوتۇنلار ھېچنېمىگە تارتىشمايلا ئاجراشتى!... لېكىن قاسىم «داشۆ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەن قىز» نى ئەمەس، بەلكى ئىككى بالىسى بار بىر خوتۇننى ئېرىدىن ئاجراشتۇرۇپ نىكاھىغا ئالدى!!...

گۈلسۈم قاتتىق ئازابلاندى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى! شۇنداقتىمۇ بۇ ساددا، كەمسۆز، مۇلايىم ئايال قاسىمنى ئىككى ئاي ساقلىدى. ئۇ قايتىپ كەلمىدى. ئۈچ ئاي ئۆتكەندە پېشانە، يۈزلىرى قان بىلەن بويالغان قاسىم ئۆيگە كىرىپ كەلدى، ئۇ بىر كۆزى قارىغۇ قېيىن ئانىسىنى «دۈمچەك، يەكچەشمە، يالماۋۇز» دەپ غايىبانە تىللىدى، «مېنى نوغۇشتا ئۇرغان قوللىرىڭ قۇرۇپ كېتەر ئىلاھىم» دەپ قارغىدى.

— گۈلسۈم مەن ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كېتىمەن. چوقۇم قايتىپ كېلىپ بالىلىرىمنى ئۆزۈم باقىمەن.

— شۇنداق قىلىڭ قاسىم... بالىلارمۇ سىزنى سېغىندى. 25 يىلدىن بېرى سىز ماڭا قېرىنداشتەك بولۇپ قاپتىكەنسىز...

— لېكىن ئۇ ھەق تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

— ئۇنىڭغا نېمە لازىمكەن؟

— مۇشۇ گىلەمنى بەرسەك بولارمىكىن، — دېدى قاسىم تامدىكى چوڭ گىلەمنى كۆرسىتىپ.

— شۇنىڭ بىلەنلا قۇتۇلالايدىغان بولسىڭىز، مەيلى ئاپىرىڭ، لېكىن ئۆتۈنۈپ قالاي قاسىم، تېزرەك قايتىپ كېلىڭ...

گۈلسۈم كۈتتى، كۈنلەرنى، ھەپتىلەرنى ساناپ دېگۈدەك كۈتتى! ئىشىك شامالدا تاراقلاپ كەتسىمۇ، كوچىدا بىرەر شەپە ئاڭلانسىمۇ سىرتقا تەلمۈرەتتى. قاسىم دېگەندەك بىر ئاي بولغاندا قايتىپ كەلدى. ئۇ «خوتۇن بولماي كەتكۈر جەددال بىر گىلەمگە زادى رازى بولمىدى. يېلىندىم، يالۋۇردۇم، تاياقتەك قېتىپلا تۇرۇۋالدى» دېگەندەك يالغان - ياۋىداقلارنى ياغدۇرۇپ بېزىرىپ ئولتۇرۇۋالدى.

— ئۇنىڭغا يەنە نېمە لازىمكەن؟ ياكى مەندە پۇل بولمىسا، — دېدى گۈلسۈم ئېرىگە ئىچ ئاغرىتىپ.

— مۇشۇ گىلەمنى بەرسەڭ رازى بولارمىكىن، — دېدى قاسىم تامدىكى بەش گەز-لىك ئانار گۈللۈك گىلەمنى كۆرسىتىپ.

— بۇ... بۇ، — دېدى گۈلسۈم ئىككى خىيال بولۇپ، — ئاپام ئۆلۈۋدىغان ۋاقتىدا ماڭا قالدۇرغان تەۋەررۈك گىلەمتى.

— قانداق قىلىمىز خوتۇن، قولنى چىشلىمىگۈچە قان چىقمايدۇ...

— بوپتۇ بېرەيلى، سىز قايتىپ كەلسىڭىز يەنە قىلىۋالارمىز.

قاسىم گىلەمنى قولتۇقلاپ هويلىغا چىقىپ تۇرۇشىغا هاۋانىسا هويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ دادىسىنىڭ ئويناۋاتقان ئويۇنلىرىنىڭ تېگىگە يەتتى - دە، دەرهال ئۇنىڭ ئالدىنى توستى ۋە گىلەمگە ئېسىلدى.

— گىلەمنى نەگە ئاپىرىسىز؟ مەن ئۇنى بەرمەيمەن...

— سېنىڭ چاتىقىڭ بولمىسۇن، ئاپاڭ ئۆزى...

— مەيلى قىزىم قويۇۋەت، ئۇنى مەن بەردىم... داداڭ قايتىپ كەلمەكچى...

— ياق ئاپا، سىز ئەخمەق بولماڭ. ئۇ... ئۇ قايتىپ كەلمەيدۇ... سىز قاچانغىچە ئالدىنىسىز؟... مەن بۇ گىلەمنى سېتىپ ئىككى ئۇكامنىڭ ئوقۇش راسخوتىنى، كىيىم - كېچىكىنى غەملەيمەن دەپ يۈرگەن تۇرسام.

— قويۇۋەت قانجۇق!...

قاسىم هاۋانىسانى غەزەپ بىلەن بىر ئىتتەردى - دە، دەرۋازىدىن كىرىۋاتقان سابىت ئەپەندىگە سوقۇلغىنىچە چىقىپ كەتتى. هاۋانىسا بىرنەچچە قەدەم نېرىدا تۇرغان تەشتەك گۈلگە سوقۇلۇپ يىقىلىپ چۈشتى. سابىت ئەپەندى دەرهال بېرىپ قىزنى يۆلىدى. هاۋانىسانىڭ بۇرنى قاناپ كەتكەنىدى. هەدىسىنىڭ مەيدىسىگە چاچ-رىغان قاننى كۆرۈپ هاۋانىسانىڭ ئىككى ئۇكىسى يىغلىماقتا ئىدى.

— رەھمەت سىزگە سابىتجان ئەپەندىم، مەلىدىكىلەر تاماشا كۆرۈشنىلا بىلىدۇ، — دېدى گۈلسۈم دەرۋازا ئالدىغا يىغىلىۋالغانلارغا قاراپ.

— قېنى، بۇرنىڭىزنى يۇيۇۋېتىڭ، — دېدى سابىت ئەپەندى چۆگۈننى قولىغا ئېلىپ، — لۆڭگە بارمۇ؟

گاڭگىراپ قالغان گۈلسۈم ئۆيگە كىرىپ كەتتى. سابىت ئەپەندىمۇ هاۋانىسانى ئاستا يۆلەپ ئۆيگە كىردى. توغرىسىغا تارتىلغان ئارغامچىدىكى پاسكىنا لۆڭگىنى خىجىللىق بىلەن ئۇزارتالماي تۇرغان گۈلسۈمگە دىققەت قىلمىغاندەك قىلغان سابىت ئەپەندى ئۆزىنىڭ پاكىز قول ياغلىقىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئاغزى - بۇرۇنلىرىنى سۈرتتى.

— رەھمەت ئاكا، — دېدى قىز خىجىل بولۇپ، — مەن سىزنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغان، ئەسەرلىرىڭىزنى كۆرگەن... سىزنىڭ بىزگە قوشنا بولۇپ قېلىشىڭىزنى ئويلىماپتىكەنمەن...

— بايىقى كىشى كىم بولىدۇ، — دېدى سابىت ئەپەندى گۈلسۈمگە قاراپ.

— ئۇ باللارنىڭ دادىسى بولىدۇ... ھازىر...

سابىت ئەپەندى ئوشۇق كەپ سورىمىدى. چۈنكى «ھازىر» سۆزى ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەنىدى.

— ئەسلىدە قىزىم ئۇ گىلەمنى سېتىپ ئۇكىلىرىغا كىيىم قىلىپ بەرمەكچىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 10 - سىنىپتا ئوقۇۋاتقان بالىنىڭ ئوقۇش راسخوتىمۇ ئاز بولمايدىكەن.

— ئۇنداقتا گىلەمنى نېمە ئۈچۈن بەردىڭىز؟

— ئۇ... ئۇ... — ئايال دەماللىققا كەپ قىلالمىدى.

— بۇ ئىككىنچى قېتىملىقى، — دېدى تامغا يۆلىنىپ تۇرغان ھاۋانىسا ئېغىر خورسىنىپ، — تۇرمۇش ئاپامنى ئازگىرىتىۋەتتى. ئۇ قايتىپ كېلەمەن دېسىلا ئاپام ئىچ - باغرىنى سۇغىرىپ بېرىدۇ...

— مەن... مەن قانداق قىلىمەن، — دېدى گۈلسۇم يىغلامسىراپ، — سەنمۇ دوستلىرىڭنىڭ ئۆيىدە قورسىقىڭنى تويغۇزۇپسەن، ئىككى ئۇكاڭ ئەتىگەن يېگەنچە...

— ئاپا!...

ھاۋانىسا نومۇس قىلدى بولغاي زەردە بىلەن ئاپىسىغا ئالايدى. سابىت ئەپەندى ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ ياقتۇرۇپ قويغان بىر دەستە ناننى داستىخانغا يۆگىدى. توڭلاتقۇدىن بىر سان گۆشنى ئېلىپ ئۇلارغا ئەكىرىپ بەردى - دە، چىقىپ كەتتى.

مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن سابىت ئەپەندى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئارىلىشىپ قالدى. ئارىلىقتا قىزى پەرىدەدىن دەپتەر - قەلەم دېگەندەك نەرسىلەرنى كىرگۈزۈپ بېرىپ تۇردى. پەرىدەمۇ ئۇلارنىڭ كىچىك قىزى بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇغاچقا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قېلىشتى. بىر كۈنى سابىت ئەپەندى بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدىكى چايدىن كەچ قايتتى. يولدا كەلگەچكە قىزىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭ جېنى تەۋەشۇتىغا كەلدى. لېكىن ئۆيگە كىرىشى بىلەن پەرىدەنىڭ تاپشۇرۇقلىرىغا ياردەم بەرگەچ قورچاققا كىيىم تىكىۋاتقان ھاۋانىسانى كۆردى! سابىت گويا يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەندەك «ئۇھ» دېدى - دە، يېنىك تىن ئالدى. پەرىدەمۇ دادىسىغا ئېسىلىپ ھاۋانىسا ھەدىسىنى ماختاپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى. مانا شۇندىن باشلاپ سابىت ئەپەندى بىرەر ئولتۇرۇش، توي - تۆكۈنلەردە خاتىرجەم ئولتۇرالايدىغان بولدى. ئارىدىن ئاز ئۆتمەي سابىت ئەپەندى بىر تويدىن كەچ قايتتى. ئاي قاراڭغۇسى ئىدى. ئۇ ئۆيى ئالدىغا كەلگەندە يول چېتىدىكى كۆتەكتە بىر قارا گەۋدىنىڭ چوقچىيىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇمۇ سابىت ئەپەندىنى تونۇدى بولغاي، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ گۈلسۇم ئىدى.

— كېچىدە بۇ يەردە يالغۇز ئولتۇرۇپسىزغۇ، — دېدى سابىت ئەپەندى.

— پەرىدە بىزنىڭ ئۆيدە ئۇخلاپ قالدى... ئۇ ھاۋا ھەدىسىگە بەك ئامراق.

— رەھمەت سىلەرگە، سىلەرنى تولىمۇ بىزار قىلىۋەتتىمغۇ دەيمەن... ھازىر ئۆي خىزمەتچىسى تاپماق بەكمۇ قىيىنكەن.

— سىلىنىڭ قىلغانلىرىغا قارىغاندا، بىزنىڭ قانچىلىك ئىشتى.

سابىت گۈلسۇمنىڭ ئىچكەركى ئۆيىگە كىرگىنىدە ھاۋانىسا بىلەن پەردە يوتقان ئىچىدە قۇچاقلىشىپ ياتاتتى. ھاۋانىسانىڭ ئاپئاق بىلەكلىرى قىزنىڭ بويىنىدا ئىدى. سابىت ئەپەندى گۈلسۇمگە قارىشىغا، ئۇمۇ بىر ئىشنى سەزدى بولغاي، پەردەنى ئاۋايلاپقىنە ئالدى. لېكىن ئويغىنىپ كەتكەن ھاۋانىسا سابىت ئەپەندى كۆرۈش بىلەن شالپەردەك قىزىرىپ كەتتى-دە، پاكىز چىت يوتقان بىلەن يۈزىنى يېپىۋالدى...

سابىت ئەپەندى قىزىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ بىلەن گۈلسۇممۇ بىللە چىقتى. ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر بىر نېمە دېمەكچى بولاتتى-يۇ، دېيەلمەي تۇراتتى.

— گۈلسۇم ھەدە، بىرەر گەپلىرى بارمىدى، — دېدى سابىت ئەپەندى ئۇنىڭ خىجالەتچىلىك قاپلىۋالغان چىرايىغا قاراپ، — ئوچۇق دېسىلە، ياكى تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالدىلىمۇ؟

— ئەسكى-تۈسكى يىغىۋېلىش ئىدارىسىدىن تېخى پۇل تارقاتمىدى، — دېدى ئۇ بوغۇزىغا بىر نېمە تىقىلغاندەك قىلىپ، — نورمىمىزنى ئەكىلەلمىدۇق. شۇڭا قەرزگە...

— بولىدۇ، ئەتە ئەتىگەن مەن ئۆزۈم يەتكۈزۈپ بېرەي، يېنىمدىكى ئازراق تۇرىدۇ.

— ياق، ياق مەن ئۆزۈم كىرەي، ھاۋا بىراۋغا داد ئېيتىشىمنى خالىمايدۇ.

* * *

ھاۋانىسا 11-سىنىپقا كۆچۈپ بىرىنچى مەۋسۇملۇق ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتقان مەزگىل ئىدى. گۈلسۇم يىغقان ئەسكى-تۈسكىلەرنى ئۆتكۈزۈپ ماغدۇرسىز پۇتلىرىنى ئارانلا يۆتكەپ ھارۋىسىنى سۆرەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا بىر دوستى يولۇقۇپ قالدى. ئۇلار يولدا بىردەم پاراڭلاشتى. بۇ ئايال بىر يېڭى خەۋەرنى يەتكۈزگىنىدە گۈلسۇم ئايلىنىپ يىقىلغىلى تاسلا قالدى. ئۇ سوتتىكىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە تېز ئاجراشتۇرۇۋەتكەنلىكىنىڭ تېگىگە يەتتى. قاسىم ئۆز ئەرزىدە «چوڭ قىزىم ھاۋانىسا ھارامدىن بولغان. بۇنىڭغا گۈلسۇم ئىقرار» دېگەن ئىدى. گۈلسۇم ئۆزىنىڭ نادانلىقىغا، گوللۇقىغا، ساددىلىقىغا خۇددى قوقاستا پۇچۇلانغاندەك تولغاندى. لېكىن ئورنىغا كەلمىدى. ئۇ قايتا سوتقا بارماقچى بولدى-يۇ، يەنە يالتايدى، چۈنكى سوتتىكىلەر ئېرىنىڭ ئەرزىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، پىكرىڭىزنى يېزىپ كېلىڭ، دېگەن تۇرسا، جاۋاب خەتنىمۇ ئۆزى يازغان تۇرسا...

گۈلسۇم خۇددى يىلتىزىنى قۇرت يېگەن گىياھتەك سولۇۋاتقان بولسىمۇ بۇ مەخپىيەتنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ، ھاۋانىساغا تىنمىدى.

ھاۋانىسا بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرمەكچى ئىدى، لېكىن دەرس مېڭىسىگە چۈشمەيتتى. ئۇ دىققىتىنى يىغىپ، چىشىنى چىشلەپ ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلەرگە ھەرقانچە كۆڭۈل بۆلسىمۇ يېرىم توق، يېرىم ئاچ، ئۈستىبېشى جۇلجۇل، شالاقلاپ كەتكەن ھارۋىنى سۆرەپ ئەخلەتخانىلاردا يۈرگەن ئىككى ئۇكىسى، كۈنسېرى سارغىيىپ كەمسۆز بولۇپ كېتىۋاتقان ئاپىسى كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى.

شۇڭا ئۇ مەۋسۇملۇق ئىمتىھانىنىڭ ھارپىسىدا مەكتەپتىن چىقىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ ئاپىسىغا ياردەملىشىپ ئائىلىسىنىڭ يۈكىنى تەڭ كۆتۈرمەكچى، ئۇكىلىرىنى ئوقۇتماقچى ئىدى.

بىر كۈنى سابىت ئەپەندى هاۋانىسانى ئۆيىگە چاقىرتتى. هاۋانىسا پەردەنى يېتىلەپ كىرىپ كەلگەندە ئۇ كىتاب كۆرۈۋاتاتتى.

— كېلىڭ هاۋا، يۇقىرى ئۆتۈڭ. مەن سىزگە چاي دەملەپ بېرەي، — دېدى سابىت ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

— ياق دادا، — دېدى پەردە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، — هاۋانىسا ھەددەمگە ئۆزۈم ناۋات سېلىپ چاي دەملەپ بېرىمەن.

— سىڭلىم، سىزنى مۇنداق بىر سەۋەب بىلەن چاقىرتقان ئىدىم، — دېدى سابىت ئەپەندى تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېتىپ، — مەن 15 كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن پوۋېست ئىجادىيەت يىغىنىغا بارماقچى ئىدىم. پەردە سىلەرنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ تۇرسا بولارمىكىن دېۋىدىم.

— نېمىشقا بولمايدىكەن، بولىدۇ، — دېدى هاۋانىسا سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — لېكىن پەردەم ئەركىن - ئازادە شارائىتتا چوڭ بولغان نازۇك قىز، بىزنىڭ ئۆي سەل قالايمىقان، قوشۇلسىڭىز سىز كەلگىچە مۇشۇ ئۆيىڭىزدە پەردەمگە قاراپ تۇرسام...

— ئوقۇۋىشىڭىزچۇ؟

— مەكتەپتىن چىقىپ كەتتىم...

— چىقىپ كەتتىم؟! — سابىتنىڭ سەل ئاچچىقى كەلدى، ئوقۇمامسىز؟

— شۇنداق. ئىش تېپىپ ئىشلەي دەيمەن.

سابىت ئەپەندى يىغىنىدىن قايتىپ كەلگەندە هاۋانىسا گۈلدەك ئېچىلغان هالدا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. پەردە بولسا خۇشاللىق ۋە هاياجان ئىلكىدە يۈگۈرگىنىچە كېلىپ دادىسىغا ئۆزىنى ئاتتى. سابىت ئۆيىگە كىرىشىگە بىر خىل يېڭىلىق ھىد بۇر-نىغا گۈپپىلا ئۇرۇلدى. پاكىز، رەتلىك، ھەممە نەرسە جاي - جايىغا سەرەمجان-لاشتۇرۇلغان ئۆي ئۇنىڭ كۆڭلىنى ۋىللىدە ئېچىۋەتتى.

— دادا، هاۋا ھەددەم بەكلا ياخشىكەن، — دېدى پەردە شادلىقتىن ئېچىلىپ، — ئۇ مېنى باغچىلارغا، مەدەنىيەت سارايلىرىغا، ئورمانلارغا ئاپىرىپ ئويناتتى.

— رەھمەت سىزگە سىڭلىم، — دېدى سابىت ئەپەندى هاۋانىساغا چىن قەلبىدىن مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، — ئۆزىڭىزغۇ بىر گۈل، قولىڭىزمۇ بىر گۈلكەن، مەن سىزگە قايىل بولدۇم.

هاۋانىسا ئۈندىمىدى، لېكىن نېمە سەۋەبتىندۇر چىرايىدا بىلىنەر - بىلىنمەس خىرەلىك سېزىلدى.

— دادا جۇرۇڭ، يېزىق بۆلۈمىڭىزگە كىرەيلى، — دېدى پەردە دادىسىنىڭ قولىدىن سۆرەپ.

قىزىنىڭ قولىدىن تارتىشى بىلەن ئىككىنچى قەۋەتتىكە كۆتۈرۈلۈپ ئىشخانىسىغا كىرگەن سابىت ئەپەندى تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى! ئۇ بۇ بۆلۈمنى ھەپتە - ئون كۈندە بىرەر قېتىم سۈپۈرۈپلا قوياتتى. شۇڭا رەڭدار پولمۇ رېڭىنى پەرق ئەتكۈسىز كىرلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنى يېزىپ، بۇنى قويۇپ دېگەندەك قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ماتېرىياللار

چېچىلىپ ياتاتتى. يېزىق ئۈستىلىمۇ قەغەز - قەلەم، دۇۋەتلەر بىلەن تولغانىدى. مانا ئەمدىلىكتە ئۇ ئۆز بۆلمىسىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشكە ئەيمەندى... قىپقىزىل تاۋلانغان پول، ماتېرىياللار رەت - رەتى بىلەن... دېرىزە تەكچىسىگە گۈللەر تىزىلغان، يۇيۇلۇپ دەزماللانغان دېرىزە پەردىلىرىدىن گۈپۈلدەپ ئەتىرە ھىدى كېلىدۇ... تېخى يېزىق ئۈستىلى ئۈستىدە شۇنداق كۆركەم بىر قەلەمدان تۇراتتى. بۇ قەلەمداندا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ئىككى قۇش بىر - بىرىگە قاراپ سايراۋاتقان قىياپەتتە ئىدى. قۇشلارنىڭ ئالدىدا ئىككى بامبۇك نوتىسى قەد كېرىپ تۇراتتى. «ئاياللارنىڭ كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان گۈزەللىكى ئۆي ئىشىدا بىلىنۇر» دېگەن راست ئىكەن - دە! ئۇ چەكسىز مىننەتدارلىق، رازىمەنلىك بىلەن ھاۋانىساغا قارىدى. ئۇ بولسا قوللىرىنى قوشتۇرغان ھالدا يەرگە قاراپ تۇراتتى...

— دادا، بۇنى ھاۋا ھەدەم مېنى باغچىدا ئوينىتاقاندا ئالدى. ماۋۇ قۇش سىز، ماۋۇ قۇش ھاۋا ھەدەم، بۇ بامبۇك نوتىسى بولسا مەن، — پەرىدە چۈكۈلداپ سۆزلىگىنىچە ئىككى بامبۇك نوتىسىنى تارتىۋىدى، بىرى ماي قەلەم، يەنە بىرى رەڭ ئىچۈرىدىغان قەلەم بولۇپ چىقتى.

— بۇ... بۇنى، — سابىت ھاۋانىساغا قارىدى.

— سىز راسخوت ئۈچۈن بەرگەن پۇلغا ئالدىم. تېخى بىرئاز پۇل ئېشىپمۇ قالدى.

ھاۋانىسا پارچە - پۈتۈن بولۇپ 12 يۈەندەك پۇلنى ئۈستەلگە قويۇۋىدى، سابىت ئەپەندى سەمىمىيلىك بىلەن:

— بۇنى يانچۇقىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ، لازىم بولا، — دېدى.

— بولدى، ئاپامغا ئىش ھەققىم ئۈچۈن بەرگەن پۇلىڭىزمۇ يېتىپ ئاشىدۇ، — دېدى ھاۋانىسا خىجالەت بولغاندەك قىزىرىپ، — ھە راست، سىزگە ئاش سېلىپ بېرەي...

ئۇ چىقىپ كەتتى. لېكىن پەرىدە پىچىرلاپ سۆزلىدى:

— ھاۋا ھەدەم «دادىڭىز قانداق تاماققا ئامراق» دېۋىدى، مەن «لەگمەنگە» دېدىم. شۇڭا ئۇ...

سابىت ئەپەندى بۇ كېچە ھاۋانىسانى ئويلاپ چىقتى. ئۇنىڭ خىياللىرى گويا تالى - مەجنۇن پۇتىلىسىدەك قاياقلارغىدۇر توزۇماقتا ئىدى. ئائىلىسىنىڭ ئېغىر تۇرمۇشى ئۇنى ئوقۇشتىن قول ئۈزۈشكە مەجبۇر قىلغانىدى. ئېغىر ھايات يولى ئۇنى تاۋلىدى، چېنىقتۇردى. ئەلۋەتتە جەڭگاھ بولمىسا — باتۇر چىقمايدۇ، بوران - چاپقۇن قارىغاي نوتىلىرىنى يېتىلدۈرىدۇ، قار - يامغۇر، جۇدۇن - چاپقۇن قورام تاشلارنى چىڭىتىدۇ... لېكىن پارىنىڭ گۈلى قانداق قىلىپ تاغ لەيلىسىنىڭ مۇھىتىغا كۆنەلىسۇن!...

سابىت ئەپەندى ئەتىسىدىن باشلاپ پۈۋېست ئىجادىيەت يىغىنىدا چۈشكەن پىكىرلەرگە ئاساسەن ئۆز ئەسىرىنى تۈزىتىشكە كىرىشىپ كەتتى. ھاۋانىسا بولسا ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، ھەر كۈنلۈكى چۈشلۈك تاماقنى ئېتىپ بېرىشكە كىرىپ تۇردى. بۈگۈن ئۇ كىرمىدى. سائىتىگە قارىغان سابىت چۆچۈپ كەتتى. پەرىدەنىڭ مەكتەپتىن كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغانىدى. ئۇ تاماق تەييارلاش

ئۇچۇن ئىشىكتىن چىقتى. ئىككىنچى قەۋەت پەلەمپىيىدە چىرايى تامدەك تاتارغان ھا-ۋانىسانىڭ پەلەمپەيي سالاسۇنىغا يۆلەنگىنىچە خۇددى ئۇخلاپ قالغاندەك ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىدا پۇرلاشقان بىر پارچە خەتمۇ تۇراتتى.

سابىت ھاۋانىسانى دەرھال يۆلەپ بۆلمىگە ئېلىپ كىردى - دە، سافاغا ئولتۇرغۇزدى ۋە قايتا چىقىپ خەتنى ئېلىپ كىردى. خەت قاسىمنىڭ ئەينى ۋاقىتتا سوتقا ئۇتقان ئەرزىسى ئىدى. ئۇندىدا ھاۋانىسانىڭ ھارامدىن بولغانلىقى، بۇنىڭغا گۈلسۇمنىڭ ئىقرار ئىكەنلىكى، ھەتتا گۈلسۇمنىڭ ئۆزىگە يۈز كېلەلمەيدىغانلىقى ۋە بىرمۇنچە ئىنتايىن يىرگىنىشلىك ئويدۇرما پاكىتلار يېزىلغانىدى...

— خەتنى ماڭا بېرىڭ، ئۇ... ئۇ ماڭا كېرەك، — دېدى ھاۋانىسا سافادىن قولىنى سوزۇپ.

سابىت ئاچچىقىدا بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق شورىدى. ئەسلىدە ئۇ بۇ ئىشنى سىر قىلىپ ساقلاشقا گۈلسۇمگە ۋەدە بەرگەنىدى. ئەمما بۈگۈن قاسىم نېمە سەۋەب-تىن ئۆز قىزىغا بۇ رەسۋا خەتنى بەردىكىنە؟

— ئېيتىڭا ھاۋانىسا، بۇ خەتنى سىز نەدىن ئالدىڭىز؟

— ئۇ... ئۇ... ئۆزى بەردى!...

— ئۇ كەپتىكەنما؟

ھاۋانىسا سافا يۆلەنچۈكىگە ئۆزىنى تاشلاپ ياش تۆككەن ھالدا ئازابلىنىپ سۆزلىدى.

تەكشىلىۋالغان قاسىم كىرىپ كەلگىنىدە گۈلسۇم تېخى ئىشتىن كەلمىگەن بولۇپ ئۆيدە ھاۋانىسا بار ئىدى. قاسىم ھىجايدى، گۈلسۇمنى سورىدى، ھاۋانىسا قوشۇملىرى-نى تۈرگىنىچە ئۇن چىقارماي ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋەردى. قاسىم ئەسلىدە خوتۇنىنى ئالداپ ئۆي خېتىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. ئەگەر ئۇ، بۇ قېتىم قاپقانغا چۈشمەي قالسا خەتنى كۆرسىتىپ ئۇنى قىستاپ رەزىل مەقسىتىگە يەتمەكچى ئىدى. قاسىم تاماكا ئوردى، ئۆينىڭ تۆت تېمىغا قارىدى، بىرھازا تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن ھاۋانىساغا تىكىلدى:

— ماڭ، ئۆي خېتىنى ئېلىپ چىق...

— ئۆي خېتىنى!؟ — ھاۋانىسانىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلدى، — نېمە ئۈچۈن؟

— خوتۇن بىلەن ئاجرىشىش ئۈچۈن قورۇنى ساتىمەن!

— ئاپامنى ئالدىغىنىڭىز بىلەن مېنى ئالدىيالمايسىز، — ھاۋانىسا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — بىز نەگە بارىمىز، نەدە تۇرىمىز!؟

— مەن سىلەرگە ئىجارىگە ئۆي ئېلىپ بېرىمەن...

— قۇرۇق گەپ! ئالدامچىلىق!

قاسىم قىزى بىلەن خېلىلا ئۆرە - تۆپە بولۇشقان بولسىمۇ ھاۋانىسا پەيلىدىن يانمىدى. ھەتتا ئۇ ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان كەكىنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ: «مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئاندىن ئۆي خېتىنى ئېلىڭ!» دەپ قوللىرىنى ئىككى ياققا كېرىپ ئىشىكتە تۇرۇۋالدى. ئامالسىز قالغان قاسىم قايتماقچىمۇ بولدى. لېكىن بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئابىدەنىڭ ئالىيىپ تۇرغان كۆزلىرى پەيدا بولدى!

ئابىدە ئوغلى يولۋاس بىلەن بىرەر ئايدىن بېرى كۆپىرەك دەسمىسى سېلىپ

سودىگەرچىلىك قىلماقچى بولۇپ، قاسىمنى قورۇسىنى سېتىشقا قىستاۋاتاتتى. بۈگۈن ئەتىگەن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بىر مەيدان ئېلىشىش يۈز بەردى. ئىچكىرى ئۆلكىدە 3 - 4 ئاي تۇتۇلۇپ دەسمايىلىرىدىن ئايرىلىپ قايتىپ كەلگەن يولۋاسمۇ يېڭىنى شىمايلاپ چىقتى:

— ھەي ئاپا، سەن نېمانچە قاپاقباش دەيمەن، تەييار ئۆي، تەييار تاماق، تەييار خوتۇن... مانا قارا، كۆرىۋاتامسەن؟ سەن ئۇ ئادەمنى ئۆيىمىزگە پادىشاھ خوجا قىلىپ تىكلىۋالغىنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھالى شۇنچىلىككەن. ئۇنىڭ كىچىككىنە پاسكىنا قورۇسىنى سېتىشقىمۇ قورسىقى ئاغرىۋاتىدۇ.

— ھەي ساتامسەن يوق، — دېدى ئابىدە ئوغلىنىڭ تاپا - تەنىسىدىن تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، — زادى قورسىقىڭدىكى گەپنى قىلە!

— خىزمەتتىن ئايرىلىپ سودىگەرچىلىك قىلىشتىن زادى نېمە پايدا!؟ — دېدى قاسىم غودۇڭشىپ.

— نېمە پايدا، ھېھى، — ئابىدە دىمىغىنى قاقىقانچە قايناپ كەتتى، — مەن ساڭا سۆزلەپ ئاغزىم ئۇپراپ كەتتى. بىلەمسەن، ئاستىڭدا موتو، كىچىك ماشىنا بولىدۇ. ئەتراپىڭدا چاكارلىرىڭ «خوش» دەپ تۇرىدۇ. يېگىنىڭ ئالدىڭدا، يېمىگىنىڭ كەينىڭدە. خوجايىن بولسەن ئۇقتۇڭمۇ! قورۇيىڭنى سېتىپ ئىككى - ئۈچ تۈمەن دەسمىي سالغىنىڭچۇ قېنى؛ بىر يىلغا قالماي نى - نى خوجايىنلارنى بېسىپ چۈشىدىغان بولسەن. مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلامسەن - يوق؟ مېنىڭ دېگىنىمنى قىلساڭ قىل، قىلمىساڭ ئۆز مەيلىڭ، لېكىن بوسۇغامغا دەسسىگۈچى بولما!...

قاسىمنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئابىدەنىڭ ئاۋازى قايتا ياڭرىغاندەك بولدى - دە، خۇددى كۆكۈيۈن چېقىۋالغاندەك چۆچۈپ ھاۋانىساغا كۆلەيدى.

— زادى ئۆي خېتىنى بېرەمسەن - يوق!

— بەرمەيمەن!...

— قېنى بەرمىگىنىڭنى مەن بىر كۆرەي...

قاسىم ئىشىكنى جالاقلاتتى، لېكىن ئىشىك ئېچىلمىدى، ئاخىر ئۇ قۇلۇپنى قايرىدى. بۇنى كۆرگەن ھاۋانىسا قاسىمنى ئىتتىرىۋېتىپ ئىشىكنى توسۇۋالدى. قاسىم ئۇنى بىر كاچات سالدى.

— ئۇرۇڭ، مېنى ئۇرۇڭ... ئۆلتۈرۈۋېتىڭ، بۇنداق ياشىغاندىن ئۆلگىنىم تۈزۈك، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭ دەۋاتىمەن! — ھاۋانىسا دەھشەتلىك ۋارقىرىدى ۋە ھاسىرىغىنىچە سۆزلەشكە باشلىدى، — سىز ئاپامنى ئالدىدىڭىز... دەپسەندە قىلدىڭىز... ھازىر ئاپام ئاياغ ئاستىدا ئېزىلگەن چۈمۈلىدەك، ئۆمۈچۈك تورىدا يەم بولغان ھاشاراتتەك، چاڭگىسى بۇزۇلغان قۇشتەك بولۇپ قالدى! سىزنىڭ بىزگە ئىچىڭىز ئاغرىمامدۇ، بىز سىزنىڭ بالىلىرىڭىز ئەمەسمۇ؟ بىز بارار - تۇرار يېرى يوق ئىت كۈچۈكلىرىدەك ئىڭرايمىز... كىشىلەر ئىشىكلىرىگە تەلمۈرىمىز... ئالدىمىز گۆردەك قاپقاراڭغۇ... سىز ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ كەتتىڭىز! يوقىلىڭ... سىزدەك دادام يوق!...

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن

# مەپتۇنكار تۈنلەردە سىلىككەي ھىجران

## پىكىرسىز قەترە

ئۇزۇن كېچىلەردە سېنى ئويلايمەن،
چېچىڭغا گۈل چەمبەر قويۇپ، ئەزىزىم.
شاھانە تۇرقىڭغا بېقىپ تويمايمەن،
بۇ خىيال، دەيمەنۇ سۇكۇناتتا جىم.

يۇلتۇزلار ئىچىدىن سېنى ئىزدەيمەن،
پەرىشتە سىياقلىق ئېھ ساھىبجامال.
بىقارار ئاشىقتەك ساڭا سۆزلەيمەن،
بۇ خىيال، دەيمەنۇ، بىردىن بولۇپ لال.

باغلاردا يۈرىمەن تۇتۇپ قولۇڭنى،
لەۋ سۆيۈپ، ئالۇچا، بۆلدۈرگەن سۆيۈپ.
تىڭلايمەن خۇش، لەرزان، شېرىن ئۈنۈڭنى،
بۇ خىيال، دەيمەنۇ جىملىققا چۆكۈپ.

رەستىلەر كېزىمەن بىللە سەن بىلەن،
كۆڭلەكلەر ئەرزىمەس ئېسىل كۆكسۈڭگە.
جىسمىڭدىن ھارارەت سېزىپ تۇرار تەن،
بۇ خىيال دەيمەنۇ كېلىپ ئۆزۈمگە.

سەن ئەرۋاھ ۋە ياكى تۇغۇلمىغان روھ،
خىيالچان شائىرنى دېرەكلەپ يۈرگەن.
ياكى مەن بىر ئەما، كۆرەلمەي ئۇپۇق،
ياندىكى جانانىنى خىيالەن كۆرگەن.

## ۋەسلىڭ قۇچۇپ جان ئۈزمەك ئارام

تاغ چۆككەندەك مەيۈس بۇ كۆڭۈل،
ئۈمىد چۆكتى، تەقەززا چۆكتى.
نىمجان قۇشتەك پەرلىرىم جۇل-جۇل،
بۇ ھالىمغا كۆزۈم ياش تۆكتى.

نە ئەيلەيىن كۈنىمۇ مۆكۈندى،
تاقەت قىلىپ ئاسماندا بىر چاغ.
چىنار قەددىم بىردىن پۈكۈلدى،
يىلپىز تېرە — باغرىمدا مىڭ داغ.

قانغىرىدىم تەمتىرەپ ھەر يان،
يول ئاداشقان بوتىدەك ئەنسىز.
يوق تېنىمنى قويارغا ماكان،
بارچە ھەسرەت يارالمىش سەنسىز.

خەنجەر تۇتۇپ كەلسەڭمۇ ھەتتا،
پېتىقىرىڭغا ئۇ مىسلى بايرام.
زەھەر ئېلىپ كەلسەڭمۇ، ماڭا،
ۋەسلىڭ قۇچۇپ جان ئۈزمەك ئارام.

### كىرپىكلىرىم يولۇڭنى پەرلەر

كەل گۈزىلىم، كەل ساھىبجامال،
كۆپ تەلمۈرۈپ كۆز بەسىر بولدى.

ئىچ، گۈزىلىم، ئىلكىڭگە تېز ئال،
لېۋىمدىكى مەي جامىڭ تولدى.

كۆز پەرلىگەن كىرپىكتەك گويا،
كىرپىكلىرىم بولۇڭنى پەرلەر.
شادلىق بىلەن قايغۇنى دۇنيا،
پەقەت ساڭا جەملەپتۇ دىلبەر.

نىگاھىڭدا نىجاد ئىلاھى،
تىنىقلىرىڭ دەمى مەسىھا.
ئىككىمىزنىڭ كۈلگەن ۋىسالى،
بولۇپ قالسۇن ھۆرلۈككە سىيدا.

## كۆز ياش

ئېيتىنچۇن ۋىسالدىن كېيىن تۆكتۈڭ ياش،
ئېيتىنچۇن يوشۇردۇڭ ئۈنى بوستان چاچ.
يېشىڭدا بىر ئىزگۈ سىرنى قىلدىڭ پاش،
بەلكى ئۇ ئۆمرۈڭنىڭ يەكۈنى جانان.

ھە، تۈنجى لەۋ ئەمەس مەكزىڭدە لېۋىم،
ھە، كۈتكەن مېھرىڭگە دىلكەشتۇر مېھرىم.
دىللارنى چاتقاچقا ئۇلۇغ مۆرەبىيىم،
بەلكى ئۇ يىللىق ياش بوپ ئاقتى ئارمان.

كۈلكىلەر ئېسىمدە، ئەمما شۇ يېشىڭ،
قەلبىمدە ساقلىنار بولۇپ سىردىشىڭ.
كۆكسۈمدە ئارمانسىز چاچ تولغان بېشىڭ،
بەلكى ئۇ ياش بولۇپ كۆرۈنگەن ۋىجدان.

ۋىسالدىن كۈلگەن كۆپ، ئۆلگەن تېپىلماس
مەكزىڭگە ئىخلاسسىز يېشىڭ يېپىلماس.
ئۆمۈر يەكۈنىڭگە غۇبار قېتىلماس،
ھاياتنى سۆيگۈگە قىلغاچقا مىزان!

## قەدرىڭنى تەرىپلەپ بېرەلمەس ئەينەك

پەرداز ئۈستىلىگە باقىسەن دىلبەر،
ئەينەككە ئەركەكلىك زوۋقىن بېغىشلاپ.
سىياقىڭ — كۈن كۈلۈپ بالقىغان سەھەر،
مەجنۇنتال چېچىڭدا ئويناپدۇ ئاپتاپ.

كۆزۈڭدىن كەتمىگەن سۈرمىنىڭ ئىزى،
لېۋىڭگە لاك سۈرۈپ قىلدىڭ تەبەسسۇم.
سەن سالغان خىياللار، ئېھ ئۇيغۇر قىزى،
پەردازدىن مىڭ ھەسسە گۈزەل ۋە مەسۇم.

بىلمەيمەن بەختىڭنى، قۇرئىچى ھەتتا
بىلەلمەس قىسمىتىڭ، ئېھ ساھىبجامال.
«بەختىڭ ئۆز پەيلىڭدە!» دېگەن پىر دانا،
بەختسىز — ئەرزىمەس ھېسلارغا قامال.

جانانسەن سىڭىل سەن، ئانا سەن ئەلگە،
قەدرىڭنى تەرىپلەپ بېرەلمەس ئەينەك.
ئەۋلادىڭ پۈچۈلغاي ئالدانساڭ يەلگە،
ئايالىق شۆھرىتىن تاپار پاك يۈرەك.

## مەپتۇنكار تۈنلەردە

تۈن ئىشقى ئۆزگىچە، تۈنلەردە جانان،
بىر ئالەم ۋەزنىگە تەگدۇر سىياقىڭ.
ئايالىق شەكلىگە كىرگەنمۇ جاھان،
باغرىمنى بىر ئالغان چېغى پىراقىڭ.

قارامتۇل كۆللەرگە بولىسەن پىنھان،
مەجنۇنتال ئاستىدا خىلۋەتگاھ زېمىن.
سېرىنگۈل ھىدلىرى ھىدىڭ ئوخشىغان،
ئەڭ نازۇك تۇيغۇمنى قوزغايدۇ مەيىن.

نەلەردە چىراغلار، يۇلتۇزلار گويا،
سېھىرلىك كېچىگە سېھىرلەر قوشقان.

لەلەردە لەۋلەرىنىڭ تىۋىشى يانا،
ياپراقتا تامچىغان شەبنەملەر سىمان.

تەۋالىق زوقلىنار خىيالىمىدىن ھەم،
مەپتۇنكار تۈنلەردە سىلىكىكەي ھىجران.
تويىمىدىن جاي سۈنسا بۇ تۈنكى كۆكلىم،
بەھرىدىن ۋاز كەچمەك ئەمەسمۇ ئارمان.

## مۇھەببەتكە ھاكىم شۇ رىتىم

ئارىمىزدا سايرايدۇ بىر قۇش،
تىنىقلىرىڭ — نەپەسلىرىم ھەم.
لەۋلەپ يۈرەر يەنە شېرىن چۈش،
ئىككىمىزنى قۇچاقلاپ مەھكەم.

ۋىسال چېغى بىرى، ئەزىزىم،
بىر نەپەسكە ئىككى يۈرەك جەم.
ھىجران تۈنى بىر ئاتەش سېزىم،
ئىككى لەۋگە تۆككەن ئوخشاش نەم.

ۋىسال قۇشى ھەم ھىجران چۈشى،
مۇھەببەتكە ھاكىم شۇ رىتىم.
پاك مۇھەببەت ئۆمۈر ئۆركىشى،
ھەم مۇزىكا ياڭرار بىتىنىم.

## كۆزلىرىم ئەلەس

شېرىنگۈل شېخىدا سايرايدۇ بۇلبۇل،
ئۆزگە بىر ھېس بىلەن ھەر بىر كۈيى مەس.
قۇياشنىڭ يولىدەك كۆزۈمدە بىر يول،
تەلمۈرمەك تۈپەيلى كۆزلىرىم ئەلەس.

شەبنەملەر ئىچكەندە شېرىن بەرگىدىن،
بۇلبۇل-گۈل كەيپىگە ئۆركەشلەر ھەۋەس.
كېچىكتىڭ جىگىرىم ۋىسال پەيتىدىن،
شەمشەردەك كۆزۈمگە ياش تىزىپ پەۋەس.

گۈل نازى، بۇلبۇلنىڭ گۈلگە پەرۋازى،
ئىلھاممۇ، تەنىمۇ پەرقىن بىلمەك تەس.
قەلبىمدە گۈل ھىدى، بۇلبۇل ئاۋازى،
سەنسىز بۇ مەرىكە ماڭا خاس ئەمەس.

دىلدادەرد، كۆزدە يول، تەلمۈرمەك ئىشىم،
ئۈمىدىم جانانىنى كەلمىگەي دېمەس.
يېشىمغا ياش قوشار تاراملاپ يېشىم،
پىداكار ئاشىقلىق دېمەس ئەسلا بەس!

## قاچان كېلەرسەن

كۆتىمەن تۈنلەردە مۇنەججىم سىياق،
ئېيىپ، بەخت يۇلتۇزۇم، بولۇپ ئىنتىزار!
كۆتىمەن تاڭ سەھەر، تەلمۈرۈپ، يىراق،
نېچۈندۇر بىلمەيمەن — ماڭا ئارمان يار.

كۆتىمەن قەھرىتان قىشلاردا ھەتتا،
توزىغان قارلاردا بولۇپ «قار بوۋاي!»
كۆتىمەن كۆيدۈرگۈچ ئاتەش تومۇزدا،
كۆمۈر بوپ قارىيىپ كۈنگە پايلىماي.

مۇز پانۇس دېمىگىن قىشتا يول كۆتسەم،
قەلبىمدە ئالەمنىڭ ئىشقى يالتىرار.
كۆكۈس دەپ قالمىغىن، ئاق توز مەلىكەم،
كۆيمىكىم كۈل ئەمەس ئالتۇن قالدۇرار!

كۆتىمەن بىتاقەت، ھەتتا بىر ئۆمۈر،
قىسمىتىم تەشنالىق قىسمىتى بەلكى.
كۆتۈش رەسەتگاھى بوپ قالسا ھەم گۆر،
روھىمدا بىرلا سۆز: «قاچان كېلەرسەن؟!»

## ساھىبجامال

بىر ۋەھى تۈپەيلى تۇرسەمەن سەھەرە
ئاتەشلىك بىر ھېستا يۈرىكىم تىترىدى.

بەك ئېغىر خىيالغا چۆكۈمەن دىلبەر،
ئېيتچۇ، نە سەۋەبتىن مەندە ئۇشبۇ هال؟

ئىزدەيمەن كۆز ئېچىپ، نەدۇر يوقالغان،
هەر نەپەس بەئەينى هەسرەتلىك ئارمان.
هالىتىم جىسمىمغا قوزغايدۇ غەلىيان،
ئېيتچۇ، كىم ئەۋەتمىش ئەپسۇنكار شامال؟

قول سۇنسام ئۇشلايدۇ قۇپقۇرۇق هاۋا،
مەگزىمگە گىلاسلار چېكىلمەس يانا.
بىر سەبىي مەجنۇندەك ماڭا مۇپتىلا،
ئېيتچۇ بۇ قاي قۇرچى ئوقۇپ سالغان پال؟

قاغجىراق لەۋلىرىم مەيسىز بىر مەيخور،
دەشتتىكى دەرۋىشتەك كۆزۈم بەھۇزۇر.
مۇقەددەس نامىڭنى ئېيتسام چاچرار نۇر،
ئېيتچۇ، نە پىنهانسەن، ئېي ساهىبجامال؟!

## مەيلى كەل كېچىككەن بولساڭمۇ دىلبەر

جەڭگاهتا توساتتىن ئاتتىن غۇلاشتىن،
ئېغىرراق ئەلەم يوق، دەيدۇ سەركەردە.
كۈتمەك ئىنتىزارى ئاشسا بەرداشتىن،
ئېيت دىلبەر بولماسمۇ يۈرەكىمنىڭ زەردە؟!

هېسلىرىڭ ئۆزگەرسە، قەترە هەتتاكى،
ئەلەملەر دارىغا شۇ تارتىلغىنىم.
مەجهۇلراق بىر سۆزمۇ ماڭا ئەدناسى،
رەقىب خەنجىرىدىن ئېغىرراق، جىنىم!

سائەتلەر تاشلىساڭ، كۈنلەر تاشلىساڭ،
هەپتىلەر تاشلىساڭ، قاقاقلار ئۆلۈم.
بىتاقەت ئىشقىمغا هاي بېرەلمەس ئاڭ،
تا كۆكسۈم بېغىدا كۈلمىسەڭ گۈلۈم.

مەيلى كەل، كېچىككەن بولساڭمۇ دىلبەر،
نىگاهىڭ تەلمۈرگەن كۆزۈمگە قۇياش.
ئەقىدەم ئابىدىسىن سۇندۇرساڭ ئەگەر،
ساداقەت شامىنى ئۆچۈرگەي كۆز ياش.

## يۇرتۇمدا چۈش كۆرۈش...

چۈش كۆرۈپ كەتكىلى كەلدىم يۇرتۇمغا،
يۇرتۇمدا چۈش كۆرۈش قانچىلىك لەززەت.
سېغىنغان ئۆيلىرىم كىرەر ئۇيقۇمغا،
ئۇيقۇسىز تۈنلەرگە بولغاندەك ئىبرەت.

گاه بوۋاق نالىسى، گاه چال پەريادى،
كۈلكىلىك كۆزلەردە تىترەر مەسۇم ياش.
گاه ئەللەي ناخشىسى، گاهى ساغادى،
گاه گۈلزار زېمىندىن بالقىغان قۇياش.

چۈش كۆرۈپ يۈرىمەن هەر يان، هەرياندا
ئەڭ يىراق يۇرتلاردا چۈشەپ يۇرتۇمنى.
يۇرتۇمغا كەپ قايتتىم باهار ئەيىامدا،
بىجا قىلماق ئۈچۈن چۈشەش بۇرچۇمنى.

چۈش كۆرۈپ كەتكىلى كەلدىم يۇرتۇمغا،
يۇرتۇمدا چۈش كۆرمەك ۋەزنى بىر مىراج.
ئىدراكۇ، خىيالىم كىرەر ئۇيقۇمغا،
ئۇيقۇسىز تۈنلەرگە بولغاندا ئىلماچ.

## بۇلۇتلار مەن ئۈچۈن تۆكىدۇ كۆز ياش

ئەڭ ئىزگۈ خىيالدا كۆز ئېچىپ ياتسام،
ئاي كەلدى پەنجىرگە ئاي پەرى ئوخشاش.
غىڭشىغان ناخشامغا نامىڭنى قاتسام،
يۇلتۇزلار ئۇسسۇلغا چۈشتى بىر تۇتاش.

هىجراندىن پەريادلار چەكسەم خۇپيانە،
لەرزىگە كەلگەندەك بولدى تاغۇ-تاش.

پىداكار راھىبتەك بولسام پەرۋانە،
كۆرۈندۈك زەر سەنەم بولۇپ قەلەمقاش.

ئىجىل بىر ئەقىدە قىلدى كۆزنى نەم،
غەرق بولدى كىرپىكىم ئىچىگە قۇياش.
تاك سەھەر كۆز ئاچسام ياپراقتا شەبنەم،
بۇلۇتلار مەن ئۈچۈن تۆكۈپتۇ كۆز ياش.

بىلەمسەن ئالەمنىڭ گۆھىرى ئادەم،
ئادەمنىڭ گۆھىرى شۇ ئىشقى ئوتقاش.
ئابىھايات — كۆز يېشىم، لېۋىڭ مېيى ھەم،
غەم يۇتكەن زېمىندەك غەمكىن بۇگۈن باش!

## قارغا قاراپ

ئالەم مۇسىبەتكە چۈشتى، بىر يىلنى
كېپەن بولۇپ ياپتى ئاپئاق قار.
ئۈمىد ئارمانلىرى تىنجىتتى دىلنى،
كىرپىكلەرگە گۈل تىزىپ قاتار...

شۇ كېپەندىن ئېپ قالدى كۆكتال،
تۇي قىزنىڭ كىيىمىسىمان.
ئۆز ھېسسىنى يۆتكەرمۇ خىيال،
ئۈمىد بوپ يالجار دەپ ئارمان؟

تۇرسۇنئاي ھوسەيىن

## ئىككى تامچە ياش

كۆزۈمدە تىترەيدۇ ئىككى تامچە ياش،
يېپلىرى ئۆزۈلگەن مەرۋايىت ئوخشاش.
ئۇلارنىڭ بىرى ئاي ۋە بىرى قۇياش،
مۇھەببەت يىغلايدۇ، ئىزگۇ ئارماندا.

مەي بىلىپ باسايمۇ لېۋىمگە شۇئان،
مەگزىمگە تۆكەيمۇ گۈل چېچىپ جانان.
بىر روھمۇ بارمىدۇ مىسكىن روھتەك ئاچ،
مۇھەببەت يىغلايدۇ، كېزىپ جاھاندا.

تەگرىنىڭ كۆز يېشى بەلكى بىز ئادەم،
ئادەملىك كۆز يېشى پايانسىز ئالەم.
يارالمىش ئىزگۈلۈك بولۇپ كۆزى نەم،
مۇھەببەت يىغلايدۇ، ئۆكسۈپ ھەرياندا.

ئۇ چەكسىز بىر ئۇكيان زېمىن ئىشقىدا،
ئۇ سادىق مۇھەببەت تۇرغان شىشىدا.
دۇئاگويى ئانىلار تىۋىشلىرىدا،
مۇھەببەت يىغلايدۇ ۋىسال - ھىجراندا.

كۆزۈمدە تىترەيدۇ ئىككى تامچە ياش،
پاناھسىز، ھەم سەبىي يېتىمگە ئوخشاش.
بىرىدە ئىنسانلىق ئىشقى، ئۇ قۇياش،
بىرى ئاي يار ئىزدەپ يۈرگەن سەرساندا.

# ئەلى ناخشىلىرى

## بىر گۈل

گۈلزاردا تارقىلار گۈللەرنىڭ ھىدى،
سەيلىلەر قىلماقنى ئىستەيدۇ كۆڭۈل.

گۈلزاردىن تارقىلار ئەتىرلەر ھىدى،
پەقەتلا مەزگىلسىز ئۈزۈلدى بىر گۈل.

چىرايى زەپىرەڭ، يوقالدى ھىدى،
تۇرار ئۇ سارغىيىپ قىلماستىن جۇلا.
مەزگىلسىز ئېچىلىپ ئۈزۈلدى بالدۇر!
چەيلەندى بولدى ھەم يۈرىكى يارا.

شامالّلار توشۇيدۇ بەرگىنى ئۇنىڭ،
بۇلبۇللار ئوقۇيدۇ مەرسىيە ئاڭا.
يەنە گۈل ئۈزمەكنى قەستلەيدۇ بىر قول،
چىرايلىق ياشنىغان گۈلزارلار ئارا.

## زەر

ياتاتتى تۇپراقتا دەسسىلىپ كۆپ يىل
بىلمەستىن ئۆزىنىڭ باھاسىنى زەر.
ئۆتتى ئۇ ئىنساننىڭ قولىغا بىر چاغ،
كۆتۈرمەس بوپقالدى سالمىقىنى يەر.

جاھاندا ھەممىگە بولدى ئۇ قابىل،
قاراشلىق ئۇنىڭغا زېمىن ئاسمان ھەم.
ئۇ بارلىق شەيئىنى ئىلكىگە ئالدى
ھەتتا شۇ زەر ئۈچۈن سېتىلدى ئادەم.

## پۇرسەت

پۇرسىتىڭ كەپ قالدى، تەلىيىڭ كەلدى،
تۇپراقنى يۆتكىسەڭ تۆكۈلىدۇ زەر.
پۇرسىتىڭ ئۆتتىمۇ تەلىيىڭ كەتتى،
ئايايدۇ سېنىڭدىن تۇپراقىمۇ يەر.

## مىليون يىل پەلەكتە چاقنىدى قۇياش

زېمىن ۋە ئاسماننىڭ كۆركى زەر قۇياش،
تارتتار جىسمىدىن ھارارەت يورۇق.
ۋە لېكىن زېمىننىڭ يازدۇر بىر يېقى
ۋە يەنە بىر يېقى قەھرىتان سوغۇق.

مىليون يىل پەلەكتە چاقنىدى قۇياش،
مىليون يىل زېمىنگە تۆكۈلدى نۇرى.
يىللىيدۇ زېمىننىڭ پەقەت بىر يېقى،
زېمىستان سوغۇقتۇر يەنە بىر يۈزى.

## ئاق تېرەك

تۇرىدۇ قەد كېرىپ قاش ① دەرياسىنىڭ.
قىرىدا ئاق تېرەك غوللىرى ئاپئاق.
باھارنىڭ قۇياشى ياشنىتار ئۇنى
جۇدۇنلار ئەزۋەيلەپ تاشلىتار قوۋزاق.

ھەر باھار باشقىدىن كۆكلەيدۇ يەنە،
قۇياشتا تاۋلىنىپ چىقىرار ياپراق.
ئۇ شۇندا باشلايدۇ يېقىملىق ناخشا:
خىيالچان ئەي بالا مەن ساڭا ئامراق.

سەھەر، كەچ شوخلىنىپ دوستلىرىڭ بىلەن،
قېشىمغا كېلەتتىڭ يۈگۈرۈپ قوۋناق.
كىم ئاۋۋال چىقار دەپ چۇشۇشۇپ بەسكە،
يېنىمدا دەتالاش قىلاتتىڭ خۇش چاق.

شۇ بۇدرۇق قولۇڭدا قۇچاقلاپ مېنى،
ئاتەشتەك باغرىڭغا باساتتىڭ خۇشۋاق.
ھەممىنىڭ ئالدىدا چىقاتتىڭ ماڭا،
جاراڭلىق كۈلكەڭنى ياڭرىتىپ ھەر ۋاق.

ئاھ شۇنداق يېقىملىق بالىدىڭ لوتۇن②
چىرايىڭ قۇياشتەك يۈرىكىڭ گۈلباغ.
قېشىمدا چوڭ بولدۇڭ ئۆستۈڭ ئەركىلەپ،
جان بالام، مەن سېنى ئۇنۇتاي قانداق.

تۇرىدۇ گوياكى قامىتى تاغدەك
ئاق تېرەك قەد كېرىپ بويىدا قاشنىڭ.
يەتمىش يىل تىنماستىن ئېيتتى بىر كۈينى،
قەلبىگە ئوت سېلىپ قېرى ۋە ياشنىڭ.

① ئىلاقىدىكى دەريا ئىسمى
② ل. مۇتەللىپنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى

## ئاق قېيىن

قەدىمىي توقايدا تۇرار ئاق قېيىن،
بەكمۇ خىيالچان،
كېيىم بار مەن ساڭا ئېيتىمەن كېيىن،
دەيدۇ بەك ئويچان.

يۇيۇنار تومۇزنىڭ ئالتۇن نۇرىدا
سەھەردە ھەردەم.
قارىساڭ تۆكۈلەر كىرپىكلىرىدىن،
يالتىراپ شەبنەم.

بۇ ساڭا مېنىڭدىن بولسۇن خاتىرە،
دېدى ئۇ شۇنداق.
گويا ئاق ئەتلەستەك غوللىرىدىن ئۇ،
ئاجرىتىپ قوۋزاق.

ئاق قېيىن ئۇن قېتىپ ماڭا ئاشۇ دەم،
ئېيتتى شۇنداق سۆز:
ئاپىرىپ ئوغلۇڭغا ئىسرىق سېلىپ قوي،
تەگمىسۇن دەپ كۆز.

قەدىمىي توقايدا باردۇر ئاق قېيىن،
غوللىرى ئاپئاق.
شامالدا تەنلىرى بولۇپ مىڭ پارە،
تاشلىدى قوۋزاق.

## قاش دەرياسى

قاش دەريا شىددەتلىك ئاتىدۇ دولقۇن،
كۆلدۈرلەپ ھەيۋەتلىك تىترىتىپ تەننى.
ھەر يوغان تاشلارنى ئاتقۇزار موللاق،
ئۈۋۈتۈپ ئەزگەندەك گويا كى قەننى.

قايناملار ئۆركەشلەپ ئاقار يۆگىلىپ،
يۇتىدۇ قەھرىگە ھەتتا قوياشنى.
ئۇنتۇماس بۇ دەريا باغرىدا ئۆزگەن،
قايناملىق ئۆركىشى ① جىگەرلىك ياشنى.

قاش دەريا ئۆركىشى ئاتىدۇ موللاق،
قارايمەن ھەيرانلىق ئىلكىدە شۇ تاپ.
قىلدىم مەن لوتۇننى دەرياغا تەققاس
قۇدرىتى تەڭداشسىز، قەھرى بېھېساب.

## بالا تاشقا قاراپ

ھەيۋەتلىك ئارسلاندەك يانپاشلاپ ياتقان،
ئابرالنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ بىر تاش.
كۆرۈنەر كۆزۈڭگە سىنچىلاپ باقساڭ،
ئولتۇرغان خىيالچان بالىغا ئوخشاش.

تۇرىدۇ ھەر كۈنى ئۈستىدە تاغنىڭ،
قۇياش چىقىشىنى تاماشا قىلىپ.
دېيىشتى كىشىلەر: دائىما لوتۇن،
ئوينايتتى بالا تاش باغرىغا چىقىپ.

يامغۇرلۇق تۈندىمۇ، قۇياشلىق كۈندە،
باقىدۇ زېمىنگە ئاشۇ تاش بالا.
بالىغا ئوخشايدۇ،— دېسەم دەر ئوغلۇم:
بەتلەنگەن زەمبىرەك شۇ تاپ ئۇ گويا.

## موللا توختى يۈزى

چىرايلىق بىر يۇرت ئىكەن موللا توختى،
بېھىشتەك باغلار تۇرار گويا چاقناپ.
بىر ئۇلۇغ قەۋرىگاھقا باراي دېدىم،
يۈرەكتە يالقۇنجىدى زور ئىشتىياق.

ئېتىزلار ئورمانلىقتا، ئورمان باغقا،
تالزارلار گۈلزارلىقتا تۇرار تۇتاش.
گۈلزارلار ئارىسىدا بىر قەبرە بار
كېلىدۇ ئۆزۈنلۈكى نەچچە غۇلاچ.

---

① ل. مۇتەللىپنىڭ تەخەللۇسى،

خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى بۇ قەبرىگە،
كېلىدۇ زىيارەتكە سانسىز ئەۋلاد.
باش قويار، گۈلدەستىلەر تىزار دىلىدىن،
باھادىر بوۋىمىزنى ئېتىشىپ ياد.

ياتىدۇ بۇ قەبرىدە شىر يۈرەكلىك،
خەلقىمىزنىڭ باتۇر ئوغلى سادىر بوۋام.
نامىڭنى دىلغا تۈگۈپ شائىر قىزىڭ،
قېشىڭغا كەلدى دېدىم قىلىپ سالام.

## سادىر پالۋان

بوي تۇرقى ئىككى مېتىر سەككىز سانتى①،
گەۋدىسى ئەسلىتىدۇ قۇرام تاشنى.
قەددى تاغ، كۆزلىرىدە يانغان نۇرلار،
مەڭدىتەر، خىرە قىلار زەر قۇياشنى.

يۈرىكى تۈندە يانغان يورۇق مەشئەل،
قەھرىدۇر كۆكنى يارغان خۇددى چاقماق.
يانغىنىدۇر زۇلۇم بىلەن جاھالەتكە،
بولغان ئۇ تەڭسىزلىكنى ئۆرتەپ ياقماق.

«سادىرنىڭ مىنگەن ئېتى ئىدى قاشقا»②
كىيگەندۇر مالخىينى قىرلاپ باشقا.
سادىرنىڭ ئاتقان ئوقى بىكار كەتمەس،
«چىرىكنىڭ ئاتقان ئوقى تېگەر تاشقا»③.

ئاجايىپ ئىنسان ئىدى سادىر پالۋان،
ئۆمرىدە زالىملارغا پۈكمىگەن بەل.
تەڭسىزلىك زۇلۇم تىغى ئۆتكەچ جاندىن،
ئەرك دەپ ھاياتىنى بەرگەن بەدەل.

## ئەۋلاد

سادىر دەپ ئېتىم قالدى،
داڭزىدا خېتىم قالدى.
خېتىمنى ئوقۇپ باقسالىڭ.
بەش بالام يېتىم قالدى.
(سادىر پالۋان قوشاقلىرىدىن)

ئاتىسى ئىدى سادىر بەش ئوغۇلنىڭ،
چوڭىنىڭ ئىسمى ئىدى ئاللا قۇلى.
ئىسمىدۇر دەرۋا قۇلى ئىككىنچىنىڭ،
نامى بار ئۈچىنچىنىڭ تۆرە قۇلى.

تۆتىنچى بالىسىدۇر ئىگەم قۇلى،
بەشىنچى بالىسىدۇر كېرەم قۇلى.
كېرەمنىڭ ئوغلى بولسا توختاخۇندۇر،
تۇداخۇن توختاخۇننىڭ بولۇر ئوغلى.

سادىرنىڭ قوشىقىدا كېرەم ئاتىلىق،
كۆيلەنگەن قىلىقلىرى بەكمۇ تاتلىق.
نەۋرىسى ئۇنىڭ ئاشۇ تۇداخۇندۇر،
قىزىل يۈز ساغلام تەنلىك، يەتمىش ياشلىق.

پەخىر زور دىلدا ئۇلۇغ بوۋىمىزغا،
بىر ئۆمۈر ئېيتتى سادىر ناخشىسىنى.
ئەرك سۆيەر باتۇر ئىدى سادىر بوۋاڭ،
دەپ بوۋاي چوڭ قىلماقتا بالىسىنى.

كۆچەتلەر ئۆستى بولدى چەكسىز ئورمان،
ئېرىقلار ئۇلغايغانچە بولدى دەريا.
سادىرنىڭ ئەۋلادىمۇ بولدى سانسىز،
ئۆتكەندە ئىز قوغلىشىپ ئەسىر، يىللار.

سادىرنىڭ ئەۋلادىمەن، نەۋرىسىمەن،
ھۆرمەتتە قەبرىسىنى قىلدىم تاۋاپ.
ئوغلۇمغا «ئۇلۇغ بوۋاڭ سادىر سېنىڭ،
ئوغلۇڭمۇ بىلسۇن» دېدىم قىلىپ خىتاب.

---

① سادىرنىڭ قەبرىسىنى يۆتكىگەندە سۆڭەكلىرىنى ئۆلچىسە بويى ئىككى مېتىر سەككىز سانتىمېتىر چىققان، گا يېتوردىن.

②، ③ سادىر پالۋان قوشاقلىرىدىن.

ئابلىز ھوشۇر

# كورلا نەزمىلىرى

## چۆل بۇلۇتلىرى

بۇ يەر
بەئەينى تونۇر،
كۆيدۈردۇ تەپتى ۋۇجۇدنى.
ئۇچۇپ ئۆتەر گاھى - گاھىدا،
شەبنەم ئېلىپ قاناتلىرىدا،
زەڭگەر كۆكتە چۆل بۇلۇتلىرى.
ئۇ باقىدۇ غەمسىز - بىپەرۋا،
قاغجىرىغان زېمىن ھالىغا.
زېمىن ياتار
يۈرىكىدە ئۈمىد دىلبىرى...
ياشىماق
ئاھ، نەقەدەر دەھشەت،
ئاشۇ خەسىس بۇلۇت سىڭرى.

## چاھارباغ قىزى

نەشپۈت يەپ ئولتۇرۇپ،
چاھار باغدا چارشەنبە كۈنى.
لەززىتىدىن دىلىم سۆيۈنۈپ،
قىز لېۋىگە ئوخشاتسام ئۈنى.
ئايلاندۇردى چاقچاقا بىرى:
بوش چاغلىمساق بولغۇدەك سىنى.
يورغىلاتماق گەپنى بۇرادەر،
ئېيتىۋالاي كۆڭلۈمدىكىنى.
لەۋلىرىدىن تامىسا شەربەت
چاھارباغ قىزىنىڭ،
نەدىن ئالسۇن نەشپۈت بۇ تەمنى؟!

## باشئەگىم

باشئەگىم، بويلىرىڭغا كېلىپ قالدىم،
سىردىشىپ ئاشىقلارنىڭ ئىزى بىلەن.
ئەتراپقا ھەۋەسلىنىپ نەزەر سالدىم،
زۆھرەگە باققان تاھىر كۆزى بىلەن.

پەرىلەر ئەينىكىنى ئەسكە سالدى،
لۆمشۈگەن زۇمرەت سۈيۈك كۆز ئالدىمدا.
زۆھرە قىز كۆرۈپ سەندە ئۆز ئەكسىنى
تاراركەن چاچلىرىنى سەھەر - تاڭدا.

كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ تاھىر ياتار،
ھۆسنىگە تويماي قاراپ مەشۇقىنىڭ.
زۆھرە قىز — زۆھرە يۇلتۇز - چاقناپ يانار،
زوقلىنىپ پاك مېھرىدىن ئاشىقىنىڭ.

مەيلىنى يۈرىكىمنىڭ ئەسىر ئالدى،
ئاشىقلار ئارزۇلىرى - ئارمانلىرى.
سۆيگۈ ۋە ساداقەتتىن دەرس بەردى،
ئەركىسىز مۇھەببەتنىڭ قۇربانلىرى.

1991 - يىل ئۆكتەبىر، كورلا.

ئابدۇقادىر جالالىدىن

# چاقماق ناخشىسى

## چاچ ۋە پەسىل

قونسام كۆيۈك ئاپتىپىڭنىڭ غەمكىن
شېخىغا،
كۆپۈكلىنىپ كەتتى شۇنچە چاچلار
شامىلى.
يەلپۈپ مۇنار سايىسىنى ئويغاتتى ئاستا،
ئېلىپ باردى ساياق دالا قىبلىسىگە.
زەيتۇن شىۋىرلىشى،
كېلىپ تۇنجى ئايال قېشىدىن.

تېرىلەر خوشلاشتى - دە، تۇپراق رەڭگىدىن
كۆپۈكلەر ئارا كەتتى ئوتتەك رەڭلىنىپ،
نەپەسلەر يارىسىدىن،
كۆچتۈم مەنمۇ دولقۇنغا.
يوردى تۇش - تۇشتىن سۇ شامدانلىرى،
ئۆچتى ھەم بىر - بىرلەپ سۇلار دەۋرىشى.

چاچلارغا چىگىلىپ ئېسىلغان قۇشلار
دەڭسەپ چاچنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى،
ئۇنتۇلۇپ كەتتى يالغۇزغىنە جىملىقىنى،
دۇنيادىن قوغلانغان
شۇ بىر شىڭگىل ئۇزۇمنى.

بۇ كۈز
كۆردى چاچنى بويلاپ ئۆتكەن تاغاقنى،
شاخلاردىن تامچىغان سۇ چاناقلىرى.
تەشنالىقتا قونغان كۆل لەھزىسى،
يۇلتۇزلارنى يۇيۇندۇرار قايتىدىن.

ئەي، خاتىرجەم ئۆمەك،
ناخشاڭ شۇنچە پۇختىمۇ سېنىڭ.
سەن قەيەرگە ماڭدىڭ ئاتلىنىپ،
چىقتۇقمۇ بىز پاكلىنىپ.
ئوق ئاۋازى تاش ئالمىغا ئايلانغان،
يىلتىزلار چىرمىشىپ كەتكەن ئورماندىن.

دېگەن بولساق ناۋادا شۇنداق،
پارلىدۇق بىز قارىسىدىن چاچلارنىڭ.
پارلاقلىقتا پاتتۇق بىز لېكىن
دېگەن بولساق ناۋادا شۇنداق.

سۈت دەرىخى چېچەكلىگەن ئەي ئارال،
تۇرما ماراپ خىلۋىتىدە رەڭلەرنىڭ.
سېنى ئىزدەپ سەمەندەرنىڭ نەۋرىسى
ئۇچۇپ يۈرەر ئۆگزىسىدە ئۆيلەرنىڭ.

## ۋۇجۇد نەزمىسى

1

كۈيۈك ئارا بىگانە تارمەن،
ئىشقىم ئارا سۆيۈنگە زارمەن.
يېپىلمىشنىڭ مەھشەرنىڭ غارى،
ئالەم، سىنىڭ تۆرۈنگە زارمەن.
تاشالمىدى قېنىم لەھەتتىن،
ئايان بولدۇم ساما - ئەھەتتىن.
تەنھالىقتىن خالاس بولاي دەپ،
ھۇشۇم كەلدى تەرەپ - تەرەپتىن.
نېچۈن ئەشرەپ كەلدى ئەرەبتىن،
ئىزدىمەيمەن بۇنى سەۋەبتىن.
چېچەكلىشىم رەڭدار ۋە لېكىن،
مەۋجۇتلۇقۇم بىرلا نەسەبتىن.

2

غار قوينىدا سەمرىگەن تۇتۇن،
مەستلىكىمدە بولىدۇ زەرھال.
مەشئەللىرىڭ سۇلغان شۇ مەھەل
مەن پارلىنىپ ئۆسىمەن دەرھال.
كىم ئوقىدى توپاڭدىن نەزمە،
سال ئېسىمگە كەچمىشلىرىڭنى.
سوغراق ياسا، بولۇپ كىمىيا گەر،
مەلھەم ئېتىپ ئەتمىشلىرىڭنى.
زۇمرەت كۆلدە سارنىڭ سايىسى
ئارتۇق بولماس مۆجىزە بۇندىن
تاراپ كەتتى قىرغاق ۋە ئورمان
جام ئىچىدە تېنىمگەن جاندىن.
سەھەر بىر رەت بالقىپ بولسا مەست،
تاڭ ۋەزنىگە ئەمەسمەن دەركار.
قۇتلا مېنى ئىشرەتلىرىڭدە
مەن ئۆزۈمگە بولىمەن كۆركار.

3

ئاقىنىدا دەرياغا تەكرار
مەن بىرلا رەت ئاقىمەن ساڭا.
يارقىنلىقىڭ بولمىسا ئەشئار
چاقمىقىمنى ياقىمەن ساڭا.
سوقرات غارى، نېچۈن سەن تەققاس
بەڭۋاشلىقىم دولقۇنلىرىغا.
تۇنجۇقىمەن ھەر كۈندە مىڭ رەت،
رەڭۋازلىقىم ئاپقۇرلىرىغا.
ئېيت، پەرلىرىڭ قەيەردە كەپتەر
زەررەڭ ياپراق ئارا، ئېھتىمال.
ئالدىماقتا بىزنى سەمىمىي
ھەر خىل تۇستە كۆرۈنگەن جامال.

قۇشۇم كۆزى چېچىلمىش شۇ چاغ،
تەڭرىم گۈلى ئېچىلمىش شۇ چاغ.
يىقىلماقتا تاشنىڭ سەۋرىسى،
سۆيگۈ تەرزى پىچىلمىش شۇ چاغ.

ھوشۇر روزى

# مۇھەببەت، چەمبەر، ئۈچبۇلۇڭ

## مۇھەببەت

سەن مېنى ئۆزۈڭگە قىلدىڭ مەھلىيا،
مەن بولدۇم ئىشقىڭدا ئاشىق-بىقارار.
گەر كۈلسەڭ قەلبىمدە چاقنايدۇ ئاپتاپ،
رەنجىسەڭ سوقىدۇ شىۋىرغانلىق قار.

مانا بۇ مۇھەببەت، مانا بۇ ھايات،
بىلمەيمەن نېمىشقا سۆيگەنلىكىمنى.
ئوتلاردا كۆيمىگەن سېنىڭ ئوتۇڭدا
بىلمەيمەن نېمىشقا كۆيگەنلىكىمنى.

نەپرەتلەر بىنەزەر سۆيۈش ئازابلىق
ئىكەنغۇ جېنىمنى قىينىدىڭ ئەجەب.
كۆزۈمدىن يىتمەس بىر سۈرەتسەن گويا
ياشايمەن سېنى دەپ، ھامان سېنى دەپ.

## چەمبەر

سۈزدىڭ مەن ئۈچۈن بولدى بىر نۇقتا،
چۈشۈمدە سىزغاندەك سىزدىم بىر چەمبەر.
نە چەمبەر ئىكەن ئۇ بىر ئەگرى سىزىق،
يۈرىكىڭ تېشىدا قاپتۇ ئاھ دىلبەر.
مەن بىلسەم چەمبەرنى سەنمۇ سىزىپسەن،
قەلبىمنى تاپالماي جاھان كېزىپسەن.

## ئۈچبۇلۇڭ

كۆڭلۈڭنى بېرىپسەن كۆيۈپ بىرىگە،
ۋە ئۇمۇ بېرىپتۇ يەنە بىرىگە.
بېرىشكە يارالغان كۆڭۈل قانچىدۇ،
دېدىم مەن شان قوشۇپ سۆيگۈ شەنىگە.
مەندىمۇ، سەندىمۇ سۇندى ئەقىدە،
شۇ بولدى بۇ يولدا تاپقان نەتىجە.
ئۈچ يۈرەك شۇ تاپتا بولدى ئۈچبۇلۇڭ،
مۇھەببەت رىشتىسى تارتىلغان سىزىق.
بىر يۈرەك چەمبەرنىڭ مەركىزى — راھەت،
سۆيگۈنىڭ قىيامى تولغان لىقمۇلىق.
نەپرەتتىن كۆزلىرىم سوغ نۇر چاچىدۇ،
سېنىلا ئۈيلىسام كەيپىم قاچىدۇ.

ۋابلا ئەخمىدى

# يوتا

(ھېكايە)

## كېلىشىم

ۋىلايەتلىك تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى سالى ئېگىز بويلۇق، يەلكىسى كەڭ، ۋۇجۇدىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئادەم. ئۇنىڭ چىرايىمۇ نوقسانسىز. يۈزى سەل - پەل قىزىرىپ، قانسىراتقان ئۆپكىگە ئوخشاش پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۇ تېخى سەمرىپ قورساق سېلىشقا، قوش ئېڭەك پەيدا قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن. لېكىن بەك ئورۇقمۇ ئەمەس، ئىشقىلىپ رەھبەرگە لايىق سالاپىتى بار.

— بىلىمەن، — دېدى ئۇ قارشىسىدىكى لۆم - لۆم ئورۇندۇقتا ئۆزىگە ئۈمىد بىلەن تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ۋىجىككىنە ئادەمگە چوڭقۇر ھېسداشلىق نەزەر بىلەن تىكىلىپ، — ياپ - ياش ئەر - خوتۇنىنىڭ ئۇن يىلغىچە ئىككى جايدا ئايرىلىپ ياشىشى ئاسان ئەمەس!

ۋىجىك كىشى نېمىگىدۇر ئۈمىدلىنىپ، ئورۇندۇقتىن سەل قوزغىلىپ قويىدى. چىرايىغا تەبەسسۇم يامىرىدى. كۆزلىرى ھاياجاندىن چاقناپ كەتتى.

سالى ئۆزىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ، ئۇلۇغۋار قىياپەتتە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سىلەرگە ھەقىقەتەن ئىچىم ئاغرىيدۇ. ئەمما... نېمە ئىلاج؟ دۆلىتىمىزدە ئادەم كۆپ، ئىشتىن ئادەم تولا. شەھىرىمىزدىمۇ شۇنداق. سىز شۇنچە يىل چىدىدىڭىز. يەنە بىر مەزگىل تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ. ئىشىڭىزنى ھامان بىر كۈنى ھەل قىلىمەن، بولامدۇ؟

ۋىجىك كىشىنىڭ چىرايىدىكى ئۈمىد شولىسى ئۆچتى. بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايى تېخىمۇ قارىداپ كەتتى. جىمجىت ئەزايىدىن تەر تەپچىرىدى. بۇغدىيىدىكى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر تۆۋەن چۈشتى.

— ماقۇل، — دېدى ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، — ئۆزلىرى بولغانلىكىن بىر كۈنى ھەل بولار...

— ھە، ماۋۇ گېپىڭىز جايىدا بولدى. شۇنداق بولسۇن...

تېلېفون جىرىڭلىدى. سالى تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ «ھە، ماقۇل، ھازىرلا باراي» دېدى ۋە تېلېفوننى جايىغا

قويغاندىن كېيىن:

— ئەممىسە شۇنداق بولسۇن، — دەپ يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. ۋىجىك كىشى ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ:

— ئۆتكەن قېتىم ئازراق ياغاچنىڭ گېپىنى قىلغانتىلە. كەستۇرۇپ بېسىپ قويغانىدىم، — دېدى.

— ياغاچ، هە، توغرا، شۇنداق گەپ بولغان... — سالىنىڭ نەزەرى ۋىجىككە ئاغدى. چىرايى بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كەتتى، — ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن ئەمەسمۇ، بۇ گەپ بۇلتۇر بولۇنغانغۇ دەيمەن؟ بىرەر ماشىنا كېلەمدۇ؟

— قانچىلىك كېلەركىن، هەممىسى ئەللىك توپقۇ...

— ئەللىك توپ... — سالىنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. جەينىكى بىلەن شىرەگە تاياندى، — جەگە بولغۇدەكلىرى باردۇ؟

— بار! — ۋىجىك جانلىنىپ كەتتى، — چوڭلىرى پېشايۋانغا خا، كىچىكلىرى ۋاساجۇپ ئۆيگە جەگە بولىدۇ...

سالى شىرەنىڭ تارتمىسىدىن بىر قاپ چەت ئەل تاماكىسىنى ئېلىپ، ۋىجىك كىشىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— باياتىن بىرەر تالدىن چىكىشنى ۋېلىش ئېسىمگە كەلمەپتۇ. قېنى، بىر تال چېكىپ قويۇڭە! ئوبدان تاماكا.

— ۋاي، بۇ... — ۋىجىك دۇدۇقلىغىنىچە ئورنىدىن قوپۇپ كەتتى، — مەن... مەن...

— چېكىڭ! تارتىنماڭ.

سالى ئۇنىڭغا گاز چاقماقنى يېقىپ بېرىپ، ئۆزىمۇ ئۇنىڭ يېنىدىكى لۆم-لۆم ئورۇندۇققا چۆكتى.

— ئولتۇرۇڭ! نېمىشقا ئۆرە تۇرۇۋالدىڭىز؟ — دېدى سالى كۈلۈمسىرەپ، — ئەممىسە باهاسىنى بېكىتىۋالايلى. هەر بىر توپىگە نەچچە يۈەندىن تۆلىسەم بولار؟

— پۇلنىڭ گېپىنى قىلمىسىلا.

— بىكارغا ئالسام باخشى بولماس، يېقىندا ئوغۇل ئۆيلەپ تولۇم سەل قىسقا بولۇپ قالدى. بىرەر مىڭ يۈەن پۇلنىڭ غېمىنى قىلىپلا ماشىنا ئەۋەتەي.

— ماشىنا ئەۋەتمىۋەرسىلە. ئەگەر ئۆزۈم ماشىنا تاپالىغان بولسام بۇ چاقچىقە ئەكىلىپ بەرگەن بولاتتىم.

— ئەممىسە، مەن ماشىنىنى يولغا سېلىشتىن بىر-ئىككى كۈن بۇرۇن سىزگە تېلېفوندا خەۋەر قىلىۋېتەي.

— ماقۇل.

— هە راست، ياغاچلىرىڭىزنى ماڭا ساتقانلىقىڭىزنى بىر كىمگە دەپ تاشلىماڭ جۇمۇ! — سالى بىردىن چىرايىنى تۇرۇپ چۈشەندۈردى. — مەنغۇ پۇل تۆلەيمەن، بەزى كىشىلەر پىتنە-پاسات تېرىسا هەر ئىككىلىمىزگە ياخشى بولماس.

— خاتىرجەم بولسىلا، سالى ئاكا، مېنىڭمۇ ئۇنچىلىك ئىشنى بىلگۈچىلىكىم بار.

ئۇلار ئىشخانىدىن بىللە چىقىشتى. سالى چوڭ-چوڭ چامداپ مېڭىپ كەتتى. ۋىجىك كىشى ئۇنىڭ كەينىدىن كېتىپ باراتتى. كارىدورنىڭ قايرىلىدىغان دوقمۇشىغا كەلگەندە، سۈرەتتەك چىرايلىق بىر ئايال سالىغا ئەدەب بىلەن سالام قىلدى. سالى سالامنى ئىلىك ئېلىپ، بېشىنى يەڭگىل لىڭشىتىپ قويدى، لېكىن پۇتلىرى ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا سورىدى:

— تۇرۇپ قاپسىزغۇ، بىرەرسىنى ئىزدەمتىڭىز؟

— ياق، ئاۋۇ كىشىنى ساقلاپ تۇرغانىدىم.

ئايال بېشى بىلەن سالىنىڭ كەينى تەرىپىنى ئىما قىلدى. سالى بېشىنى قىيا بۇراپ، ھېلىقى ۋىجىك كىشىنى كۆردى.

— ھە، سىز سەلىمجاننىڭ...

ئايال كېسىپلا جاۋاب بەردى:

— مەن ئۇنىڭ خوتۇنى.

— قاراڭ سىزنى! بۇ يەردە ساقلاپ تۇرغىچە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشخانىغا كىرسىڭىز بولماسمىدى؟

ئايال ۋىللىدە قىزىرىپ، بىلىنەر-بىلىنمەس تەبەسسۇم قىلدى. بۇ تەبەسسۇم شۇنداق جەزىبىلىك، شۇنداق ئۆزگىچە ئىدىكى، سالى ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاللىقانداق بىر مەستخۇش تۇيغۇنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى، تومۇرلىرىغا بەكمۇ شېرىن بىر نەرسىنىڭ ئېقىپ كىرگەنلىكىنى سەزدى. ئۇ، ئايالنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە غىل-پاللا بىر نەزەر تاشلىدى. بۇ چاغدا سەلىمجانمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ كەلگەنىدى.

سالى ئايالنىڭ چىرايىغا مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ:

— خاتىرجەم بولۇڭ، سەلىمجاننىڭ ئىشى ئۇزۇنغا قالماي ھەل بولىدۇ، — دەپ قويدى.

سالى ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ئۆز يولىغا ماڭدى ۋە ئارقىغا قايرىلىپ:

— ئىشخانامغا قاچانلا كەلسەڭلار قارشى ئالىمەن، — دېدى.

ئەسىر

ئىشىك ئېچىلىپ كىمدۇر كىرىپ كەلدى. سالى ئاللىكىمنىڭ ئىلتىماسىغا تەستىق يېزىۋاتاتتى. ئۇنىڭ دىمىغىغا گۈپپىدە ئەتىر ھىدى ئۇرۇلدى. دىققىتى بۆلۈنۈپ، ئىشىك تەرەپكە قارىدى. ئىشىك تۈۋىدە سەلىمجاننىڭ خوتۇنى كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. سالىنىڭ يۈرىكى ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەندەك بولدى. ۋۇجۇدىنى تەر باستى. ھودۇققىنىدىن قەلەم-قەغەزلەرنى كۆتۈرگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— سىزمىدىڭىز؟ — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەشكە تىرىشىپ، — قېنى كىرىسلوغا كېلىڭ!

ئايال ئىشىكنى ياپتى-دە، قىلچە تارتىنماستىن لۆم-لۆم ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ئۇنىڭ قىياپىتى بەئەينى كالىندار، ئاتكىرىتكىلاردىكى مودا قىزلارغا ئوخشايتتى. كالتە يەڭ، ئويما ياقا، شاپتۇل چېچەكلىك رەڭلىك شىپىڭ دۇخاۋا كۆڭلەك نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ تىزلىرىنى ياپالمىغانىدى. ئۇزۇن ئەترەڭ پايپاقمۇ تۇرۇلۇپ تىزىغا چۈشۈپ قالغانىدى. سالى ئۇنىڭ سۈتتەك ئاپئاق يوتىلىرىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى. ئايال بولسا يوتىسىنىڭ ئوچۇق قالغانلىقىنى تۇيمىغاندەك نازلىق تەبەسسۇم قىلىپ ئولتۇراتتى.

سالىنىڭ كۆكۈش كۆزلىرى ئايالنىڭ بۇلاقتەك ئويناق كۆزلىرى بىلەن

ئۇچراشقان چاغدا، ئۇنىڭ يۈرىكىنى نېمىدۇر بىر نەرسە چىمىلدە چېقىپ ئۆتكەندەك بولدى.

— بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭىز؟ — دېدى سالى سەل دۇدۇقلاپ.

— ئۆزلىرى كەل دېمىگەنمىدىلە؟

ئايال كۈلدى. ئىككى مەڭزىدە پەيدا بولغان چوڭقۇر زىناقلار ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىقلاشتۇرۇۋەتتى.

— نېمە؟ — سالى ئەندىكىپ كەتتى، — مەن سىزنى كەلسۇن دېمىگەنغۇ. بىرى چاقچاق قىلىپ قېشىمغا ئەۋەتىپ قويغان ئوخشىمامدۇ؟

— ۋىييەي، سالى ئاكا، — دېدى ئايال سالىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ، — بۆتكەندە قاچانلا كەلسەڭلار قارشى ئالمەن دېگەنمىدىلە، ئەجەب ئۇنۇتقاق ئادەم ئىكەن بۇ!

— ھە، توغرا! — سالىمۇ كۈلدى ۋە ئايالنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ھازىر ئاشۇ پەرى سۈپەت ئايالغا ئەسىر بولۇپ كەتكەنىدى. كۆزلىرى ئايالنىڭ ئوقادەك ئاپئاق بويىنغا، مەيدىسىدە بىر جۈپ ئالمىدەك چوقچىيىپ تۇرغان ئەمچەكلىرىگە ئاچكۆزلۈك بىلەن تىكىلەتتى. كۆڭلىدە جۇۋاننىڭ جىمى ئەزاسىنى قىپيالىڭاچ ھالەتتە قىياس قىلىپ، ئىچ-ئىچىدىن ھوزۇرلىناتتى، كۈلەتتى، پۇچۇلىناتتى. ئايال بولسا ئۇنىڭغا يىلىلىق تەبەسسۇم بىلەن تىكىلىپ ئولتۇراتتى. سالىنىڭ كۆڭلىدە بىردىنلا تەشۋىش پەيدا بولدى. شۇ تاپتا سىرتتىن بىرەر كىشى كىرىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق. ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن قوپتى-دە، ئالمان-تالمان خىزمەت شىرەسىنىڭ يېنىغا بېرىۋالدى. ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋېلىپ، چىرايىغا بىر ئاز جىددىي تۈس بەردى. ئەمما كۆزلىرىدە يەنىلا تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ۋۇجۇدىدىكى ھاياجان بېسىلمىغاچقا، قوللىرى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەيتتى. ئۇ قولىدىكى قەلەم، قەغەزنى شىرە ئۈستىگە قويدى. بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن سورىدى:

— سەلىمجاننىڭ ئىشى توغرىلىق كەلدىڭىزما؟

— ھەئە... - ئايال چىرايىنى جىددىي ئۆزگەرتىپ، يىغلامسىرىغاندەك تەلەپپۇزدا سۆزلىدى، — قېيىن ئانامنىڭ زىققا كېسىلى يەنە قوزغىلىپ، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى، — ئۇ كۆزلىرىگە غىلىلدە ياش ئېلىپ، كىچىككىنە قول سومكىسىدىن مايسىرەڭ گىرىپتەشمىن ياغلىقىنى چىقىرىپ، بۇرنىغا تۇتتى. نەزەرىنى سالىدىن يۆتكەپ يەرگە قارىۋالدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ بىر تەرەپكە سەل ئېگىلىپ پورەكلەپ ئېچىلغان سۆتەرەڭ ئەتىرگۈلگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. كۆز چاناقلىرىدا لىغىرلاپ تۇرغان ياش مۇنچاقلىرى گۈل تاجىغا قونغان تاڭ شەبنىمىنى ئەسلىتەتتى.

سالىنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئۇ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، ئۇنىڭغا بىر ھازا جىمجىت تىكىلىپ ئولتۇردى.

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، — دېدى ئۇ تاماكىسىنى شوراپ، — سەلىمجان بار چاغدا قېيىن ئانىڭىز ساقمىدى؟

— ئۇ چاغدىمۇ ئەلەڭ-سەلەڭ يۈرگەنىدى، ئوغلى يۆتكىلىپ كېلىۋالغۇچە

تىرىك تۇرۇپ بەرسە بولاتتى.

ئايال ئېسەدىگەنلى تۇردى. ئەمدى ئۇنىڭ ئاپئاق يۈزلىرى سۈس ئەگىلىك سۇرتكەندەك قىزارغانىدى.

سالىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى:

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، — دېدى ئۇ چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلەن، — دوختۇرلار قېتىرقىنىپ داۋالىسىلا ساقىيىپ كېتىدۇ.

ئايال ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ، سالىغا مەيۈس تىكىلدى. سالى چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈرتۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساشقا باشلىدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، زىققا دېگەن ئانچە قورقۇنچلۇق كېسەل ئەمەس، — ئۇ تاماكىسىنىڭ تۈتۈنىنى دېرىزە تەرەپكە پۈۋلىۋەتكەندىن كېيىن، ئايالغا بۇرۇلۇپ سورىدى، — سەلىمجانغا خەۋەر قىلدىڭىزمۇ؟

— ياق، ئۇنىڭغا خەۋەر قىلمىدۇق.

— نېمىشقا؟

— بۇ يەردىن كەتكىنىگە تېخى ئۇزاق بولمىدى. بىزەر ھەپتە ئىشلە - ئىشلىمەي يەنە رۇخسەت سورىسا ياخشى بولماس.

— ئوبدان قىپسىز. قالتىس بەلەن ئىش قىپسىز. ئۆزىڭىز ياش بولغىنىڭىز بىلەن، خېلى پەمىڭىز بار ئىكەن.

— ئۇنى تېزرەك يۆتكەپ قويسىلا، مەنمۇ جاپادىن قۇتۇلسام بولاتتى.

سالى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مەنىلىك تىكىلىپ چاقچاق قىلدى:

— ئېرىڭىزنى بەك سېغىنىپ كەتكەن ئوخشايسىز.

— چاقچاق قىلمىسىلا، سالى ئاكا.

— «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» دەپتىكەن! — سالى يەنە ئېچىلىپ كەتتى، — ئەمىسە سىزگە قوشۇلۇپ يىغلىسام بولامتى؟ ئىشخانامغا ئايدەك كۈلۈپ كىرىپ، بۇلۇتتەك تۈتۈلۈپ چىقىپ كەتسىڭىز بولماس!

— مېنىڭمۇ مىڭ مەرتىۋە كۈلۈپ چىقىپ كەتكۈم بار. يا كۈلۈپ چىقىپ كەتكۈدەك بىر ئىش بولمىسا...

جۇۋان پىخىخىدە كۈلدى ۋە ئۆز گېپىدىن ئۆزى خىجىل بولغاندەك، ياغلىقىدا يۈزلىرىنى توسۇۋالدى. بۇ چاغدا پۇتلىرى ئىككى يانغا كېرىلىپ، ئاپئاق يوتىلىرى تېخىمۇ بەكرەك ئېچىلىپ قالدى. سالىنىڭ يۈرىكى جىغىغىدە قىلىپ، نەپسى توختاپ قالغاندەك بولدى. ئۇ، ئايالنىڭ يوتىلىرىدىن نەزەرىنى ئۈزەلمەي بىر ھازاغىچە ئولتۇرغاندىن كېيىن تەستە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئايالغا يەنە تەسەللى بەردى، ئېرىنى پات ئارىدا يۆتكەپ قويىدىغانلىقىنى، شۇڭا بىر مەزگىل كۈتۈپ تۇرۇشنى ئېيتتى ھەم پات-پات كېلىپ، ئۆزىنى يوقلاپ تۇرۇشنى تاپىلىدى. ئايال ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن قوپقاندا، سالى تويۇقسىزلا:

— ئائىلىڭىزدىكى ئىشلارنىغۇ ئېيتىپ بەردىڭىز، لېكىن ئېتىڭىزنى ئېيتىپ بەرمىدىڭىزغۇ، — دېدى.

— ئېتىمما؟ — ئايال بېشىنى سەل-پەل ئېگىپ كۈلۈمسىرىدى، — ئېتىم يوق! پىيادىخان دەپ چاقىرىۋەسىلە!

— بوگۇنغۇ شۇنداق چاقىرىپ تۇرارمەن، — دېدى سالى ئۇنىڭ چاقچىقىغا

چاقچاق ئارقىلىق تاقابىل تۇرماقچى بولۇپ، — كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىزنى ئىزدەشكە توغرا كەلسە، پىيادىخانىنىڭ ئۆيى نەدە، دەپ سوراپ يۈرسەم بولماس.

— ۋىييەي ماۋۇ ئادەمنى. شۇنداقمۇ قىلارلىمۇ تېخى؟ سىلىگە ئىسمىمنى دەپ بەرمەي قۇتۇلالمىغىدەكمەن، ئەمىسە ئەنبەرگۈل دەپ چاقىرسىلا.

ئايال شۇنداق دەپلا ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. سالى ئىشىككە تىكىلىپ ئۇزاققىچە جىمجىت ئولتۇردى.

## بىداۋا كېسەل

بىر قېتىملىق ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئەنبەرگۈلنىڭ سىماسى سالىنىڭ كۆز ئالدىدىن بىردەممۇ نېرى بولمىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاپئاق يوتىلىرى. سالى 30 يىللىق خىزمەت ئەمەلىيىتىدە ئۇنداق-مۇنداق كەمچىلىك-خاتالىقلاردىن خالىي بولالمىغان بولسىمۇ، ئەخلاق جەھەتتىن ئۆزىنى پاك تۇتۇپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭغا بەزىدە كالتا ئىشتان، يەڭسىز مايكىلار بىلەنلا يۈرىدىغان تەنھەرىكەتچى قىزلار، ئەمچىكى بىلەن ئەۋرىتىنىلا يېپىۋېلىپ مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان سىركىچى ئاياللار ۋە گۈزەللىك گىمناستىكىچىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇلار سالىدا ھېچقانداق ھېسسىيات ئويغۇتالمىغان، سالىمۇ ئۇلارنى خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن شۇنداق كېيىنىدۇ، دەپلا ئويلىغان. كۈتۈلمىگەندە ئەنبەرگۈلنىڭ يوتىسىغا كۆزى چۈشۈۋىدى، ئەقلى-ھوشىنى يوقىتىپلا قويدى. ئەنبەرگۈلنىڭ سۈتتەك ئاپئاق يوتىسىنى، قاشتېشىدەك سۈزۈك مەيدىسىنىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. ئەكسىچە ئۆزىنىڭ ھالال جۈپتى شەرۋانەم ئۇنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالدى. شەرۋانەم ساغلام، 40 ياشتىن ھالقىغان، سېمىز، تېخىچە ياشلىق گۈزەللىكىنى يوقاتمىغان ئايال ئىدى. سالى ئەمدى ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىن، ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن ۋە بەدەن تۈزۈلۈشىدىن ھەدېسلا قۇسۇر ئىزدەيدىغان بولدى. ئەرزىمىگەن ئىشلار ئۈچۈن شەرۋانەمنىڭ دىلىغا ئازار بېرەتتى. ئەمدىلىكتە شەرۋانەمنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇمايدىغان بولدى. ھەتتا سالىنىڭ ئوغۇل-قىزلىرى، كېلىن، كۈيئوغۇل، نەۋرىلىرىمۇ ئۇنىڭدىن بىرقانچە نۆۋەت دەشنام يېدى. سالىنىڭ كەيپىياتىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر شەرۋانەمگە قاتتىق زەربە بولدى. ئۇ ھېچكىمگە تۇيدۇرماي كۆز يېشى قىلاتتى. ئېرىنىڭ ھۆكۈمەت ئالدىدا تىلى قىسىلىدىغان بىرەر ئىشقا چېتىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئېرىنىڭ ھازىرقى ھالىدىن مۇشۇنداق بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ شەپىسى بىلىنىپلا تۇراتتى. شۇڭا ئۇ ئېرىنىڭ قوپاللىقلىرىنى كەچۈرۈپلا قالماي، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتاتتى، قولىدىن كېلىشىچە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى. ئۆي ئىچىدە يەڭگىل قەدەم تاشلاپ ماڭاتتى. پەس ئاۋازدا سۆزلەيتتى. ئۆزى گۇمان قىلغان ئىشلار توغرىلىق ئېرى بىلەن مۇڭداشقۇسى كېلەتتى-يۇ، يەنىلا ئۇنىڭ

ئارامىنى بۇزۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. بارا - بارا ئۇنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، ئۇيقۇسى قاچتى، ئورۇقلىدى، پۇت - قولى بوشىشىپ ماغدۇرسىزلاندى. يۈزىدە قورۇقلار كۆپەيدى. ئۇ بىردىنلا 10 ياش قېرىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى.

سالى ئىشخانىسىدا ئۆزىنى خېلىلا ئەركىن - ئازادە ھېس قىلاتتى، قول ئاستىدىكى يولىيورۇق سوراپ كىرگەن خادىملار ۋە ھاجەتمەنلەر بىلەن سۆزلەشكەن چاغلاردىلا ئەنبەرگۈل بىردەملىككىلا ئېسىدىن كۆتۈرۈلەتتى. ئىشخانىنىڭ ئىشىكى ھەر قېتىم چېكىلسە ئەنبەرگۈل كېلىپ قالدىمىكىن دەپ ئويلاپ، يۈرىكى ئويناپ كېتەتتى. قېرىشقاندەك، ئەنبەرگۈل ئىككى ھەپتىدە ئاران ئىككى قېتىملا كەلدى. شۇنداقتىمۇ ئىشخانىدا لىق ئادەم بار چاغدا كەلدى. سالى ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىز چاقچاق قىلىۋېلىشقىمۇ، ئۇنىڭ چىرايىنى ئوبدانراق كۆرۈۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. سالى نەچچە قېتىم ئۇنى ئىزدەپ ئۆيىگە بارماقچى بولدى - يۇ، سۆز - چۆچەككە قېلىشتىن ئەنسىرەپ بۇ نىيىتىدىن ياندى.

بۈگۈن سالىنىڭ ئىشخانىسى جىمجىت ئىدى، سالى كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئورۇندۇقتا يۆلەنگىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. شۇ چاغدا ئىشىك چېكىلدى. سالى:

— كىرىڭ! — دېدى - دە، كۆزىنى ئېچىپ ئىشىككە قارىدى.

ئىشىك ئېچىلىپ ئەنبەرگۈل كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىشىك تۈۋىدە كۈلۈمسىرىگىنىچە سالىغا تىكىلىپ تۇراتتى.

سالىنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇ خۇشاللىقىنى باسالماي ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— كەلدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزىنى سىپايە تۇتۇشقا تىرىشىپ، — ئولتۇرۇڭ!

ئەنبەرگۈل تۈزۈت قىلمايلا لۆملۆم ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، سالىدىن ئامانلىق سورىدى. سالىمۇ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ، قېيىن ئانىسىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈردى.

— رەھمەت سالى ئاكا، — دېدى ئەنبەرگۈل، — ئۆزلىرى راست ئېيتىپتىكەنلا، قېيىن ئانامنىڭ دوختۇرخانىدىن چىققىنىغا ئۈچ كۈن بولدى. ھازىر گۈس - گۈس دەسسەپ يۈرۈۋاتىدۇ.

— شۇنداقمۇ، دېگىنىمدەك بوپتۇ - دە، ئاخىر!

سالىنىڭ كۆزى بىردىنلا ئەنبەرگۈلنىڭ ئاپئاق يوتىلىرىغا تىكىلدى. يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان كۈچلۈك ھەۋەس نەپسىنى بوغۇپ، تامىقىنى قۇرۇتۇۋەتتى.

سالى ئەقىللىق ئادەم ئىدى. ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ ئىشخانىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، شۇڭا ئىشخانىغا بىرەر كىشىنىڭ كىرىپ قېلىشى ئېھتىمالى بارلىقىنى ئېسىدىن چىقارمىدى. ئەگەر ھازىر ئەنبەرگۈل بىلەن بىرەر خالىي جايدا مۇشۇنداق يالغۇز ئۇچرىشىپ قالغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتقان بولاتتى.

سالى تاماكىسىنى كۈلدانغا بېسىپ ئۆچۈرۈۋېتىپ، كۈلۈمسىرەپ ئەنبەرگۈلنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. شۇ تاپتا ئۇ مەشۇقىنىڭ ئىلتىپات كۆرسىتىشىنى تەقەززالىق بىلەن

كۈتۈپ تۇرغان بىچارە ئاشىقتا ئەمەس، بەلكى ئۆز ئولجىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقان ئوۋچىغا ئوخشايتتى. يارىلانغان ئوۋ كۆزلەرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئوۋچىنىڭ ئىختىيارىدا.

— مارجىنىڭىز ئەجەب چىرايلىق ئىكەنغۇ؟ — سالى ئەنبەرگۈلنىڭ بوينىغا قول ئۇزارتتى. ئەنبەرگۈل ۋىللىدە قىزىرىپ، گەۋدىسىنى ئالدىغا ئەگدى. سالىنىڭ ئۇرۇنۇشى بىكارغا كەتتى. سالى يەنە خىرىلداپ كۈلگىنىچە قولىنى ئەنبەرگۈلنىڭ مەيدىسىگە ئۇزاتتى. ئەنبەرگۈل ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ۋىييەي، نېمانداق قىلىسىلا! بىر كىم كىرىپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ — دەپ ۋىلىقلاپ كۈلدى، — ئەجەب قارام ئىكەنلا، ماۋۇ دېگەن ئىشخانا جۇمۇسلا! ئۆيلىماي شىلتىڭ ئېتىپ، پالاسقا يۆگىنىپ ھەپتە ياتىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن يەنە.

ھەقىقەتەنمۇ شۇ چاغدا كارىدوردىن ئاياغ شەپىسى ئاڭلىنىپ قالدى. سالى ئالمان-تالمان ئورۇندۇقتىن قوپۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ خىزمەت شىرەسىنىڭ يېنىغا بېرىۋالدى. ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، سىرتتىكى ئاۋازغا قۇلاق سالدى، ئىشخانا ئىچى جىمجىت ئىدى. دېرىزىدىن كىرگەن ئىسسىق شامال ئالما ئۇرۇقى رەڭلىك دۇخاۋا پەردىلەرنى بىلىنەر-بىلىنمەس تەۋرىتەتتى. ئەنبەرگۈل ئىسسىقتا چىدىماي بىردەم كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى، بىردەم ئېتىكىنى كۆتۈرۈپ-كۆتۈرۈپ قوياتتى. سالى ئاغزىنى مىتىلدىتىپ، كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ، ئەنبەرگۈلگە نېمىلەرنىدۇ ئىشارە قىلدى. ئەنبەرگۈل پەسىڭگىدە كۈلۈپ يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋالدى.

سىرتتىكى ئاياغ شەپىسى يىراقلاشتى. سالى يەڭگىل نەپەس ئالدى. شۇ چاغدا ئەنبەرگۈل تۇيۇقسىز سورىدى:

— سەلىمجاننى راستىنلا پات ئارىدا يۆتكەپ بېرەملا؟

— يۆتكەپ بېرىمەن. ئەمما مېنى ئۆيىڭىزگە قاچان باشلايسىز؟

— قاچان كۆڭۈللىرى تارتسا شۇ چاغدا.

— مېنىڭغۇ ھازىرلا بارغۇم بار.

— قورۇق گەپ قىلماي، ئېرىمنىڭ



ئىلتىماسىغا تەستىق سېلىۋەتسىلە!

— قولىڭىزنىڭ ئۇچىنى تۇتقۇزمىغان تۇرسىڭىز...

— ئۆزلىرى قەلەمنى شۇلچىكى مىدىرلىتىپ قويۇشقىمۇ ئۇنىمايۋاتسىلا، قولۇمنى تۇتقۇزامتىم ئەمىسە.

— ئۇنداق بولسا، هازىرلا مىدىرلىتاي، ئىش بېجىرگۈچىلەرنىمۇ ئالدىرىتىپ قوياي... — سالى ئۇستەلنىڭ تارتمىسىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بۇرجىكىگە كىچىككىنە خەت يازدى،— مانا تەستىق سېلىپ قويدۇم.

ئەنبەرگۈل ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تەستىق يېزىلغان قەغەزنى قولىغا ئېلىۋالدى. سالىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ كۆلدىۋە:

— تېلېفونىنچۇ؟— دېدى.

— مانا هازىر... — سالى تېلېفونىنىڭ نومۇرىنى ئايلاندۇرۇپ، كىملەرگىدۇر بۇيرۇق چۈشۈردى. ئاخىرىدا «قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى» دەپ قويدى. بۇ چاغدا ئەنبەرگۈل ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ بولغانىدى. سالى ئالدىراپ-تېنەپ:

— توختاڭ، توختاپ تۇرۇڭ،— دېدى.

— سەۋر قىلىپ تۇرسىلا، سالى ئاكا،— دېدى ئەنبەرگۈل ۋە پىنسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ، ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. سالىنىڭ يۈرىكى ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقىپ كەتكەندەك بولدى. پۇت-قولى ماغدۇرسىزلىنىپ، ئورۇندۇقتا لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

## ئەپچىل چارە

سالى سەلىمجاننىڭ ئىلتىماسىغا تەستىق يازغاندىن بېرى ئەنبەرگۈلنى بىر قېتىممۇ كۆرەلمىدى. ئەنبەرگۈلنىڭ بىر تۇتاملا كەلگۈدەك ئىنچىكە بېلى، يۇپ-يۇمىلاق ساغرىسى، ئاپئاق يوتىلىرى، ھېچقانداق پەرداز-گىرىمسىزمۇ نۇر يېغىپ تۇرىدىغان يۇمىلاق يۈزى، قەلەمدەك قاشلىرى، خۇشپىچىم غۇنچە بويى سالىنىڭ خىيالىدىن بىردەممۇ نېرى كەتمەيتتى. ئۇنى ئېسىگە ئالسىلا ۋۇجۇدى قوقاستا پۇچۇلانغاندەك بىئارام بولاتتى، ئۇ ئەنبەرگۈلنى تولا ئويلاپ، كېچىسى قېنىپ ئۇخلىيالمايتتى. ئىشخانىسىغا كەلسە ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ مۈگدەپ قالاتتى. شۇنداق چاغلاردا بىرەر كىشى ئىشخانىغا كىرىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلەتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭ كۆڭلى بەكمۇ تەسلىكتە ئۆتمەكتە ئىدى.

مانا، كۈتكەن كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئەنبەرگۈل بۈگۈن ئەتىگەن تېلېفون بېرىپ، سالىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلغانىدى. خۇشاللىقىدىن سالىنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى. ئەتىگەندىن كەچكىچە ئەنبەرگۈلنىڭ جىسمىدىن ئالىدىغان لەززەتنىلا ئويلىدى.

خىزمەتتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۇزاقىچە كوچا ئايلىنىپ قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىنلا ئەنبەرگۈلنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. دەرۋازا ئوچۇق ئىدى. شەپە چىقارماستىن هويلىغا كىردى. ئۇنى ئەنبەرگۈل كۈتۈۋالدى. ئەنبەرگۈل بەكمۇ چىرايلىق ياسانغان بولۇپ، ئالدىغا پەرتۇق تارتىۋالغانىدى.

قولىدا چۆمۈچ تۇراتتى.

— ئۆيدە بىر كىم بار ئوخشىما-
دۇ؟ — دېدى سالى سەل ئەندىككەندەك
بولۇپ.

— ھەئە، باللارنىڭ دادىسى بار.

— نېمە! — سالى ئەنسىز تولۇلغۇەتتى، —
سەلىم مېنىڭ كېلىدىغانلىقىمنى بىلەمدۇ؟

— ھەئە. سىلىگە تېلېفون بېرىپ بو-
لۇپ ئۆيگە كىرسەم باللارنىڭ دادىسى
كېلىپ قاپتۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوي-
دۇم.

— ئەمىسە مەن كېتەي.

— ياق، كەتمىسىلە. سىلىنى زېرى-
كىپ قالمىسۇن دەپ باشقا مېھمانلارنىمۇ
چاقىرىپ قويغان. ئۇلار سىلىنى كۈتۈپ
ئولتۇرىدۇ، — ئەنبەرگۈل ئۆي تەرەپكە
قاراپ ۋارقىرىدى، — ھوي سەلىمجان!
سالى ئاكام كەلدى.

سالىنىڭ كۆڭلى بىردىنلا غەش
بولدى. ئۇ ئەسلى بۇ يەرگە باشقا مەق-
سەتتە — ئەنبەرگۈلنىڭ پاختىدەك يۇمشاق
جىسمىدىن لەززەت ئېلىش ئۈچۈن كەلگەندى.
ئەمدى ئۇنىڭ بۇ پىلانى كۆپۈككە ئايلانغانىدى.

ئەنبەرگۈل سالىغا ئويلىنىش پۇر-
سىتى بەرمەي، ئېرىنى يەنە چاقىردى:

— ھوي سەلىمجان، بۇياققا چى-
قىڭ دەيمەن، مېھمان كەلدى.

سەلىمجان ئۆيدىن چىقىپ سالى
بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇنى ئۆيگە باشلاپ
كىردى. مېھمانلارمۇ ئۆرە - تۆپە بولۇشۇپ،
ئورۇنلىرىدىن قوپۇشتى. سالى قىيىن شا-
رائىتتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالايتتى. ئۇ
ئۆزىنى ئازادە تۇتۇشقا تىرىشىپ، مېھمان-
لار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆ-
رۈشتى. ئۇلارنىڭ بەزىسى رەھبىرىي كا-
دىر ئىدى. ئەمما ئەمەل جەھەتتە سالى-
دىن تۆۋەنرەك تۇرىدىغان كىشىلەر ئىدى.
ئۇلار سالىنى تۆرگە ئۆتكۈزۈشتى. سالى
ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن
قايتىدىن ئامانلىق سوراشتى.

— سالى ئاكا، — دېدى بىرەيلەن
ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ، — ئۆتكەندە
ئۆزلىرى توغرۇلۇق بىر گەپنى ئاڭلىغا-
نىدۇق. راست شۇنداق ئىش بولغانمۇ؟

— قايسى ئىشنى دەيسىز؟

— سالى ھەيران بولغاندەك قوشۇمى-
سىنى تۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە سوئال
نەزەرىدە تىكىلدى.

— قايسى ئىش بولاتتى، ھېلىقى
پارنى قايتۇرۇۋەتكەن ئىشچۇ!

— ھە، ئۇ ئىشنى سىزمۇ ئاڭلاپتى-
كەنسىز - دە! — سالى جانلىنىپ كەتتى، —
راست، شۇنداق ئىش بولغان. بىر كۈنى
ئىشتىن يېنىپ ئۆيگە كەلسەم، باللار
قارا جىغان يېزىسىدىكى بىر تۇغقىنىمىز-
نىڭ پۈتۈن بىر قوينىڭ گۆشىنى ئەكى-
لىپ بېرىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. تېخى
بىر پارچە خېتىمۇ بار ئىكەن. خەتنى
ئوقۇپ باقسام، نەدىكى تۇغقىنىم بولسۇن،
بىر ئىشچىنىڭ يېزىدا ئىشلەۋاتقان ئوغ-
لىنى يۆتكەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ
يازغان ئىلتىماسىكەن. ئاچچىقىمدا يې-
رىلىپ كەتكىلى تاس قالدىم. تەسلىكتە
ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ، ئوغلۇمدىن گۆشنى
ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپ بەردىم. بۇ ئىش-
نى ئەتىسىلا ھەممە ئادەم ئاڭلاپ بوپ-
تۇ. تېخى مۇخبىرلارنى دېمەمسىلەر! مۇخ-
بىر دېگەنمۇ ھەممە يەرنى تىمىسقىلاپ
يۈرىدىغان خەق. گېزىتنىڭ مۇخبىرىنى
يولغا سېلىۋەتسەم، رادىئونىڭ، رادىئو-

لىگىنىنى يولغا سالسام، ئېلىۋېزورنىڭ مۇخبىرى كەينىمگە كىرىۋېلىپ، نەچچە كۈنگىچە ئارام بەرمىدى. ھېچقايسىسىغا ھېچ نەرسە دەپ بەرگىلى ئۇنىمىدىم. ئۇ خەققۇ مېنى تەشۋىق قىلىش باھانىسىدە ئۆزى نام چىقىرىشنى ئويلايدۇ. لېكىن مەن ھېلىقى ئىشچىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرىدىم. بىلەمسىلەر، ئۇنىڭ نامى شۇنداقلا گېزىتكە چىقىپ كەتسە، ھەممە ئادەم ئۇنى ئەيىبلەيدۇ. ھەتتا يەۋاتقان ئېشىدىن ئايرىلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. كىچىككىنە بىر ئىش تۈپەيلىدىن بىر نامرات ئىشچىنىڭ نامىنى سېسىتىۋەتسەم بولمايدۇ ـ دە! قانداق دەيسىلەر؟

سورۇندىكى ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇشتى.

ـ توغرا دېدىلە سالى ئاكا!

ـ بەك ئوبدان ئىش قىلىپلا.

ـ بىزمۇ شۇ چاغدا ئاڭلاپ، سىلىدىن بەك خۇش بولغان!

تەرەپ ـ تەرەپتىن ياغقان ماختاشلار سالىنىڭ كۆڭلىنى خېلىلا كۆتۈردى. سورۇنمۇ خېلى جانلىنىپ قالدى. ئەنبەرگۈل بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، مېھمانلارنىڭ ئاغزىدا قالغۇدەك تاماق ۋە قورۇما تەييارلىغانىدى. مېھمانلار تاماقنى ماختاپ ـ ماختاپ يېيىشتى. داستىخانغا ھاراق ـ شاراب كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سەلىمجان ئۈنئالغۇنى قويۇۋەتتى. لېنتىلاردىكى ناخشا ـ مۇزىكىلار بىر ـ بىرىدىن يېڭى، بىر ـ بىرىدىن ئۆزگىچە ئىدى. مېھمانلار ھۇزۇرلىنىپ ئاڭلاشتى. بەزى ناخشىچىلارنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈشتى. بەزىسىنى غايىبانە ماختاشتى.

ـ ناخشا دېگەننى مانا مۇشۇنداق ئېيتسا! ـ دېدى سالى بىر ئايال ناخشىچىنى ماختاپ. ئۇ خېلى تەڭشىلىپ قالغانىدى. ئۇ سەلىمجانغا بۇرۇلۇپ سورىدى، ـ بۇ ناخشىنى ئېيتقان ئارتىس نەدە ئىشلەيدۇ؟

ـ نەدە ئىشلەيدىكىن؟

سەلىمجان دۇدۇقلىدى. سالى كوچىلاپ سوراۋەردى.

ـ ئىسمىچۇ؟

ـ ئىسمىنى بالىلارنىڭ ئانىسى بىلەمدىكىن؟

ـ يا ئىشلەيدىغان يېرىنى، يا ئىسمىنى بىلمىسىڭىز، ئەمىسە، بۇ لېنتىنى نەدىن تاپتىڭىز؟

ـ مەنمۇ بۈگۈن تۇنجى قېتىم ئاڭلىدىم. بالىلارنىڭ ئانىسى نەدىن تاپتىكىن؟

ـ ھە، مۇنداق دەڭا... بۇمۇ بىر تېپىشماق ئىكەن ـ دە!

ئۇنىڭ بۇ چاقچىقى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى. سەلىمجان خىجالەت بولغىنىدىن پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى.

ناخشىچىنىڭ ئاۋازى ھەقىقەتەنمۇ سۈزۈك، تەلەپپۇزى ئېنىق، ناخشا ئېيتىش، دۇتار چېلىش ماھارىتى يۇقىرى بولۇپ، ماختاشقا ئەرزىيتتى. سەھنىلەردە داڭقى چىقارغان خېلى ـ خېلى ناخشىچىلاردىن قېلىشمايتتى. شۇڭا ئۇلار سالىنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇ ناخشىچىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن بىر رومكىدىن ئۇتلاپ قويۇشتى. ھەممەيلەننىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. سالى ھەممىدىن بەك ئېچىلىپ كەتتى. ئۆزىنى تۇتالماي، ساقىنىڭ ئالدىدىكى شىشە، رومكىلارنى تارتىپ ئېلىپ، ئۆزى ساقى بولۇپ، سورۇننى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ

چەينەكتە چاي كۆتۈرۈپ كىرگەن ئەنبەر-
گۈلنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى:
— قاراڭ ئۇكام، — دېدى ئۇ بىر
قولىدا رومكا، بىر قولىدا شىشە تۇتقان
هالدا ئۆرە تۇرۇپ، — ماۋۇ ئېرىڭىز شۇن-
داق بەلەن ناخشىچى بىلەن تونۇشۇپ،
ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى لېنتىغا ئېلىۋاپتۇ،
هازىر ئۇنى تونۇمايمەن، دەپ تېنىۋال-
دى. ئۇنىڭ سىزدىن يوشۇرۇۋاتقان سىرى
باردەك تۇرىدىغۇ!
ئۆيدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئەرلەرنىڭ
بوم ئاۋازلىق كۈلكىسىگە ئەنبەرگۈلنىڭ
ئىنچىكە، زىل ئاۋازلىق كۈلكىسى قوشۇ-
لۇپ كەتتى. كۈلكە بېسىققاندا ئەنبەر-
گۈل چۈشەندۈردى:
— بۇ ناخشىچى مېنىڭ هامامىنىڭ
قىزى، ئۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ دوپپا تىكىدۇ.
ئىچى پۇشسا دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيت-
تىدۇ، — ئەنبەرگۈل بېشى بىلەن سەلىمە-
جاننى ئىشارەت قىلىپ قوشۇپ قويدى، — بۇ
كىشى ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ باقمىغان.
— ناخشىنى بەكمۇ ياخشى ئېيتىدى-
كەن. كۆچۈرۈۋالغىلى بولماسمۇ؟
— بىر دوستۇمغا ئاتاپ بىر لېنتى-
غا كۆچۈرۈپ قويغان، — دېدى ئەنبەرگۈل، —
ئۆزلىرىگە لازىم بولسا شۇنى بېرەيلى.
ئەنبەرگۈل جاۋەنگە قولىنى ئۇزار-
تىپلا بىر دانە ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى ئال-
دى-دە، سەلىمجانغا بەردى. سەلىمجان
ئۇنى سالىمغا ئىككى قوللاپ سۇندى.
— رەھمەت، رەھمەت! — سالى بىر قولى-
دا لېنتىنى، بىر قولىدا رومكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ
چاقچاق قىلدى، — قېنى كۆپچىلىك، ئەمدى ئەن-
بەرگۈلنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى.
— خوشە!
ئولتۇرۇش ئاياغلاشقاندا، سالى ئوب-
دانلا تەڭشىلىپ قالغانىدى. ئۇ ئۆي
ئىگىلىرى بىلەن قايتا-قايتا خەيرلەشتى.

## قىلتاق

سالى ئىشىك قاققان چاغدا شەرۋا-
نەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلى-
رىنى كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ تاپشۇرۇق دەپتەر-
لەرنى ئۈستەلنىڭ بىر تەرىپىگە سۈرۈپ
قويۇپ، هويلىغا چىقتى. سالى بىر يېرىم-
غا قىڭغايغان هالدا ۋېلىسىپىتكە تايىنىپ
تۇراتتى. شەرۋانەم بىر قاراشتىلا ئۇنىڭ
كەيپ ئىكەنلىكىنى بىلدى-دە، ئۇن-
تىمىسىزلا ۋېلىسىپىتكە قول ئۇزارتتى. سالى
ۋېلىسىپىتنى ئۇنىڭغا بېرىپ، جايىدا قى-
مىر قىلماي بىر پەس شۈك تۇرۇپ ئۆزى-
نى رۇسلىۋالدى. تۆت تەرەپكە بىر قار-
ۋېتىپ، ئاۋايلاپ دەسسەپ هويلىغا كىردى.
ئۇ، باللارنىڭ ئۆزىنى مەست هالەتتە
كۆرۈپ قېلىشىدىن هەزەر ئەيلەيتتى. با-
للىرىنىڭمۇ ئۆيىگە مەست كىرىشىگە يول
قويمايتتى. ئۇ پەم بىلەن دەسسەپ يا-
تاق ئۆيىگە كىرىۋالدى. ئولتۇرغۇدەكمۇ
ماجالى يوق ئىدى. ئۆزىنى كارىۋاتقا
تاشلىدى-دە، سوناپلىنىپ ياتتى. شەر-
ۋانەم كىرىپ ئۇنىڭ كىيىملىرىنى
سالدۇردى.
— چاپىنىمنىڭ يانچۇقىدا ئۈنئالغۇ
لېنتىسى بار، ئۇنى ئېلىپ ئوبدان ساق-
لاپ قوي. باللار يوقىتىۋېتىپ قالمىسۇن، —
دەپ تاپىلىدى سالى كارىۋاتتا ئېغىناپ.

شەرۋانەم ئۇنىڭ يانچۇقىدىن ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى ئالدى. ئۇنىڭدا شۇنچىۋالا ئەتىۋارلاپ ساقلىغۇدەك نېمە بارلىقىنى سوراپ باققۇسى كېلىپ ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، سالى خورەك باشلىۋەتتى. شەرۋانەم ئۇنى ئوبدان چۈمكەپ قويۇپ، چىراغنى ئۆچۈردى-دە، ئىشىكنى ھەم يېپىپ، ئۆز خانىسىغا چىقىپ كەتتى. خوتۇن بولماق تەس. ئانا بولماقمۇ تەس. ئايال-كىشىگە ئوقۇتقۇچى بولماق تېخىمۇ تەس. شەرۋانەم مەكتەپتە كۈنبويى ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە بولاتتى. ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كەلسە ئىشىنىڭ تولىلىقىدىن باش قاشلىغىلىمۇ چولىسى تەگمەي قالاتتى. تۇمۇچۇقتەك چىرايلىق، قولىقى يۇمشاق بىر جۈپ كېلىنىغىمۇ بار، نېمە ئىشقا بۇيرۇسا ياق دېمەيدۇ، بىراق، ئۇلارمۇ كۈنبويى سىرتتا ئىشلەپ ھېرىپ-ئېچىپ ئۆيگە كېلەتتى. شۇڭا ئۇلارنى ئۆي ئىشىغا سېلىشقا شەرۋانەمنىڭ كۆڭلى ئۇنىمايتتى.

شەرۋانەم ئائىلىدە ئوبدان ئانا، ئوبدان خوجايىن، شۇنداقلا ئوبدان خىزمەتكار ئىدى. ئائىلىنىڭ بىر تالاي ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى تەكشۈرۈپ نومۇر قوياتتى. بەزىدە شىرەگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپمۇ قالاتتى. ئەر-خوتۇن كەمدىن-كەم بىر ئۆيدە ياتاتتى. بۈگۈن ئۇ تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. كەچلىك تاماقتىن كېيىنلا شىرە ئالدىغا كېلىۋالغان بولسىمۇ، تاپشۇرۇق دەپتەرلەرنىڭ تېخى يېرىمىنىمۇ كۆرۈپ بولالمىدى. چۈنكى ئېرىنىڭ يېقىندىن بۇيانقى قوپاللىقلىرى ئېسىگە كېلىۋېلىپ، كۆڭلى بىئارام بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدى. بۈگۈن ئېرى قايتىپ كەلسە، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەكچى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈننى يەشمەكچى ياكى ئۆزىدىن نېمە سەۋەنلىك ئۆتكەنلىكىنى ئۇنىڭدىن سوراپ باقماقچى بولغانىدى. كىم بىلسۇن، قېرىشقاندەك ئېرى مەست قايتىپ كەلدى. ئەمدى ئۇنىڭدىن نېمىنى سورىغىلى بولسۇن!

ئۇ يەنە دەپتەرلەرگە ئېگىلدى. لېكىن بەك چارچاپ كەتكەچكە دەپتەردىكى خەتلەر كۆزىگە ئىمىر-چىمىر بىر نەرسىلەردەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ كارىۋاتقا چىقىپ يېتىپ ياتتى. بىردىنلا ھېلىقى ئۈنئالغۇ لېنتىسى ئېسىگە كەلدى. لېنتىنى ئۈنئالغۇغا سېلىپ ئاڭلاپ باقايچۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۈنئالغۇ لېنتىسىدىن بىر ئايالنىڭ ناخشىسى ئاڭلاندى. ناخشا بەك مۇڭلۇق ئىدى. ناخشىچىنىڭ ئاۋازىمۇ سۈزۈك، يېقىملىق ئىدى. شەرۋانەمنىڭ كۆڭلى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ناخشا ئاخىرلاشتى. شەرۋانەم يەنە ئاشۇنداق مۇڭلۇق ناخشا ئاڭلىنىشىنى كۈتكەن ئىدى. لېكىن ئۈنئالغۇدىن بىر ئايالنىڭ سالىغا خىتاب قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىۋىدى، شەرۋانەمنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى. ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئۈنئالغۇغا قادىلىپ قالدى.

ھۆرمەتلىك سالى ئاكا، دەپ باشلىدى ئايال، مەن سىلىنىڭ مىجەزى سۇيۇق، زىناخور ئادەم ئىكەنلىكلىرىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. بىز بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقاندا، كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلدىلە. كۆزلىرى بىلەن مېنى قانداقتۇر بىر ئەسكى ئىشقا ئۈندىدىلە،

«مەن سىلىنىڭ قىزلىرى دېمەتلىك ئايال،
سالاھىيەتلىرىگە لايىق ئىش قىلىسىلا» دې-
مەكچى بولغان بولسامۇ، ئاغزىمدىن
چىقىرالمىدىم. ئامالسىزلىقتىن ئۆزۈمنى
زورلاپ تەبەسسۇم قىلدىم. چۈنكى ئۇ
چاغدا سىلە بىر يولۋاس، مەن بىر
ئاجىز توشقان ئىدىم. نېمىشقا دەملا؟ مې-
نىڭ ئېرىدمىنىڭ سىلىنىڭ چاڭگاللىرىدا لاچىن
سوققان كەپتەردەك تىپىرلاۋاتقىنىغا ئىك-
كى يىلدىن ئاشقانىدى. سىلىنى رەنجىتسەم
ئېرىم يۆتكىلىپ كېلەلمەيتتى. شۇڭا نو-
مۇستىن ئۆلگۈدەك ھالغا يەتكەن بولسام-
مۇ ئىلاجىسىز كۈلۈمسىرىدىم. قاش-كۆز-
لىرىمنى ئويناتتىم. ئاردىن بىرنەچچە
كۈن ئۆتكەندە چىرايلىق كىيىنىپ، بو-
لۇشچە پەرداز قىلىپ سىلىنىڭ ئىشخانى-
لىرىغا باردىم. سىلى مېنى كۆرۈپلا ئورۇن-
لىرىدىن تۇرۇپ، ئالاھىدە ئىلتىپات كۆر-
سەتتىلە. بىراق دىققەتسىزلىكىمدىن
يوتام ئېچىلىپ قالغانىكەن، سىلى
يوتامغا ئۇزاق تىكىلدىلە. جىمى ئەزا-
يىمغا يىڭنە سانجىلغاندەك بىئارام بو-
لۇپ كەتتىم. كۆڭلىكىمنىڭ ئېتىكىنى
پەسكە چۈشۈرۈۋېتىشنى ئويلىغان بولسام-
مۇ، ئۇنداق قىلىشقا مادارىم يەتمىدى.
ئەسلىدە مەن سىلىنى ئۆزۈمگە تېخىمۇ
جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئويما ياقىلىق كۆڭ-
لەك كىيىپ، بېلىمىنىڭ يۇقىرىسىنى دەر-
ھال كۆزلىرىگە تاشلانغۇدەك چىرايلىق
ياسىغانىدىم. نەدىن بىلەي، ئىسلى يوتى-
لىرىمغا يىڭنىدەك قادىلىۋالدىلا. بىئارام
بولدۇم، خىجىل بولدۇم، بىراق چىداپ
ئولتۇردۇم. ئاخىر ئويلاپ يەتتىمكى، يو-
تىلىرىمدىكى سېھرىي كۈچ گويا يوشۇرۇن
سىرتماقتەك سىلىنىڭ بويۇنلىرىنى بو-
غۇپ، سىلىنى بىر تۇتقۇنغا ئەسىرگە
ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. مەن كۆڭلىكىمنىڭ
ئېتىكىنى پەسكە چۈشۈرۈۋېتىشىمنىڭ ئور-
نىغا تېخىمۇ يۇقىرىراق كۆتۈرۈپ قويدۇم.
كۆرسىلە، قانغۇچە كۆرسىلە! سىلە ئىككى
قىز، ئىككى ئوغۇلغا ئاتا بولغان ئادەم،
ئىككى كېلىنلىرىمۇ بار، يوتىلىرىمدا ئۆيلىرى-
دىكى ھالال جۈپتىلىرىنىڭ يوتىلىرىغا
ئوخشىمايدىغان نېمە ئالاھىدىلىك بارلى-
قىنى تاپقىچە كۆرسىلە! ئاگاھ بولسى-
لىكى، بۇ كۆرۈش سىلىگە ناھايىتى قىم-
مەتكە توختايدۇ، تۆلىگەن بەدەللىرى
ئالغان ھوزۇرلىرىدىن كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ!
ئېرىم بىلەن ئىككىمىز توپتوغرا ئون
يىل ئايرىلىپ ياشىدۇق. مەن بۇ جۇدا-
لىقتا، يالغۇزلۇقتا پەسەنت قىلماي، ئاشۇ
10 يىلنى دىيانەت بىلەن پاك ئۆتكۈز-
دۈم. بۇ 10 يىلدا ياشلىقىمىزنىڭ ئەڭ
شېرىن مىنۇتلىرىدىن كەمدىن-كەم بەھ-
رىمەن بولغان بولساقمۇ، بىر-بىرىمىزگە
بولغان ساداقىتىمىزنى، ۋاپادارلىقىمىزنى
قەدىرلەپ، كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن نە-
زەر سېلىپ ياشىدۇق. مېنىڭ ئالدىلىرىدا
يوتىلىرىمنى ئېچىپ، قاش-كۆزلىرىمنى
ئويىنىتىپ، يالغاندىن ناز-كەرەشمە قىلىپ
ئولتۇرۇشۇم ئاشۇ جۇدالىققا خاتىمە بې-
رىش ئۈچۈن ئىدى. شۇڭا، ئىشىنىمەنكى،
بۇ ئەدەبسىزلىكىمنى ئەگرى چوقۇم كەچۈ-
رىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، مەن ئىشخانى-
لىرىدا ئىككى قېتىملا «يوتا كۆرگەزمىسى»
ئېچىپ، مەقسىتىمگە يەتتىم. سىلە ئىككى
قۇر خەت ئارقىلىق بىزنى مەڭگۈلۈك خا-
تىرجەملىككە ئېرىشتۈردىلە. لېكىن سىلە
ئاشۇ ئىككى قۇر خەتنى يېزىشتىن ئاۋ-
ۋال «سەن ماڭا قولۇڭنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇت-

قۇزمىدىڭ» دېيىش ئارقىلىق خالىي يەردە ئۇچرىشىشىمىز كېرەكلىكىنى توغرىسىدا بىشارەت بەرگەن ئىدىلە. مەن بىلمەن، سىلە تا بۇگۈنگىچە «قولۇمنىڭ ئۇچىنى تۇتۇش» پۇرسىتىنى كۈتتىلە. بىلىپ قويسىلا، ئەمدى سىلە ئۈچۈن بۇنداق پۇرسەت مەڭگۈ كەلمەيدۇ. مەن سىلىنى نىيەتلىرىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللاندىم، ئۆز ۋاقتىدا مەن سىلىنىڭ ئىشخانىلىرىدا قىلىشقان گەپلىرىمىزنىمۇ لېنتىغا ئېلىپ قويغان، ئۇ گەپلەرنىمۇ مۇشۇ لېنتىنىڭ ئاخىرىغا كۆچۈرۈپ قويدۇم. مۇشۇ ئۈنئالغۇ لېنتىسى سىلىنىڭ تارىخلىرى. مەن سىلىنىڭ مۇشۇ «تارىخ» نى پات - پات ۋاراقلاپ تۇرۇشلىرىنى، ئۆز پۇشتىلىرىدىن تۆرەلگەن ئىككى قىزلىرىنىڭ شۇنداقلا ئىككى كېلىنلىرىنىڭ ماڭا ئوخشاش يوتىلىرىنى ئەر كىشىلەرگە كۆرسىتىپ يۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆز نەپسىلىرىنى قاتتىق تىزگىنلەشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن!

## جان ھەلقۇمغا كەلگەندە

شەرۋانەمنىڭ پۇت - قولى ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، قۇلىقى غوڭۇلدىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بېشى سانسىزلىغان يىڭنىلەر سانجىلىۋاتقاندەك چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىپ كەتكەنىدى. ئۇ شىرەگە تايىنىپ ئورنىدىن قوپتى. بىردەم تۇرۇپ بېلىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن، ئۈنئالغۇنى كۆتۈرۈپ، ئېرى ياتقان ئۆيگە چىقتى. تاڭ سوزۇلەي دەپ قالغانىدى. ئۇ ئىشىك - دېرىزىنى مەھكەم تاقاپ، چىراغنى ياقتى. ئۈنئالغۇنى سالىنىڭ قۇلىقى تۈۋىگە قويۇپ كۇنۇپكىنى بېسىۋەتتى. سالى ناخشا ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىنى ئاچتى. خوتۇنى ئۇنىڭغا پەرىشان قىياپەتتە تىكىلىپ تۇراتتى. ئۈنئالغۇدىن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. سالىنىڭ تىلى تامىقىغا چاپلىشىپ قالغاندەك بولدى. دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئەنبەرگۈلنىڭ ئاۋازىنى تونۇغانىدى.

— ھوي خوتۇن، زادى نېمە ئىش بۇ! — سالى ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ كارىۋاتتىن چۈشتى، — ماۋۇ بىر نېمىنى نەدىن تاپتىڭ؟ گەپ قىلساڭچۇ!

— مەن نەدىن بىلەي، — شەرۋانە زەردە قىلدى، — ئاخشام ئۆزىڭىز كۆتۈرۈپ كەپتىكەنسىزغۇ؟

سالىنىڭ كۆزلىرى پىيالىدەك چەكچىيىپ كەتتى. خوتۇنىنىڭ چىرايىغا قاراشقىمۇ پېتىنالماي قالدى. ئۈنئالغۇدىن ئەنبەرگۈل بىلەن ئۆزىنىڭ قىلىشقان چاقچاق گەپلىرى ئاڭلىنىۋاتاتتى. سالى ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك لاغىلداپ تىترەپ، ئۈنئالغۇغا تىكىلگىنىچە بۈتتەك تۇرۇپ قالدى.

شەرۋانەم ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋالغانىدى. ئۇ بالىلارنى ئويغۇتۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن پەس ئاۋازدا سۆزلىدى:

— گەپ قىلمايسىزغۇ، ئاۋازىڭىزنى تونۇغانسىز؟

— ھۇ شەرمەندە جالاپ، — دېدى سالى ئۈنئالغۇغا تىكىلگىنىچە چىشلىرىنى غۇ-

چۈرلىتىپ.

— نېمە دېدىڭىز؟ — شەرۋانەم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — خەق جالاپ بولسا، سىزچۇ؟ ئىككى پۇتىڭىز بىر ئۆتۈككە تىقىلغان تۇرۇقلۇق يەنە ھۆركىرەيسىزغۇ! خەقنى «جالاپ» دەپ تىللاپ يۈرگىچە، ئۆزىڭىزنىڭ پېشانىڭىزنى سىلاپ بېقىڭا! سىزنىمۇ ئادەم دەپ يۈرۈپتىكەنمەن. ئىست! مۇنچىۋالا كۆڭلى پەس ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى بالدۇرراق بىلگەن بولسامچۇ! ئۇ خوتۇن بۇ لېنتىنى ئەتىلا ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا تاپشۇرۇپ بەرسە قانداق قىلىسىز؟ ئەمدى ئائىلىمىزنىڭ نامى بۇلغىنىدىغان بولدى.

شەرۋانەمنىڭ ئاغزىدىن «ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى» دېگەن سۆز چىقىشى بىلەنلا سالى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى. ئۇ چىپىلداپ تەرلەپ كەتتى. تامىقى قۇرۇپ، تىلى سەمرىپ كەتكەندەك گەپ قىلىشقىمۇ مادارى يەتمەي قالدى. شەرۋانەمنىڭ نەپرەتلىك قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكىۋالدى. ئۇ پۇشايمانىنى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالغانىدى. ھېلىقى ئايال لېنتىنى راستىنلا ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا كۆتۈرۈپ بارسا قانداق قىلغۇلۇق؟ سالى ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا مىجىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئاۋۋال خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش، ئۇنىڭ كەچۈرۈمىگە ئېرىشىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى.

— ئەگەر ئۇ خوتۇن غىلجىڭلاپ قاش-كۆزىنى ئويناتمىغان بولسا، ئۇنىڭغا كۆز قىسىنىمۇ سالمايتتىم، — دېدى ئۇ ئۆزىنى ئاقلاپ، — ئۇ ئېزىتقۇ خوتۇن مېنى ئالداپ كېتەپتۇ. مېنى شەيتان ئازدۇرۇپتۇ. ئەگەر ئۇ خوتۇن راستىنلا سەن دېگەندەك قىلسا قانداق قىلارمەن! سەن مېنى قۇتقۇزۇپ قال، شەرۋانەم. پەقەت سەنلا مېنى قۇتقۇزالايسەن!

سالى شەرۋانەمنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالماي، بىر ھازا غىچچىدە خىتىلداپ يىغلىدى.

شەرۋانەم چىشىنى غۇچۇرلىتىپ خېلى ئۇزاققىچە ئۇنىڭغا ھومىيىپ قاراپ تۇردى. كېيىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن كەينىگە بۇرۇلدى-دە، ئىشىكنى جالاققىدە يېپىۋېتىپ چىقىپ كەتتى.

## هەر كاللىدا بىر خىيال

شەرۋانەم دەرۋازىنى تاقىلداتتى. ھايال ئۆتمەي دەرۋازا غىچىرلاپ ئېچىلدى ۋە شەرۋانەمنىڭ ئالدىدا ئەنبەرگۇل پەيدا بولدى.

— كىرسىلە، بىر كىمنى ئىزدەملا؟ — دېدى ئەنبەرگۇل سەل ھەيران بولغان قىياپەتتە.

— سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنىدىم.

— ئۆيگە كىرسىلە، ئۆيگە كىرىپ گەپلىشەيلى.

ئەنبەرگۇل شەرۋانەمنى ئاددىيلا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان، پاكىز ۋە رەتلىك مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى. شەرۋانەم يۇمشاق كۆرپە ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

— ئېتىم شەرۋانەم، ئىككىنچى ئوت-

تۇرا مەكتەپتە ئىشلەيمەن.

ئەنبەرگۈل ئۇلاش بىلەن يېڭىباشتىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۆزىنىڭ ئۇنى دەرھال تونۇيالمىغانلىقىغا خىجىل بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى، ئاندىن داستىخان سېلىپ بىر چىنە قورۇما چۆپ كەلتۈردى:

— بالىلارنىڭ دادىسىنىڭ ھەيدە ئاغرىقى قوزغىلىپ قاپتىكەن، يۇمشاقىنە يېسۇن دەپ چۆپ ئەتكەنىدىم. باشقا غىزاغا ئۆزگەرتىۋېتەي دېسەم، چۆپنى قازانغا سېلىپ بوپتىمەن. ئالدىلىرىدا بەك خىجىل بولۇپ قالدىم. ئېغىز تېگىپ باقسىلا!

— نېمىشقا خىجىل بولىسىز؟ چۆپ دېگەن ئېسىل تاماق، مەنمۇ ھەپتىدە ئىككى قېتىم چۆپ ئەتكۈزۈپ يەۋالىمەن.

— ئۇنداق بولسا تارتىنماي ئالسىلا!

ئىككىيلەن مۇڭداشقاچ غىزالىنىشتى. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، شەرۋانەم سۆھبەتنىڭ تېمىسىنى ئەسلى مەقسەتكە بۇرىدى:

— سىڭلىم، بىزنىڭ ئادەم سىزنىڭ ئاچچىقىڭىزنى كەلتۈرۈپ قويۇپتىكەن، سىزدىن ئەپۇ سورىغىلى كەلدىم.

— ۋىييەي، كىمنىڭ كېپىنى قىلىۋاتىلا؟

— توۋۋا، دۆتلۈكۈمنى. مەن تەشكىلات بۆلۈمىدىكى سالىنىڭ خوتۇنى بولىمەن.

— نېمە، نېمە دېدىلە؟

ئەنبەرگۈلنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە شەرۋانەمنىڭ سىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى.

— تۇنۇگۇن كەچتە ماۋۇ ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى كۆتۈرۈپ كەپتىكەن، — شەرۋانەم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ سومكىسىدىن لېنتىنى چىقاردى.

— ۋاي ئانام، ماۋۇ رەسۋاچىلىقنى! — ئەنبەرگۈل يۈزلىرىنى تۇتۇۋېلىپ يىغلىۋەتتى، — مەن ئۇنى سىلىنىڭ قوللىرىغا چۈشۈپ قالار دەپ ئويلاپمۇ باقماپتىمەن...

— ئۇ مەست بولۇپ قاپتىكەن. بۇنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپلا ئۇخلاپ كەتتى. ئۈنئالغۇغا سېلىپ باقسام، ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتى ئىكەن، كېچىچە تولا يىغلاپ، نەچچە ئۆلۈپ، نەچچە تىرىلدىم. شۇڭا، ئۇنىڭ سىزگە قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى ئۆز ئاغزىڭىزدىن ئاڭلاپ باقاي دەپ كەلگەنىدىم. خاپا بولماي مۇشۇ ئىشنى تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز!

— بولغان ئىشنىڭ ھەممىسى قوللىرىدىكى لېنتىدا بار. ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرىدىغان بۇ ئىشنى يەنە قانداق ئاغزىمدىن چىقىرالايمەن؟ — دېدى ئەنبەرگۈل يىغلاپ تۇرۇپ.

— مەنمۇ بۇ ئىشنى ئاغزىمغا ئېلىشتىن خىجىل بولۇۋاتىمەن، — شەرۋانەم ئۇھ تارتىپ، ياغلىقى بىلەن بۇرنىنىڭ ئۇچىنى سۈرتتى، — مەن ئۇنى بۇنداق قىلار دەپ زادى ئويلىماپتىكەنمەن. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ئوبدانراق ھېساب - كىتاب قىلىشمىسام بولمىغۇدەك. شۇڭا ئۇنىڭ سىزگە قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى تارتىنماي دەپ بەرسىڭىز.

— مۇشۇ 10 يىلدا تارتقان ئازابلىرىمنى ئويلىسامغۇ سالى ئاكامنى تۈرمىگە قامىتىۋەتكۈم كېلىدۇ، لېكىن يالغان گەپ قىلىپ تۆھمەت قىلسام ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزۈم گۇناھكار بولۇپ قالىمەن.

راستىنى ئېيتسام، سالى ئاكامنىڭ مەن
بىلەن خالىي يەردە ئۇچراشقۇسى، ھەۋەسـ
نى قاندۇرغۇسى بار ئىدى. مەن ئۇنىڭغا
چەشمىنىڭ ئېقىنىنى كۆرسىتىپلا قويدۇم. ئۇ
مەقسىتىگە يېتەلمىدى. بۇ جەھەتتە سىلىـ
نىڭ ئالدىلىرىدا پۈتۈنلەي پاكمەن.

— مەن سىزگە ئىشىنىمەن، سىڭلىم.
ئۇنىڭ مۇنداق قىلىقى بارلىقىنى خىياـ
لىمغا كەلتۈرۈپ باقماپتىكەنمەن. ھازىر
ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كېتەي دېسەم، باشـ
قىلارنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشىدىن قورـ
قىمەن. قېرىغاندا ئاجرىشىپ يۈرسەم
كېلىنلىرىمنىڭ، كۈيئوغۇللىرىمنىڭ ئالدىـ
دا ئۇيىاتقا قالىمەن. ئۇلارنىڭ يۈزىگە
قارىيالمايمەن. شۇڭا بۇ ئىشنى يەڭ ئىچىـ
دىلا بىر ياقلىق قىلىۋېتىش قارارىغا كەلـ
دىم. لېكىن ئۇ كىشىدىن ئوبدانراق
ھېساب ئالمىسام بولمايدۇ.

— شۇنداق قىلسىلا، خانىم، ھەرگىز
يېنىكلىك قىلمىسىلا، — دېدى ئەنبەرگۈل
ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك يەڭگىل نەپەس
ئېلىپ.

شەرۋانەم قايتماقچى بولۇپ ئورنىـ
دىن تۇردى ۋە دەرۋازا تۈۋىدە توختاپ،
تۇيۇقسىز سورىدى:

— سىڭلىم، سىز ماۋۇ لېنتىنىڭ
ئەسلى نۇسخىسىنى نېمە قىلماقچى؟

— ساقلاپ قويىمەن.

— ئېرىڭىزنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىـ
شىدىن ئەنسىرىمەمسىز؟

— مەن ئۇنى ھېچكىم تاپالمايدىغان
يەرگە تىقىپ قويدۇم.

— جېنىم سىڭلىم، ئاشۇ لېنتىنى
ئۇچۇرۇۋېتىڭ. كۆرۈنۈشتە يارىمىغان كۆـ
تەكتەك تۇرغىنىم بىلەن، ساق يېرىمنىڭ
تايىنى يوق خوتۇنمەن. دەرد كۆتۈرگۈـ
چىلىكىم يوق. ئۇ لېنتا سىزنىڭ قولىڭىزدا
تۇرسا، خۇددى بويىنۇمغا سىرتماق سېلىنـ
غاندەك، سىرتماقنىڭ بىر ئۇچى سىزنىڭ
قولىڭىزدا تۇرغاندەك بۇرۇختۇملۇق ئىچىـ
دە ياشىغۇدەكمەن. ئىككىلىمىز خوتۇن
كىشى بولغاندىكىن، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىـ
سۇن! مۇشۇ قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ئۆلـ
سەممۇ ئۇنتۇپ قالماسمەن. بۇنىڭدىن
كېيىن سىزنى ئۆز سىڭلىمدەك كۆرۈپ،
قولۇمدىن كېلىشىچە خىزمىتىڭىزنى
قىلىمەن...

شەرۋانەم ئەنبەرگۈلگە ئۇزاققىچە
يالۋۇرۇپ كەتتى. كۆز يېشى تاراملاپ
ئاقتى. ئۇنىڭ نالىسى تاشنىمۇ ئېرىتكەن
بولاتتى. ئەنبەرگۈلمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ
كۆز يېشى قىلدى، لېكىن پەقەتلا گەپ
قىلمىدى. ئاخىرىدا شەرۋانەم ئۇنىڭ ئىكـ
كى مۈرىسىگە قوللىرىنى قويۇپ، تېخىمۇ
ئېچىنىشلىق ئاۋازدا:



— ئوبدان سىڭلىم، گەپ قىلسىڭىزـ
چۇ، لېنتىنى ئۇچۇرۇۋېتەمسىكە ۋەدە بېرەمـ
سىز؟ — دېدى.

— مەن ھازىر ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قالدىم، — دېدى ئەنبەرگۈل قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن يېشىنى سۈرتكەچ، — بىر تەرەپتىن ئېرىمنىڭ بۇ ئىشنى بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىسەم، يەنە بىر تەرەپتىن ئەرلەرنىڭ ھوقۇقىغا تايىنىپ بىزگە زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. شۇڭا مەن بۇ لېنتىنى يوقىتىۋېتەلمەيمەن! ئۇنى مەڭگۈ ساقلاپ، ئەرلەرنىڭ پۇت-قولىنى بوغۇچلاپ تۇرمىسام كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ. ماڭا ئىشەنسىلە. ئەگەر ئەرلەرى بىزگە زىيانكەشلىك قىلمىسىلا، مەن بۇ لېنتىنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەيمەن.


— ئىشىنىمەن سىڭلىم! شەرۋانەم ئۆزىنى تۇتالماستىن ئۈن سېلىپ يىغلىغىنىچە ئەنبەرگۈلگە ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى، — ئۆزۈمگە ئىشەنگەندەكلا ئىشىنىمەن! مەنمۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن خوتۇن. ئاق-قارىنى پەرق ئەتكۈچىلىكىم بار. سىزنىڭ گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ، خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان نۇرغۇن نەرسىنى بىلىۋالدىم. مەن ئەمدى قانداق قىلىشنى بىلىمەن!

سالى بىلەن ئەنبەرگۈل ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن تېتىقسىز ئىشنى شەرۋانەمدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمىگەن بولسىمۇ، سالى زادىلا خاتىرجەم بولالمىدى. ئەنبەرگۈلنىڭ قولىدىكى ئۈنئالغۇ لېنتىسى ئۇنىڭ خىيالىدىن چىقمايتتى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىكىلەر تەرىپىدىن سوراق قىلىنىپ چۈش كۆردى. تېلېفون جىرىڭلىسىلا ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىكىلەر چاقىرىۋاتامدىكىن، دەپ پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشاتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بارغانسېرى ئىشتىھاسى تۇتۇلدى. پارقىراپ تۇرىدىغان چىرايى قارىداپ كەتتى. كۆزى تورلىشىدىغان، بېشى قايىدىغان، ياتسا ئۇيقۇسى قاچىدىغان بولۇپ قالدى. يېقىندىن بېرى، زىياپەتلەرگىمۇ بارمىدى. كىشىلەرگە ئارىلاشقۇسى كەلمەيتتى، كۆپ چاغلاردا يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيال سۈرەتتى. ئىدارىگىمۇ مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىنلا باراتتى. لېكىن باللىرى ئالدىدا ئۆزىنى خاتىرجەم كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە، سەلىمجان ئۇشتۇمتۇت سالىغا ئاتىۋەتكەن ھېلىقى ئەللىك توپ تېرەكنى ئېسىگە ئالدى. ئېھتىمال، سالى بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشتىن خىجىل بولۇۋاتقاندۇ. سەلىمجان ئاشۇ ئەللىك توپ تېرەكنىڭ يۈزى بىلەن يۆتكىلىپ كېلىۋالدى. ئەمدى ۋەدە قىلغان نەرسىنى بېرىۋەتمىسە بولامدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ قولىدا ھوقۇق بار، ئۇنى ئۆچ ئالمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟! بېرىۋېتىش كېرەك. «باللىرىمنىڭ باش-كۆزىنىڭ سەدىقىسى» دەپلا بېرىۋېتىش كېرەك!

سەلىمجان مۇشۇ نىيەتتە كۆڭلىگە پۈكۈپ سالىنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدى. لېكىن سالىنىڭ مېڭە قان تومۇرى توسۇلۇپ قېلىپ دوختۇرخانىدا جىددىي قۇتقۇزۇلۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بوسۇغا تۈۋىدە ئۇزاقىچە تۇرۇپ قالدى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە



مەمتىمىن هوشۇر

# خاسىيەتلىك قار

(پوۋېست)*

مەھەللىدىكى كىشىنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان ئاجايىپ ئادەملەرنىڭ يەنە بىرى «ئىسمايىل زاڭ» ئىدى. ئىسمايىل ئاكا ساتىراشلىق قىلاتتى. «زاڭ» دېگەن لەقەم ئۇنىڭ غەلىتە قىلىقلىرىدىن كېلىپ چىققانىدى. مەسىلەن، ئۇ رولى ئارقارنىڭ مۈڭگۈزىدەك غەلىتە بىر چەت ئەل ۋېلسىپىتىنى مىنىپ يۈرەتتى؛ ۋېلسىپىتىنىڭ ئىگىرىگە چۇچىلىق ياپقۇچ يېپىپ، راملىرىغا ئالىيۈمىن لېنتىلارنى باغلىۋېتەتتى. پىرقىرىغاندا دۈپدۈگىلەك دائىرە هاسىل قىلىپ باشقىلارنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتسۇن دەپ، ۋېلسىپىتىنىڭ چاۋاقلىرىغىمۇ ھەر خىل رەڭدىكى قەلەيلەرنى ئورنىۋالاتتى. خۇددى ئۇزۇن يوللۇق مۇسابىقىگە چۈشىدىغان ۋېلسىپىت تەنھەرىكەتچىلىرىدەك رولىنىڭ ئالدىغا چىراغ بېكىتىپ، رامىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىچىك بىر ناسوسنىمۇ قىستۇرۇۋالاتتى. ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭ ۋېلسىپىتىنىڭ ئالدىغا خۇددى باش ئەلچىخانىنىڭ پىكاپلىرىدىكىدەك كىچىك بىر بايراقچىنى قادىۋالىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولاتتى. ئۇنىڭ قاتۇرۇپ دەزمال سېلىنغان تۆت يانچۇقلۇق چاپىنىنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى مەيدە يانچۇقىدا تاغاقنىڭ، سول تەرەپتىكى مەيدە يانچۇقىدا ئاپئاق قول ياغلىقنىڭ ئۇچى چىقىپ تۇراتتى. «نوي مەھەللە»ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ قىلىقلارنىڭ ھەممىسى زاڭلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

ئىسمايىل ئاكىنىڭ بازار ئىچىدە ساتىراشخانىسى بار ئىدى. ساتىراشخانىنىڭ

* بېشى ئۆتكەن ساندا

ئىچىمۇ ئۆز ئالدىغا بىر دۇنيا ئىدى. دۇكانىنىڭ پۈتۈن تۆت تام، ھەتتا تورۇسلىرىغىمۇ خىلمۇخىل رەسىم، گۈللەرنىڭ نۇسخىلىرى چاپلىنىپ تاشلانغانىدى. تازىلىق قىلىش توغرا كەلگەندە، ئىسمايىل ئاكا دۇكانىنىڭ تاملىرىنى ئاقارتماي، تامدىكى رەسىملەرنىڭ ئۈستىگە يېڭىدىن رەسىملەرنى چاپلاپ چىقاتتى. ساتىراشخانىنىڭ ئىشىكى ئۈستىدە «ئىسمايىلجان ساتىراشخانىسى — شەھەر بويىچە بىر» دېگەن ھۆسن خەت يالتىراپ تۇراتتى. ئىسمايىل ئاكىدا ھەممە نەرسىگە ئىسمىنى يېزىپ قويىدىغان مۇشۇنداق بىر ھەۋەس بار ئىدى. يانچۇقىدىكى قەلەمتىراش، تامدا ئېسىقلىق دۇتارنىڭ سېپى، ھېلىقى ۋېلىسىپىتىنىڭ راملىرىغا ئۇنىڭ ئىسمى يېزىقلىق ئىدى. ئۇ ئۆزى ئوقۇغۇچى ۋاقتىدا ئولتۇرغان پارتىلىرىغا، مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى يوغان تېرەككە، ھەتتا قاچاندۇر بىر چاغدا ساياھەت قىلىپ چىققاندا ھەربىر قونغان ياتاقلىرىنىڭ تاملىرىغا، تۇرپاندىكى ئىمىن گۈك مۇنارى، قەشقەردىكى ئاپپاق غوجام، ھېيتكار مەسچىتلىرىگىمۇ ئىسمىنى ئويۇپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ ماختىناتتى... لېكىن، ئىسمايىل ئاكا ئۇستا كاسىپ ئىدى. چاچ - ساقالنى تولىمۇ سىلىق ئالاتتى، ئۇنىڭ ئىشلىتىدىغان ئەسۋابلىرى ئىتتىك، لۆڭگە، پەرتۇقلىرى دائىم پاكىز تۇراتتى.

ئۆزىنىڭ قىزىقچىلىقلىرى بىلەن ئېسىمدە قالغان يەنە بىر ئادەم ياسىن يالغان. ياسىن ھەقىقەتەنمۇ «يالغان گەپ تاپالمىغاندا راست گەپ قىلىپ سالىدىغانلارنىڭ بىرى» ئىدى. بەزىدە ئۇ يالغاننى شۇنچىلىك قاملاشتۇرۇپ ئېيتاتتىكى، ئۆزىنىڭ يالغىنىغا ئۆزىمۇ ئىشىنىپ قالاتتى.

— ئەكەلگىنە، پۇلۇڭ بولسا ئەللىك كوي بېرىپ تۇرغىنە، — دەيتتى ئۇ ئۇچرىغانلا بىرىنى توختىتىپ، — ئەتىلا ساڭا ئاتمىش كوي قىلىپ قايتۇرۇپ بېرەي!

ئۇنىڭ بۇ گېپىنىڭ قىپقىزىل يالغانلىقىنى ھەممەيلەن بىلەتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئەللىك كوي تۇرماق ئەللىك تىيىنمۇ قەرز بېرىشمەيتتى. ياسىن يالغان قاچانلا قارىساڭ ناھايىتى ئالدىراشتەك كۆرۈنەتتى:

— ياسىناخۇن، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟— دەپ سورىغانلارغا ئۇ:

— تۈنۈگۈن قىرىق - ئەللىك كويلۇق تېرە ئېلىۋىدىم، بۈگۈن ساتسام تەگمۇ تەڭ پايدا قاپتۇ، — ياكى بولمىسا، — ئۆتكەن ھەپتە سەھرادىن بەش - ئالتە قوي ئەكىرىپ قاسساپلارغا تارقىتىپ بېرىۋىدىم، شۇلارنىڭ پۇلىنى يىغالماي يۈرىمەن... — دېگەندەك يالغانلارنى قويۇۋېتەتتى. شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپلا ئۆيىگە كىرىپ ئايالىدىن تاماكىغا پۇل سورايتتى.

ئەمەلىيەتتە ياسىننىڭ ئىش - ئوقىتىنىڭ تايىنى يوق ئىدى. دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان ئايالىنىڭ مائاشىغا تەڭ شېرىك بولۇپ، تولا چاغلاردا مەھەللىنىڭ دوقمۇشىغا چىقىپ، باشقىلار بىلەن قۇرۇق پاراڭ سېلىشاتتى.

— ھېلىقى «سەرگەردان» دېگەن كىنونى يېڭىدىن قويۇۋاتقان چاغ، — دەپ ھېكايىسىنى باشلايتتى ياسىن يالغان، — قارىسام، كىنوخانىنىڭ ئالدى دېگەندە ئادەمنىڭ ئۈستىدە ئادەم. ئىشىك دېگەننىڭ ئالدىغا يېقىن بارغىلى بولامدىغان. ئاچچىقىمنەدىن كەلدى، ئۇكامنى

ئالدىمغا سالدىم. قولۇمدىكى چاپاننى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ، بىر قىستاپتىكەنمەن، ھايت ـ ھۇيت دېگۇچە ئىشىكنىڭ ئالدىغىلا بېرىپ قاپتىمەن. قارىسام ئۇكام دېگەن شۇمتەك خەقنىڭ چاترىقىدىن ئۆتۈپ كىنوخانىنىڭ ئىچىگە كىرىپ بوپتۇ. مەنمۇ بېلەتنى سۇناي دەپ تۇرسام، پۇتۇمنى بىرى شۇنداق قاتتىق دەسسىمەسما، ئاغرىقى مېڭەمگە چىقتى. «قانداق كۇيدۇ بۇ؟» دەپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئالدىمدا تامدەك ئېگىز بىر قارا نېمە تۇرامدۇ. ئاچچىقىمدا ھېلىقىنى بىر ئىتتىرىۋېتىكەنمەن، بىر ـ ئىككى مېتىر كەينىگە داجىپ كەتتى. خەقنىڭ ئارىسىدا بولمىغان بولسا چوقۇم ئوڭدىسىغا چۈشەتتى. ھېلىقىمۇ يامان نېمە ئوخشايدۇ. كاپلا قىلىپ كارنىيىمدىن ئالدى. نېمانداق يوغىراپ كەتتىكىن دېسەم، ئەتراپىدا تۆت ـ بەش ئاغىنىسى بارئىكەندۇق بابا. ھېلىقىلار مېنى ئارىغا ئېلىپ ئىتتىرىپ ـ سۆرەپ چەتكە ئېلىپ چىقتى. ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، ئۇ چاغلاردا مېنىڭمۇ تازا قارا كۈچكە تولغان ۋاقتىم. جۇدۇنۇم غۇژژىدە تۇتتى، چاپىنىمنى غاچچىدە سېلىپ ئۇكامغا تاشلاپ بېرىپ ھېلىقى ياقامغا ئېسىلىپ تۇرغان نېمىنى كەلتۈرۈپ بىر قويۇپتىكەنمەن، گۇپلا چۈشتى. ئارىسىدا نوچىراقىمۇ شۇ ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئۆمىلەپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ ھېلىقى ئاغىنىلىرى يېنىمغا كېلەلمەي قالدى. «بولدى قىلايلى ئاغىنىلەر ھە، بولدى ... بىر مۇشتقا بىرىڭلار پايلىماي ئۆمىلەپ يۈرسەڭلار. يا بۇ مۇشت دېگەننى پارچىلاپ ئاتقىلى بولمىسا ... ئۇنىڭدىن سىڭگەن نېنىڭلارنى يەپ ئاستا كىرىپ كىنورىڭلارنى كۆرۈڭلار!» دېۋىدىم، ھەممىسى شۈككىدە بولۇپ قالدى.

ياسىننىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاۋاتقانلار:

— گېپىڭنىڭ ھېلىقى يېرى چېنىپ قالدى ياسىن، ھېلىقى يېرى، — دېيىشەتتى.

— قەيېرى؟! — دەپ ئۆزىمۇ ھەيران بولاتتى ياسىن.

— ھېلىقى، چاپىنىڭنى غاچچىدە سېلىپ ئۇكاڭغا تاشلاپ بەرگەن يېرىڭ.. ئۇكاڭ چاپىنىڭنى كۆتۈرۈپ كىنوخانىغا كىرىپ كەتمىگەنمىدى؟

ياسىن ئۆزىمۇ كۈلۈپ كېتەتتى. ئۇ «گېپىم راست» دەپ تالىشىپ تۇرۇۋالىدىغانلاردىنمۇ ئەمەس ئىدى.

— بىر قېتىم ئاتلىق كېتىپ بېرىپ چۆلدە ئېزىپ قالدىم دېمەمسىلەر، — دەپ ئىككىنچى بىر ھېكايىسىنى باشلايتتى ياسىن، — كېتىپ بارىمەن، كېتىپ بارىمەن. بۇ چۆلنىڭ ئايىغى كۆرۈنەي دېمەيدۇ. بىر چاغدا بىر كۆلنىڭ بويىدىنلا چىقىپ قالدىم. «خۇدايا تۇۋا، بۇ چۆلدە بۇ كۆل ئەجەب پەيدا بولۇپ قالدا!» دېدىم. كۆل بولغاندىمۇ قانداق كۆل دېمەمسىلەر، سۈيى سۈپسۈزۈك، ئاستىدىكى لەش ئوت دېگەننىڭ ھەممىسى ياپپېشىل بولۇپ مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئاتتىن چۈشۈپ ئوچۇملاپ سۇ ئىچتىم. بېشىمنى شۇنداق كۆتۈرسەم، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بېلىق بېشىنى سۇدىن چىقىرىپ، تىككىدە بولۇپ ماڭا قاراپ تۇرۇپ كېتىپتۇ. ھېلىقى بېلىقنىڭ كۆزلىرى شۇنچىلىك مىسكىن، قاراپ كۆڭلۈم بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. ئويلىسام بۇ بېلىقنىڭ چىرايىنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەن. «ھەي بۇ تونۇش بېلىقتەك قىلىدۇغۇ، نەدە كۆرۈۋېدىمكىنە؟» دەيمەن. تازا ئېسىمگە ئالسام، ھېلىقى بىر يىلى بىز

ئولاش ـ چولاش دەريا بويىغا ئويىنىغىلى چۈشكەندە هاراققا تېتىق قىلىپ يەۋەتكەن بېلىقىمىز شۇ ئىكەن. ۋاھ، بۇ بېلىق قانداقسىگە تىرىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدى؟ دېدىم. ئۆزۈمنى سۇر باسقاندەك بولدى. ئالدى ـ كەينىمگە قارىماي قېچىپتىمەن. بىر چاغدا قارىسام پۇتلىرىم قاپىرىسىپ سۇ كۆتۈرۈپ كېتىپتۇ...

شۇ چاغدا، ئاڭلاۋاتقانلار چۇرقىرىشىپ ياسىن يالغانىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— هوي ياسىنجان ئات قېنى، ئات؟ ئاتلىق كېلىۋاتاتتىڭلار ئەمەسمۇ؟

— ھە راست ئات، ئات نەدە قالدى؟! — دەيتتى ئۇ ئۆزىمۇ ھەيران بولۇپ. شۇنىڭ بىلەن ھەممە كۈلۈشۈپ كېتەتتى.

زۆھرە، نېمە ئۈچۈن هازىرغىچە شۇ ئادەملەرنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن؟ مۇساپىرچىلىق تارتىمىغان ئادەملەرگە بۇنى چۈشەندۈرمەك تەس.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا چېغىمدا ئۇچراتقان جاڭ فامىلىلىك بىر خەنزۇ يىگىتىنى پات ـ پات ئەسكە ئېلىپ قالىمەن. مەن ئۇنى ۋوكزال مەيدانىدا كۆرگەنىدىم. ئۇ نۇرغۇن ئادەملەر ئارىسىدا كېتىپ بارغان بولسىمۇ، مېنىڭ بىلەن ۋەتەنداش ئىكەنلىكىنى چىرايىدىنلا تونۇۋالدىم. ئارقىسىدىن يېتىشىپ بېرىپ خەنزۇ تىلىدا:

— ياخشىمۇ سىز؟ — دېدىم.

ئۇ كېتىۋاتقان يېرىدە چىپپىدە توختاپ، ھەيران بولۇپ يېنىغا قارىدى. مېنى كۆرۈپ بۆلەكچىلا خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ياخشىمۇ سىز؟ ... جۇڭگودىن كەلدىڭىزمۇ؟ قاچان كەلدىڭىز؟ ۋەتەنىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — دېگەن بىرمۇنچە سوئاللار بىلەن مېنى كۆمۈۋەتتى.

بىز ئەتراپنى بىللە ئايلاندۇق. كېيىن ئۇ مېنى بىر رېستورانغا باشلاپ كىرىپ مېھمان قىلدى. ئۇ يەردە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. ئەسلى ئۇ ئاتمىشىنچى يىللارنىڭ بېشىدا بىزدە ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق يۈز بېرىۋاتقان مەزگىلدە بۇ تەرەپكە قېچىپ ئۆتكەنىكەن. بۇ يەردە بىر رۇس ئايالغا ئۆيلىنىپتۇ. ھازىر ئىككى بالىسى بار ئىكەن، تۇرمۇشىمۇ يامان ئەمەس ئىكەن، ئۆيىدىكى بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى خەنزۇ تىلىنى بىلمەيدىكەن. بىچارە ئۆز تىلىدا سۆزلەشكۈسى كېلىپ كەتسە ئادەم يوق يەرگە بېرىپ ئۆزى بىلەن ئۆزى پاراڭلىشىدىكەن. خەنزۇچە خەتلەرنى ئۇنتۇپ قالدىممۇ، قانداق؟ دەپ يەرگە سىجاپ ئولتۇرىدىكەن...

— جۇڭگوغا قايتىپ كەتسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

— نامرات ئانىسىدىن يۈز ئۆرۈگەن ۋاپاسىز بالىدەك ئېغىر كۈنلەردە جۇڭگونى تاشلاپ كەلدىم، ئەمدى قايسى يۈزۈم بىلەن قايتىپ بارىمەن، — دەپ يەرگە قارىدى ئۇ. ئاندىن ماڭا قاراپ، — سىز قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

نېمە سەۋەبتىن قېچىپ ئۆتكىنىمنى ئېيتقۇم كەلمىدى. ئۇ ماڭا قاراپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، بۇ سوئالنى قايتىلىمىدى... ئاندىن ئۇ تۇرغان ئورنىمنى كۆرۈۋالماقچى بولۇپ ماڭا ئەگىشىپ ياتىقىمغىچە كەلدى. ئۇ ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ، ئىندىنىمۇ... ئۇدا ئۈچ كۈن مېنى يوقلاپ كەلدى. ھەر كەلگەندە بىرمۇنچە تەييار يېمەكلىكلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ،

پاراڭلىشىپ كېتەتتى. مېنىڭ چالا - پۇچۇق خەنزۇچە گەپلىرىمنى زوقلىنىپ ئاڭلايتتى. ھەر قېتىم مېنى ئۆيىگە باشلاپ بارماقچى بولۇپ زورلايتتى:

— كۆكتات سېغىنمىدىڭىزمۇ؟ قورقماڭ، مەن قوي گۆشىدە تازا تەملىك قىلىپ جۇڭگوچە قورۇما قورۇپ بېرىمەن. ھويلىغا ھەر يىلى كۆكتات تېرىيمەن. بۇ يەردىكىلەر كۆكتاتنى ئاز يەيدۇ. پېتىگەن، كۆدە، تۇرۇپ، بەسەيلەرنى قورۇپ يېسەم باللىرىم بۇرۇنلىرىنى تۇتۇپ، «ئۆينى سېسىق پۇرىتىۋەتتىڭ!» دەپ سوقۇشىدۇ. ئۇلار يوق چاغدا قورۇپ يەپ خۇمارىمنى بېسىۋالىمەن... — دەيتتى.

ئۇنىڭ ھەر كۈنى كېلىۋېرىشى مېنى قورقىتىپ قويدى. چېگرىدىن يېڭى ئۆتكەن ۋاقتلىرىم بولغاچقا ئۆزۈمدىن ئەنسىرەپ يۈرەتتىم. جاڭغا تۇيدۇرمايلا ئۇ يەردىن كېتىپ قالدىم. بىر قېتىم ئۇنىڭ مەندىن سوۋغات سورىغان ۋاقتىدىكى مىسكىن ھالىتىنى پەقەت ئۇنتۇيالمايمەن.

— جۇڭگودىن ئېلىپ كەلگەن بىرەر نەرسىڭىز بولسا ماڭا سوۋغات قىلسىڭىز بولامدۇ؟ — دەپ ئۆتۈنگەنىدى ئۇ.

مەندەك بىر قاچقۇننىڭ يانچۇقىدا سوۋغا قىلغۇدەك نېمە بولماقچىدى. ئىلاجىسىز ئۇنىڭدىن:

— نېمە سوۋغا قىلسام بولار؟ — دەپ سورىدىم.

— نېمە بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، پەقەت بىر - ئىككى خەنزۇچە خېتى بار بولسىلا بولدى، — دېدى ئۇ.

ئۇنىڭغا يېنىمدا ئېلىپ يۈرگەن بىر تىرناق ئالغۇچنى سۇندۇم. جاڭ ئۇنى پادىشاھنىڭ قولىدىن سوۋغات ئېلىۋاتقاندەك ئىككى قوللاپ ئالدى. كۆرۈپ تاغدەك خۇشال بولدى. تىرناق ئالغۇچنىڭ ئۈستىدە «جۇڭگو» دېگەن ئىككىلا خەنزۇچە خەت بار ئىدى...

ئاشۇ خەنزۇ يىگىتنىڭ ھېسسىياتىنى مەن تېخى ئۇ چاغلاردا ئانچە چوڭقۇر چۈشىنىپ كېتەلمىگەنىدىم. مانا ھازىر مەنمۇ يالغۇز قالغان ۋاقتلىرىمدا ئۆزۈم بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا پىچىرلىشىدىغان، ئادەمسىز خالى جايلارغا بېرىپ مەجنۇنلاردەك ئۆز يۇرتۇمنىڭ ناخشىلىرىنى توۋلايدىغان، مەھەللىدىكى ئاشۇ ساددا ۋە ئۇنتۇلماس ئاجايىپ ئادەملەرنىڭ قىزىق گەپ-سۆزلىرىنى، چاقچاقلىرىنى ئەسلەپ كۈلىدىغان بولۇپ قالدىم...

## 7

زۆھرە!

شۇ تاپتا مەن دېڭىز قىرغىقىدا ئولتۇرۇپتىمەن. شەنبە - يەكشەنبە كۈنىدىكى ۋاڭ-چۇڭلاردىن كېيىن، بۈگۈن بۇ ئەتراپ قايتا جىمجىتلىققا چۆمگەن ئىدى. سۇ يۈزى ئۇششاق جىمىرلاپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. بىر - بىرىنى قوغلىشىپ كېلىۋاتقان دولقۇنلار سانسىز بۈزغۇنلارنى قىرغاققا ئۇراتتى؛ دولقۇن قايتقاندا بولسا، دېڭىز سۈيىنىڭ قىرغاقتىكى قۇمغا سىڭىپ ۋىشىلدىغان ئاۋازى قۇلاقتا قالاتتى. بىپايان، چەكسىز دېڭىزغا ئۇزاق



قارىغانسېرى گويا ئادەم ئۆزىنى قۇرۇقلۇقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكىگە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. قۇياش دولقۇنلاردا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىزغۇچ نۇرلىرىنى قالدۇرۇپ، غايەت زور بىر ئوت شارىغا ئايلىنىپ دېڭىزغا چوكمەكتە ئىدى... ئارقامدا بىرسىنىڭ ئاياغ تىۋىشى پەيدا بولدى. بۇرۇلۇپ قارىدىم. كۆز ئالدىمدا يېشى ئوتتۇز بەشلەر چامىسىدىكى بىر خانىم تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىدىمۇ قىزغۇچ شەپەق نۇرى ئەكس ئېتەتتى.

— خەيىرلىك كەچ! — دېدى ئۇ، — يالغۇز ئولتۇرۇپسىز؟

— قۇياشنىڭ پېتىشىنى تاماشا قىلىۋاتىمەن.

ئايال ئىجازەتسىزلا يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. مېنىڭ مۇنداق خوتۇنلار بىلەن خۇشۇم يوق. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاشۇ چىرايلىق بەدىنىدە مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ خىلمۇخىل كېسەللىرىنى ئېلىپ يۈرۈيدۇ... قۇياش ئاستا - ئاستا دېڭىزغا چۆكۈپ، يىراق ئۇپۇقتا پەقەت قىپقىزىل بىر پارچە يالقۇنلا قېپقالدى.

— ئەمدى قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدۇ، — دېدى ئايال، — سىز ئۆيىڭىزگە قايتارسىز؟

— مېنىڭ ئۆيۈم يوق، بۇ يەرگە مۇساپىرمەن.

— مېنىڭ بوۋام «بىز ھەممىمىز بۇ يەرگە مۇساپىر» دەيدىغان. ھازىر ئۆزىنى بۇ يەرنىڭ خوجىلىرى بىز دەۋالغانلارمۇ ئىككى - ئۈچيۈز يىلنىڭ ئالدىدا بۇ قۇرۇقلۇققا بايلىق ئىزدەپ كەلگەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرى. بۇ زېمىننىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرى ئۆز ۋاقتىدا دەھشەتلىك قىرغىنچىلىققا ئۇچرىتىلغان، قالغانلىرى ناھايىتىمۇ ئاز... خالىسىڭىز بىزنىڭكىگە بارايلى. مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا ئىجارىگە ئالغان ئۆيۈم بار.

— مېنىڭدىن قورقمامسىز؟ — دەپ سورىدىم.

— نېمىشقا قورقىدىكەنمەن!؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— ئەپتىمگە قاراڭ، مەن ئەتە - ئۆگۈن ئۆلۈپ قېلىشىم مۇمكىن...

— ناھايىتى ياخشى، ماڭىمۇ دەل سىزگە ئوخشاش پات ئارىدا ئۆلۈپ قالىدىغان ھەمراھ لازىم.

— نېمىشقا؟

— مۇنداقلار قايتا كېلىپ مېنى ئاۋارە قىلمايدۇ. ئارقامدىن سۆز - چۆچەكمۇ ئاز بولىدۇ. مەنمۇ ئۇنى پاتلا ئۇنتۇپ كېتەلەيمەن...

— شۇ بۈگۈن كېچە يېنىڭىزدا ئۆلۈپ قالسامچۇ؟

— بۈگۈن كېچە ئۆلۈپمۇ قالمايسىز، بارغۇدەك ماكانىڭىز يوقمۇ ئادەم ئەمەسسىز.

— سىز قانداق بىلىسىز؟

— مەن ھەممىنى بىلىمەن، خانىمىڭىز ماڭا سىزنى كۆزىتىپ تۇرۇشۇم ئۈچۈن پۇل تۆلىگەن...

— ئايالىم؟!

— شۇنداق، سىزنىڭ ئايالىڭىز... سىز دوختۇرخانىدىن چىققان كۈنى ئەتىگەندىلا «خەيرلىك سەھەر» ساتىراشخانىسىغا كىرىپ ئۇ يەردىكى ساتىراش خانىمنى چۆچۈتۈۋېتىپسىز. ئاندىن «ئالەمگە نەزەر» مېھمانخانىسىدا تاماق يەۋېتىپ مۈگدەپ قاپسىز، توغرىمۇ؟

— توغرا.

— ئاندىن سىز مېھمانخانىدىكىلەردىن ئۆي بېرىشنى تەلەپ قىلىپسىز، «يېقىندا ئۆلۈپ كېتىمەن» دېگەن گەپلەرنىمۇ قىلىپسىز. مېھمانخانىدىكىلەر ئەندىشىگە چۈشۈپ قاپتۇ. سىز ئۇ يەردە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن خەتلەرنى يېزىپسىز. «ئالەمگە نەزەر» نىڭ ئۈستىنكى قەۋىتىدە ئولتۇرغىنىڭىزدا مېھمانخانا باشقۇرغۇچىسى سىزنى مۇشۇ يەردىن ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالمىغىدى، دەپ گۇمان قىلىپ، ئىككى ئەر كۈتكۈچىنى كۆزىتىشكە قويۇپتۇ... يەر ئاستى تۆمۈريولىغا يېقىن مەيداندا، مۇزىكا تىڭشاۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغىنىڭىزدا مەن سىزنى تېپىۋالدىم. سىز ئۇ يەردە بىر قېرى كىشى بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتىڭىز. شۇندىن بېرى ئارقىڭىزدىمەن... بىر ئىشنى سورىشىمغا رۇخسەت قىلىڭ، سىز دوختۇرخانىدىن نېمىشقا قاچتىڭىز؟

— دوختۇرنىڭ مېنى ئۆلىدۇ دېگەن مەزمۇندىكى يوشۇرۇنچە گېپىنى ئاڭلاپ قالدىم. كارىۋاتتا ئوڭدا يېتىپ ئۆلۈمنى كۈتكەندىن، ئۆلۈش ئالدىدا بولسىمۇ ئادەملەرنى، يورۇق دۇنيانى ئارىلاپ ئۆلۈپ كېتەي دېدىم. قاراڭ، بۈگۈنكى قۇياش بىلەن ھازىرلا خوشلاشتۇق. مەن تېخى ھايات تۇرۇپتىمەن. رىزقىم تۈگىمىگەنلا بولسا، ئەتە كېلىپ چىققان قۇياش بىلەن يەنە كۆرۈشىمەن... بىلەمسىز؟ شۇ قۇياش مېنىڭ يىراقتا قالغان يۇرتۇمغا نۇر تۆكۈپ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ... قار، قارىنچۇ، قارنى كۆرمىگەنمۇسىز؟ ئەپسۇسكى بۇ يەردە قار يوق. ئاپئاق قارنى بىر قۇچاقلىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق ئىدى. قۇياش چىققاندا قار ئاجايىپ چاقناپ كېتىدۇ...

ئايال ئىككى قولىنى كەينىگە تىرەپ ئولتۇرۇپ ماڭا بىرھازا قاراپ قالدى - دە:

— سىزنى مەن يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بىر خەتەردىن ئاگاھلاندۇرسام قانچە پۇل تۆلەيسىز؟ — دېدى.

— ئۆلۈمگە يېقىنلاپ قالغىنىمدىن خەۋىرىم بار، — دېدىم.

— سىز دوختۇرنىڭ سۆزىنى خاتا چۈشىنىپ قاپسىز، — دېدى، — ئايال، —

دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە: دوختۇرخانىدىكى بارلىق تەكشۈرۈشلەر سىزنىڭ ئىچكى ئورگا-
نىزملىرىڭىزدا ھېچقانداق كېسەلنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىپتۇ.

— ئۇنداقتا...

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم باشقا بىر خەتەر.

— قېنى ئېيتىڭا، بەشيۈز دوللار بېرەي.

— بەك ئاز بولۇپ قالدى، كەم دېگەندە ئىككى مىڭنى سانىسىڭىز بولىدۇ.

— ھەقىقەتەنمۇ چوڭ بىر خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالغۇدەك بولسام، دېگىنىڭىزنى ئېلىڭ.

— دوختۇر سىزدىكى كېسەلنى «روھىي كېسەل» دەپ خۇلاسىلەپ، سىزنى ئېلىپ چىقىپ «روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى» غا كۆرسىتىپ بېقىشنى تەكلىپ قىلىغانىكەن. مەسىلەن، سىز شۇ دوختۇرخانىدىمۇ كېچىلىرى ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ بىر يەرگە بېرىشقا ئالدىراپ تۇرغان ئادەمدەك، ھەدەپ كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن ساپما كەشىڭىزنى ئىزدەيدىكەنسىز، كەش ئالدىڭىزدا تۇرسىمۇ كۆرمەيدىكەنسىز، يېنىڭىزدا ئادەم يوق چاغلاردا ئۆزىڭىز بىلەن ئۆزىڭىز بىرنېمىلەرنى دەپ سۆزلىشىدىكەنسىز... روھىي كېسەل دېگەننى ئاڭلاپ ھىدايەت خانىممۇ ساراسىمىگە چۈشۈپ قاپتۇ. دوختۇرخانىدىن چىقىپ، دوختۇرنىڭ ئېيتقانلىرىنى دادىسىغا يەتكۈزۈپتۇ. خانىم بىلەن قېيىن ئاتىڭىز ئوتتۇرىسىدا ئازراق كۆڭۈلسىزلىك بولغاندەك تۇرىدۇ. قېيىن ئاتىڭىز ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاشقا ناھايىتى تىرىشىدىغان ئادەم. ئۇ سىزنى روھىي كېسەللەر ساناتورىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن، دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. چۈنكى، ئۇ سىزنىڭ بەزى ئەخمەقانە ئىشلارنى تېرىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشىڭىزدىن ئەنسىرەيدىكەن. ئەخمىقانە ئىشلار دېگەندە ئۇ: سىزنىڭ كوچىلاردا بەزى غەلىتە قىلىقلارنى قىلىپ يۈرۈشىڭىز ياكى بولمىسا ئىتتىك كېتىپ بارغان ماشىنا، پويىز دېگەندەك بىرنېمىلەرنىڭ ئاستىغا كىرىپ كېتىپ ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىشىڭىزنى كۆزدە تۇتسا كېرەك. مانا مۇشۇ يەردىمۇ سىز خەتەرگە ناھايىتى يېقىن ئولتۇرۇپسىز، كالىڭىزغا بىرەر بىمەنە خىيال كىرىپ، ئەنە ئاۋۇ ئېگىز قىرغاقتا چىقىپلا ئۆزىڭىزنى دېڭىزغا ئاتسىڭىز ئىش تامام دېگەن گەپ-تە... مەنمۇ ئارقىڭىزدا يۈرۈپ ئۇلارمۇ بىكاردىن-بىكارلا ئەندىشە قىلمايدىكەن دەپقالدىم. مەسىلەن، سىز يول ماڭسىڭىز خۇددى تامنىڭ ئاستىدا قېلىپ ياپىلاقلىنىپ كەتكەن ئادەمدەك قىيپاش ماڭىدىكەنسىز، خېلى كەڭ ئىشىكلەردىنمۇ يانتۇ بولۇپ كىرىدىكەنسىز... گېپىمنىڭ باش-ئاخىرى نېمە بولۇپ كەتتى؟... ھە، ھىدايەت خانىم سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزغا باشقا قاراشتا ئىكەن. ئۇ سىزنى يىراقتا قالغان بالا-چاقىلىرىنى تولا خىيال قىلىپ شۇنداق بولۇپ قالغان، دەپ پەرەز قىلسا كېرەك. دادىسىنىڭ يېنىدىن قايتىپ كەلسە، سىز دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىپ قاپسىز. ماڭا سىزنى ئىزدەپ تېپىپ كۆز-قۇلاق بولۇپ قويۇشنى تاپشۇرغانىدى. «روھىي كېسەللەر ساناتورىيىسى» دېگەننىڭ قانداق ئورۇن ئىكەنلىكىنى سىز ئوبدان بىلىسىز. قانداق، مەن سىزنى چوڭ بىر خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇپتىمەنمۇ؟

— ھەقىقەتەن چوڭ خەتەر ئىكەن!... ئەمما، دوختۇر توغرا ئېيتىپتۇ، روھىي كېسەل بولمىغان تەقدىردىمۇ، روھىمنىڭ گۇمران بولۇۋاتقىنى راست. بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار ماغدۇرۇمنى قۇرۇتۇۋەتتى. يىراق بىر يەرگە بېرىشقا ئالدىرايمەن، لېكىن بارالمايمەن، ئۆلۈشنى خالايمەن ئەمما ئۆلەلمەيمەن. مېنى قىينايدىغان ئازابمۇ شۇ...

ئارىمىزنى بىرھازا سۈكۈنات باستى. ئەمدى دېڭىز ئۈستى قارىيىپ كەتكەن بولۇپ، دولقۇنلارنىڭ قىرغاقنى يېنىك ئۇرۇلۇپ شالاپلىشى جىمجىتلىقنى بۇزاتتى.

— قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى،— دېدى خانىم،— يۈرۈڭ كېتەيلى.

— مەن سىزدىن قورقۇپ قالدىم،— دېدىم.

— قورقماڭ!— دەپ ئورنىدىن قوپتى ئايال،— مەن سىزنى قېيىن ئاتىڭىزغا تۇتۇپ بەرمەيمەن. ھىدايەت خانىم سىزنى ھازىرچە ئۆيىگە قايتىپ كەلمىسە مەيلى، زۆرۈر بولغاندا ئۆزۈم ئىزدەيمەن دېدى. خانىمىڭىز كۆڭلى يۇمشاق ئايال، ئۇ سىزنىڭ خەۋەرىڭىزنى بىلىپ تۇرسىلا بولىدۇ...

— نەگە بارىسىز؟

— دېدىمغۇ، مېنىڭ ئۆيۈمگە بارايلى.

— سىزنىڭكىگە بارالمايمەن.

— بەرىبىر يولىمىز بىر...

— قانداقچە؟

— مەنمۇ كېچە سىز قونغان مېھمانخانىدا تۇرۇۋاتىمەن. سىز ئۈچىنچى قەۋەتتىن ئۆي ئالدىڭىز، شۇنداقمۇ؟ مەن ئىككىنچى قەۋەتتە، سىزنىڭ ئاستىڭىزدىكى ئۆيدە، كېچىچە ئاياغ تىۋىشىڭىزنى ئاڭلاپ ياتتىم.

ئۆلۈمدىن قورقمىغىنىم بىلەن «روھىي كېسەللەر ساناتورىيىسى» دىن قورقىمەن. بۇ تىرىك تۇرۇپ دوزاخقا كىرىش دېگەن گەپ. ئۆمرۈمدە تارتقان كۈلپەتلىرىمنى ئاز دېگەندەك، ئەمدى ساراڭلار ئارىسىدا ياشايدىغان ئىش قاپتۇمۇ!؟... قاچىمەن! ئاۋۋال يېنىمدا ئالۋاستىدەك تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان مۇنۇ خوتۇندىن قۇتۇلۇش كېرەك... شۇ چاغدا كاللامغا: «دەل مېنىڭ ئىزىمغا چۈشكەن مۇشۇ پايلاقچىنىڭ ئۆزىنى ئۇلارغا خەۋەر يەتكۈزەلمەيدىغان قىلىۋېتىش كېرەك» دېگەن پىكىر كەلدى. بۇنىڭ ئامالى مۇنداق: ھازىرچە مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرىمەن، ئۇنى پاراڭغا سالىمەن. ئەگەر ئۇ خەۋەر يەتكۈزمەكچى بولۇپ يوقاپ كەتسە، مەنمۇ يوقاپ كېتىمەن...

ھېلىقى ئايال بىلەن بىللە ماڭدىم. يېرىم سائەتتىن كېيىن بىز مېھمانخانىغا يېتىپ كەلدۇق. خانىم راستىنلا ئىككىنچى قەۋەتتە، مەن ئىجارىگە ئالغان ئۆينىڭ نەق ئاستىدىكى خانىدا تۇرىدىكەن. بۇ ئۆي تېخى مەن تۇرغان ئۆيدىن ئازادىرەك، جاھازلىرىمۇ كۆركەمرەك ئىكەن.

— خوش،— دېدى پايلاقچى خانىم مېنى ئۆيىگە باشلاپ كىرگەندىن كېيىن،— سۇ تەييارلاپ بېرەي يۇيۇنۇۋالامسىز؟... خالىسىڭىز مەن ئۆزۈم يۇيۇپ قوياي.

«بۇ قانداق چاقچاق بولدى؟» دەپ ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم.

— قورۇنماڭ! — دېدى ئۇ، — مانا بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىجارە ھەققىنىمۇ، يۇيۇپ قويسام يۇيۇش ھەققىنىمۇ خانىمىڭىز تۆلەيدۇ.

— رەھمەت!

— ئىختىيارىڭىز، ئەمىسە بىردەم يالغۇز ئولتۇرۇپ تۇرىسىز-دە، مەن يۇيۇنۇۋالاي.

ياستۇق قويۇلغان يۇمشاق دىۋانغا كېلىپ يانپاشلىدىم. ئايال نېرىدىكى ئۆيگە كىيىملىرىنى سېلىپ قويدى-دە، ئىچ كىيىملىرى بىلەن ۋاننا بار ئۆيگە كىرىپ كەتتى. سۇنىڭ شارقىراپ چۈشكەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ يېتىپ، بىرقانچە يىللارنىڭ ئالدىدا بولغان بىر ۋەقەنى ئېسىمگە ئالدىم.

تۇرمۇشۇمنى ئوڭشىۋېلىش ئۈچۈن ئۆلە-تىرىلىشىمگە قارىماي ئىشلەپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىم ئىدى. بىر كۈنى، قاراڭغۇ كېچىدە شەھەرنىڭ چەت بىر يېرىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ئۈچ كىشىگە ئۇچراپ قالدىم. ئۇلار «توختا!» دەپ ئالدىمنى توسىدى. ئىككىسى ئىككى يېنىمدىن كەلدى-دە، قوللىرى بىلەن بىلىكىمنى ئامبۇردەك قىسىپ تۇتۇپ تۇردى. ئۈچىنچىسى ھەممە يانچۇقلىرىمنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ، بار پۇلۇمنىڭ ھەممىسىنى سىيرىۋالدى-دە، مېنى قويۇپ بېرىشتى. بۇ مېنىڭ بىر ئاي ئىشلەپ تاپقان پۇلۇم ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭدىن ئايرىلسام، يەنە بىر ئايغىچە سارغىيىپ ئاچ يۈرۈشۈم كېرەك ئىدى. ھېلىقى بۇلاڭچىلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردۈم. يېتىشىپ بېرىپ، ئايىغىغا يىقىلىپ يالۋۇردۇم.

— چوڭ بولساڭلار ئاكىلار، كىچىك بولساڭلار ئۇكىلىرىم، ماڭا رەھمىڭلار كەلسۇن. مەن كەمبەغەل ئىشلەمچىمەن. پۇلۇمنى ئېلىۋالساڭلار يەنە بىر ئايغىچە مەن نېمە يەيمەن؟... سىلەرمۇ ئادەمغۇ، سىلەردىمۇ ۋىجدان بولۇشى كېرەكقۇ؟... پۇلى ئېشىپ-تېشىپ تۇرغانلارنىڭكىنى بۇلىساڭلار بولمامدۇ؟... ھېچبولمىغاندا يېرىمىنى بولسىمۇ بېرىۋېتىڭلار...

يەنە نېمىلەرنى دېگىنىمنى بىلمەيمەن. ئارىسىدىن بىرى چىقىپ ياقامنى سىقىپ، كىكىرتىكىمگە پىچىقىنى تەڭلىدى-دە:

— جېنىڭنى ئالمىغانغا خۇش بول، ماڭ يوقال! — دەپ ئارقامغا ئىتتىرىۋەتتى.

ئورنۇمدىن قوپۇپ، ھېلىقىلارنىڭ ئارقىسىدىن يەنە يۈگۈردۈم.

— يەنە نېمە دەيسەن؟ — دېدى ئۇلار ھەيران بولۇپ توختاپ.

— ياق، پۇلۇمنى ئەمەس، پۇلۇمنى دەپ كەلمىدىم... ئويلىسام، سىلەرنىڭ مۇشۇ كەسپىڭلارمۇ دەسمايە كەتمەيدىغان ئوبدان ئىش ئىكەن. مېنىمۇ ئاراڭلارغا قېتىۋالساڭلار...

شۇنداق دېگىنىمنى بىلىمەن، ھېلىقى ئۈچى مېنى يامغۇردەك مۇشت ياغدۇرۇپ، تېپىپ، دەسسەپ ياتقۇزۇۋېلىۋەتتى-دە، ھېچ ئىش بولمىغاندەك كىيىملىرىنى قېقىپ كېتىپ قېلىشتى. ئىڭرىغىنىمچە قانچىلىك ياتقىنىمنى ئۇقمايمەن. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام، بېشىمدا بىر ئايال كىشى ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ مېنى يۆلەشتۇرۇپ ئۆيىگە ئېلىپ باردى. بۇ ئاق تەنلىك بىلەن قارا تەنلىكتىن بولغان، بۇرۇنلىرى كەڭ، كالپۇكلىرى قېلىن مېھرى ئىسسىق ئايال ئىدى. ئۇ مېنىڭ ھالىمغا ئېچىنىپ كۆز يېشى قىلدى.

يالىڭاچلاپ ۋاننىغا سېلىپ يۇدى. ئۇ ماڭا سوپۇن سۈرتكەچ توختىماي سۆزلەيتتى.

— ھە، مېنى مېھرىبان خانىم ئىكەنسىز، دەمسەن؟ — دەيتتى ئۇ، — رەھمەت. يولى كەلگەندە مېنىڭ باغرىم تاشتىنمۇ قاتتىق، ئىشىنەمسەن، مېنىڭ ئانامۇ، دادامـمۇ ئاق تەنلىك، ئانامنىڭ ئېيتىشىچە: ئۇ بۇرۇن قارا تەنلىكلەرنى زادى كۆرۈپ باقماپتىكەن. بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، بىر قارا تەنلىك ئىشلەمچىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ تازا كۈلۈپتۇ. كېيىن ئۆزىمۇ رەڭگى قارا تەنلىكلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغانراق بىر بالىنى — مېنى تۇغۇپتۇ. ئانام مېنى تۇغۇپ قويغان گۇناھى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئازاب تارتتى. دادام ئانا - بالا ئىككىمىزنى يەتكۈچە خورلىدى. ئانام ئۆلگەندىن كېيىن مېنى «پۇشتۇمدىن بولغان بالا ئەمەس» دەپ مىراسسىز قالدۇرۇپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. ئەقلىمنى تېپىپ، تازا كۈچۈمگە كەلگەن ۋاقتىم ئىدى. بىر كۈنى ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. دادامغا «مېنى قىزىم دەپ ئېتىراپ قىلمىسىڭىزمۇ، ئانام ياتقان ئاشۇ كارىۋاتتا بىر كېچە بولسىمۇ يېتىۋالاي!» دەپ يالۋۇردۇم. شۇ كېچىسى ئۇ مېنى ئاياغ ئاستى قىلدى... ئىشىنەمسەن؟ سەھەردە، سېنى يۇيۇۋاتقان مۇشۇ قوللىرىم بىلەن ھېلىقى نەرسىنى — ئۆزۈمنىڭ دادامنى بوغۇپلا ئۆلتۈرۈپ قويدۇم... ھاياتىمدا مەن تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلەر ئانامنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. مەن ھەم ئاق تەنلىكلەرنىڭ مەسخىرىسىگە، ھەم قارا تەنلىكلەرنىڭ يەكلىشىگە ئۇچرىدىم. ئاللا بۇ ئالەمنى شۇنداق ئاق، قارا، يېشىل، سېرىق قىلىپ رەڭمۇ رەڭ ياراتتى. ئەمما، بەزى ئادەملەر ئۇنى بىر خىل رەڭگە كىرگۈزەلمەي ھەلەك...

بۇ ئايال مېنىڭ يېرىلغان، ئىششىغان يەرلىرىمگە دورا چاپتى. بىر ھەپتىگىچە ئۆيىدە باقتى... كېيىن، مەن پۇللۇق بولۇپ قالغان ۋاقتىمدا ئۇنى بىر رازى قىلماقچى بولۇپ ئىزدەپ باردىم، تاپالمىدىم. ئۇ ھېلىقى مەن ياتقان ئۆيدىن كۆچۈپ كەتكەنىدى. نەگە كەتكىنىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمىدى.

زۆھرە، نېمىشقىدۇر مۇساپىرلىق ھاياتىمدا ماڭا كۆپ ھاللاردا ئەرلەر دۈشمەنلىك قىلسا، ئاياللار خەيرخاھلىق قىلدى.

## 8

پايلاقچى ئايال يۇيۇنۇپ چىقىپ كەچلىك تاماق ھازىرلىدى. ئالدىمغا شىرە راسلاپ ئۆزىمۇ كېلىپ ئولتۇردى. ئاندىن ماڭا قاراپ كۈلۈپ:

— قانداق، چىرايلىقمىكەنمەن؟ — دەپ سورىدى.

— چىرايلىقكەنسىز، — دېدىم.

بۇ ياغلىما گەپ ئەمەس ئىدى. شۇ تاپتا بۇ خانىم مېنىڭ قارشىمدا، كېچىلىك كىيىمىنى كىيىپ، تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. (بۇ يەردە ھازىر ئەرلەر تاماكا تاشلاپ ئۆمرىنى ئۇزارتىشنىڭ كويىدا يۈرگەندە، مۇشۇنداق تاماكا چېكىدىغان دەردمەن ئاياللار كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى.) ئۇنىڭ ئالدىغا سوزۇلغان ئۇزۇن پۇتلىرى، كېچىلىك

كېيىمى ئاستىدىن بىلىنىپ تۇرغان كۆكرەك، ساغرىلىرى ناھايىتى كېلىشىملىك ئىدى.
— ماختىغىنىڭىزغا رەھمەت! — دېدى ئۇ، — ئالدىڭىزدا تاماكا چېكىۋەردىم، ئۆزرى-لىكمەن... سىزمۇ بىرەر تال چەكمەمسىز؟
— بىر چاغلاردا چەككەن ئىدىم. تاشلىۋەتتىم.
— ئىرادىلىك ئىكەنسىز. مەنمۇ تاماكا تاشلايمەن دەپ كۆپ ھەپىلەشكەن ئىدىم.
— سىز توي قىلمىغانمۇ؟
— قىلغان، خالىسىڭىز سىزگە ئۆمۈر تارىخىمنى سۆزلەپ بېرىشىم مۇمكىن.
— سۆزلەڭ، قىزىقىپ ئاڭلايمەن.
— بالا ۋاقتىمدا نامرات بىر ئائىلىدە چوڭ بولغانىدىم، — دەپ گېپىنى باشلى-دى ئۇ، — ئەمما، ناھايىتى گۈزەل ئىدىم. ئاپام مېنى تېخى تۇرمۇشقا چىقماي تۇرۇپ تۇغقان ئىكەن. دادامنىڭ كىملىكىنى ھازىرغىچە بىلمەيمەن. كېيىن، ئاپام مېنى مو-مامغا تاشلاپ بېرىپ، ئۆزى ئەرگە تېگىپ يوقالدى. مومام «چىرايلىق قىز دۈشمەنلىك بولىدۇ» دەپ ماڭا ئەسكى-تۈسكى كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ قوياتتى. كېيىن موماممۇ ئۆلۈپ كەتتى. نەق ئون سەككىز ياشقا تولغان ۋاقتىمدا مېنى بىر قېرى ئالماقچى بول-دى. ئۇ نۇرغۇن مال-دۇنياسى بار باي ئادەم ئىدى. ئىلگىرىكى خوتۇنلىرىدىن بول-غان باللىرىمۇ مېنىڭدىن نەچچە ياش چوڭ ئىدى. بۇ تويغا مەن رازى بولدۇم.
— دېمەك، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا شۇ يولنى تاللاپسىز-دە؟
— شۇنداق بولدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلاي دەپ ھېلىقى قېرىغا تەگمەكچى بولدۇم. «بۇ قېرىنىڭ كۆپ بولسا يەنە ئون يىللىق ئۆمرى قالغاندۇ، ئازراق ۋاقىتنى لېۋىمنى چىشلەپ ئۆتكۈزسەم، كېيىن ئۇنىڭدىن مىراس قالغان دۇنيا بىلەن ئۆزۈم خالىغانچە ياشارمەن» دەپ ئويلىدىم. بىز يىراق بىر يەردە، ناھايىتىمۇ چىرايلىق بىر ئارال بار، دەپ كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ. ئەنە شۇ ئارالدا قېرىنىڭ چاھار بېغى بار ئىدى. ئۇ مې-نى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردى. ئەرگە تەگدىم دەپ ئۆزۈمنىڭ ئەركىنلىكىنىمۇ قوشۇپ سېتىۋەتكەن ئىكەنمەن. دەسلەپتە بىرەر يىل ئارالنىڭ ئاجايىپ مەنزىرىسىگە، قىممەت-لىك ئۆي-جاھاز، كىيىم-كېچەك، زىبۇ-زىننەتلىرىگە مەست بولۇپ يۈردۈم. ئاز ئۆت-مەيلا ھەممىدىن زېرىكتىم.
— نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەمكەن ئۇ؟
— ئۇ كارخانىلارغا قوشقان ھەر خىل پاي-چەكلىرىنىڭ پايدىسىنى يەپ ياتىدى-غان بىر قېرى ئىدى. قەغەزلىرىنى پۇلغا ئالماشتۇرىدىغان چاغلاردا يىراق-يېقىنلار-غا بارىدىغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ھېچ يەرگە بارمايتتى. ھەر يەكشەنبە كۈنى چاھارباغىدىن بەش-ئالتە كىلومېتىر نېرىدىكى كىچىككىنە بىر بازارغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ياشانغانلار كۇلۇبىدا قارتا ئوينايتتى ياكى ھاراق ئىچەتتى. مېنىڭ كۈنۈم تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇش بىلەن ئۆتەتتى. تېلېۋىزوردا كۆرۈدىغىنىم ئەركىن بىر دۇنيا، ئۆزۈم بولسام تۈرمىدە ئولتۇرغاندەك چاھارباغدىن نېرىغا بارالماي كۈنى-كەچ قىلاتتىم. ئۆيدىن چىقسام ھەر كۈنى كۆرۈدىغىنىم ئاشپەز ئايال بىلەن چاھار

باغدا ئىشلەيدىغان بىرنەچچە ئىشلەمچى ئىدى. ئون يىل شۇنداق ئۆتتى.

— توپتوغرا ئون يىل دەڭ؟

— شۇنداق، مەن ئۇ ئون يىلنىڭ ھەر بىر كۈنىنى ساناپ ئۆتكۈزدۈم، ھېلىقى قېرىغا ئەجەل كېلەمدىغان؟ ئۇ بارغانسېرى ياشىرىپ كەتتى، مەن كۈندىن - كۈنگە سولىشىپ تۈگىشىپلا كەتتىم...

بىر كۈنى ئۆيدە زېرىكىپ ئولتۇرسام ئىشىك ئالدىدا ناتونۇش بىر كىشى پەيدا بولدى. قارىسام ياش ۋە كېلىشكەن يىگىت ئىكەن.

— خانىم، مەنزىرە رەسىملىرىدىن بىرەر پارچە سېتىۋالامسىز؟ — دېدى ئۇ.

— كۆرۈپباقاي، — دېدىم.

ئۇ ئۆيگە كىرىپ، رەسىملىرىنى يېيىپ كۆرسەتتى. ھەممىسى ناچار سىزىلغان رەسىملەر ئىدى. مەن مۇنداق رەسىملەرنى سېتىۋالمىسامۇ، چاھارباغنىڭ ئەتراپىدىكى تەبىئىي مەنزىرىلەرنىڭ كۆرۈنۈشى يېتىپ ئاشاتتى. لېكىن مەن رەسىملەرگە ئەمەس، رەسسامنىڭ ئۆزىگە قىزىقىپ قالدىم. ئاغزىدىن چىققىنىنى بېرىپ، بىر پارچە رەسىم سېتىۋالدىم. يىگىت ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىممۇ كەلدى. ئۇ ھەر قېتىم دەل قېرىنىڭ ئۆيدە يوق ۋاقتىنى تېپىپ كېلەتتى. بىز چىقىشىپ قالدۇق. مەسلىھەتلىشىپ قاچماقچى بولدۇق. بىر كۈنى ئۆيدە بار نەق پۇل بىلەن، پۇلغا يارىغۇدەك قىممەتلىك نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ بىر ئىككى چامادانغا قاچىلىدىم - دە، ھېلىقى يىگىت بىلەن قېچىپ كەتتىم.

بىز يىراققا قاچتۇق. ھېلىقى رەسسام بايقۇشنىڭ رەسىم سىزىدىغان بىرنەچچە پەلكۈچىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىكەن. چەت بىر يېزىدا توختاپ، دەريانىڭ بويىدىن ئاددىي بىر يورۇش ئۆي سېتىۋالدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئىككى ئايغىچە ناھايىتى كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈردۈم. كېيىن قېرىنىڭ ئەتراپقا ئەۋەتكەن ئادەملىرى بىزنى سېزىپ قالدى. قېرى ئارقامدىن قوغلاپ كېلىپ دەۋا قىلىپ مېنى قايتۇرۇپ ئەكەتتى.

— بوۋىيىڭىز بىلەن يەنە ئەر - خوتۇنچىلىقىڭىز باشلاندىمۇ؟

— نەدىكىنى، ئۇ مېنى ئۆيگە ئەكىرىۋالغاندىن كېيىن: كۆڭلۈڭدە سەن تېخى مېنى يەنە خوتۇن قىلىدۇ، دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ باشقىلارنىڭ قوينىدا ياتقان رەپرەپىنى - زە خوتۇن قىلغىدەكمەن؟ كۆرىسەن، ئەتىلا پۇل خەجلەپ سېنىڭدىن چىرايلىقراق يەنە بىرسىنى ئالىمەن. مەن پەقەت سېنى رەسۋايى ئىلەم قىلىپ، ئۆزۈمنى ساڭا بىر تېتىتىپ قويۇش ئۈچۈنلا قايتۇرۇپ كەلدىم. ئۆيدىن ئېلىپ كەتكەن پۈتۈن پۇل - پېچەك، مال - دۇنيانى قايتۇر! — دېدى. ئۆيدىن ئېلىپ كەتكەن نەرسىلەرنى قايتۇرۇشنى رەت قىلدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھېلىقى كەمبەغەل رەسسامغا بېرىۋەتكەنىدىم. قېرى ئۈستۈمدىن ئەرز قىلىپ مېنى ساقچىغا تۇتۇپ بەردى. «باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ، ئېرىنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ كەتكەن» دېگەن جىنايەت بىلەن ئۈچ يىل تۈرمىدە ياتتىم.

— ھېلىقى رەسسامچۇ، سىزنى يوقلاپ تۇرغاندۇ؟

— ئەلەم قىلغىنىمۇ شۇ بولدى. مەن «جەزمەن كېلىدىغۇ» دەپ ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈردۈم. ئۈچ يىل ئىچىدە ئۇ مېنى بىرەر قېتىممۇ يوقلاپ قويمىدى. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئاغرىنىشلىرىم نەلەردە قالدى، يەنە توپتوغرا ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم. بارسام، يىگىتىم مەن بەرگەن پۇل بىلەن دەريا بويىدىكى ھېلىقى ئۆيلەرنى يىقىتىپ، يېردىمىزگە چاتلاش بىر مۇنچە يەرنى سېتىۋېلىپ ئىگىلىكىنى كېڭەيتىپتۇ. چىرايلىق بىر خېنىمغا ئۆيلىنىپمۇ ئۈلگۈرۈپتۇ. مېنى ئۆيگە كىرگۈزۈشمىدى، تالادىلا قالدىم.

ئايال يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چەكتى.

— ئەمدى سىز رەسسامنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىشىڭىز كېرەك، — دەپ سۆز قىستۇردۇم مەن، — چۈنكى ئۇ سىزنىڭ پۇلىڭىزغا كەلگەن ئۆيلەر - دە؟

— ئۇنداق ئادەم بىلەن داۋالىشىمەن دەپ نەدە يۈرەي، — دېدى ئۇ، — كۆلپەتلىك تۇرمۇشۇم شۇنىڭدىن باشلاندى. قارىسام ئۆزۈم ئەركىن، يانچۇقۇمدا بىر تىيىن يوق. تۇفى، مۇنداق ئەركىنلىك قۇرۇپ كەتسۇن! پۇلسىز ئەركىنلىك كىمگە كېرەك؟... شۇ كۈندىن باشلاپ پۇل تېپىش ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشنى قىلىشتىن قايتمىدىم. ئاچلىقتا ئۆلۈپ كېتىشنىڭ ئورنى يوق - تە!... باشقىلارنىڭ قوينىدا ياتتىم، ئۆزۈم خالىمىغان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم... ھازىر كۆنۈم ياخشىلىنىپ قالدى. ئەرگە تېگىشنى ئويلاپمۇ باقمايمەن. ھېلىقى ئىككى ئەركەكنىڭ ۋاپاسىزلىقى ماڭا ئەر دېگەننىڭ نېمىلىكىنى تونۇتتى... ئەمما، بەزىدە زېرىكىمەن، پۇل ئۈچۈن ئەمەس، كۆڭۈل ئۈچۈن بىرەر ئەركەك بىلەن بىللە بولىمەن - دە، ئۇنى پاتلا ئۇنتۇپ كېتىمەن... پۇل ئىشىغا كەلسەك، ھازىر مېنىڭ باشقىچە يوللىرىم بار. مەسىلەن، مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدىن پايلاقچىلىق قىلىمەن... مانا سىز مەندىن يەتكۈزگەن بىر ئېغىز ئۇچۇر بىلەن ماڭا ئىككى مىڭ دوللار قەرز بولدىڭىز، ئۆزىڭىزمۇ بىر خەتەردىن خەۋەر تېپىپ قالدىڭىز... سىزنى چارچىتىپ قويدۇمغۇ دەيمەن؟

— ياق، ناھايىتى قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ بەردىڭىز.

— رەھمەت، بولمىسا دەم ئالايلى، سىز مۇشۇ يەردىلا قونۇپ قېلىڭ.

— مەيلى، سىزگە مالاللىق يەتمىسە... — رازى بولدۇم مەن.

شۇ تاپتا ھەر ئىككىلىمىز بىر - بىرىمىزنى يېنىمىزدا تۇتۇپ تۇرالىساق خاتىرجەم بولاتتۇق. ئۇ مېنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشىمدىن ئەنسىرەيتتى. مەن ئۇنىڭ قېيىن ئاتامغا خەۋەر بېرىپ قويۇشىدىن قورقاتتىم.

— سىز ئىچكىرىكى ئۆيدە كارىۋاتتا يېتىڭ، مەن مۇشۇ يەردە دىۋاندا ياتاي، — دېدى خانىم.

— رەھمەت، كارىۋاتتا ئۆزىڭىز يېتىۋېرىڭ، بۇ يەردە مەن ياتاي! — دېدىم. چۈنكى تېلېفون مۇشۇ تاشقارقى ئۆيدە ئىدى. پايلاقچى خېنىم تالاغا چىقماقچى بولسىمۇ بۇ يەردىن ئۆتمەي ئىلاجى يوق ئىدى.

## 9

زۆھرە!

يات ئايالنىڭ ئۆيىدىكى ئۇزۇن دىۋاندا سوزۇلۇپ يېتىپ ئۇزاققىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. مۇنداق ئۇدۇل كەلگەن يەردە قونۇپ قالىدىغان ئىشلار مېنىڭ مۇساپىرلىق ھاياتىمدا كۆپ سادىر بولغان. بايا بۇ خانىمنىڭ ئۆزى سۆزلىگەن ئۆمۈر تارىخى بەلكىم راستتۇر ياكى ئۇ مېنى پاراڭغا تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈنلا توقۇپ چىقارغاندۇ. ئۇنىڭ «پۇلسىز ئەركىنلىك كىمگە كېرەك» دېگەن بىر جۈملە سۆزى كاللامدىن كەتمىدى... تۇغۇلغان ماكانىمدىن چىقىپ بۇ يەرلەرگە كەلگۈچە مەن نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدىم؟ قېقىندى - سوقۇندى بولدۇم، كەمسىتىلدىم، خورلاندىم. ئۆلگۈدەك ئىشلىسەممۇ باشقىلار ئالغان ھەققىنىڭ پەقەت ئۈچتىن بىر قىسمىنىلا ئالدىم. تىلسىزلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەم ئىشلىدىم، ھەم ئوقۇدۇم، تىرىشىپ تىل ئۆگەندىم. شامالدىكى قامغاقتەك شەھەرمۇ شەھەر تەمتىرەت يۈرۈپ ئاخىر مۇشۇ يەرگە كېلىپ توختىدىم... كېيىن پۇلمۇ تاپتىم. لېكىن ھازىرغىچە ئەركىن بولالمىدىم. يات ئەلدە، يات ئەدەملەر ئارىسىدا قورۇنغىنىم-قورۇنغان. شۇ تاپتا ئۆزۈمنى پايلاپ يۈرگەن بىر ئايالنىڭ ئۆيىدە يېتىپتىمەن. «روھىي كېسەللەر ساناتورىيىسى» دېگەن چىرايلىق نامى بار، ئەتراپى تىكەنلىك، ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان مەدەنىي تۈرمىگە كىرىپ قېلىش خەۋپىم كۆز بىلەن قاشنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپتۇ...

كۆز ئالدىمغا ھىدايەت خانىم كەلدى. ئۇ مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئالغان ئايالىم. ھىدايەتخانىم زۆرۈرىيەت بولمىسا ئۆيدىن تالاغا چىقمايدىغان، كۈنىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزىدىغان تەقۋادار، قانائەتچان، ھەقىقىي مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ دادىسى ھىممەت ئەپەندى بۇ يەردىكى كاتتا بايلاردىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئائىلىنىڭ ئۇلىنى سالغان ئادەم — ئۇلارنىڭ بوۋىسى ھاشىمنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ھاياتىمۇ ئاجايىپ بىر تارىخ.

ھاشىم ئەسلىدە بىر چوڭ سودىگەرنىڭ ئاددىي چاكىرى ئىكەن. ئۇ ئون ئىككى يېشىدىن باشلاپ ئوتتۇز يىل ئاشۇ سودىگەرنىڭ ئىشىكىدە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىپتۇ. سودىگەرنىڭ بالىلىرى تۇرماق، نەۋرىلىرىنىمۇ ھاپاش قىلىپ چوڭ قىلىپتۇ. خوجايىنىنىڭ بىرقانچە يەردە ئۆي - جايلىرى، تۆت خوتۇنى بار ئىكەن. ھاشىم قىرىق ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ ئۇنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويۇش بايىنىڭ خىيالىغا كىرىپ باقماپتۇ. ھاشىم بالا ۋاقتىدا شۇ سودىگەرنىڭ ئانىسىغا قانداق زورلۇق قىلىنغانلىقىنى، كېيىن ئانىسىنىڭ نومۇسقا چىدىماي ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانلىقىنىمۇ بىلىدىكەن. ھاشىم ئۈنچىقماي كالىدەك ئىشلەيدىكەن. ئەمما، بۇ ئۈنچىقماسلىق ئاستىغا سودىگەرگە بولغان كۈچلۈك نەپرىتىمۇ يوشۇرۇنغانىكەن...

بىر كۈنلەردە ھاشىمنىڭ خوجايىنى ھەج قىلماقچى بولۇپ سەپەرگە چىقىپتۇ. يولدا خىزمىتىگە سېلىش ئۈچۈن پەقەت سادىق مالىيى ھاشىمنىلا ئېلىۋاپتۇ. ھاشىم يولبويى بايىنى كۈتىدىكەن، ئۇلاق ھەيدەيدىكەن، قونالغۇلارغا چۈشكەندە تاماق ئېتىدىكەن.

مەملىكەت چېگرىسىدىن چىقىپ، ئادەمسىز بىر ئۇزۇن چۆلدە كېتىپ بارغاندا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار چېدىر تىكىپ چۆل ئوتتۇرىسىدا تۈنەپتۇ. باي بىلەن ھاشىم ئوتتۇرىسىدا نېمە گەپ - سۆزلەر بولغىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەتىسى يولغا چىقىش ئالدىدا، ھاشىم باينىڭ ساقال - بۇرۇتلىرىنى ياساۋېتىپ، ئۇنى ئۇستۇرا بىلەن بوغۇزلاپلاۋېتىپتۇ. ئۆلۈكنى چېدىرنىڭ ئىچىگە كۆمۈپ، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئېشەك بىلەن خېچىرغا ئارتىپ مېڭىپتۇ. ئەمدى ئۇ مۇقەددەس مەككىگە ئەمەس، باشقا تەرەپكە قاراپ راۋان بولۇپتۇ. تونۇش - بىلىشلەرنىڭ گۇمانلىق نەزەرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بىر يەردىمۇ ئۇزاقراق تۇرالماي، ئادەم تونۇمايدىغان يۇرتنى ئىزدەپ، ئاخىرى مۇشۇ ئەلگە كېلىپ توختاپ قالغانىكەن. ھاشىم ئىشلەمچى، تىرىشچان ئادەم ئىكەن. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۇ يەر سودىسى قىلىپ بېيىپ كېتىپتۇ. بىلىدىغانلارنىڭ ئېيتىشىچە ھاشىمنىڭ غەلىتە قىلىقلىرى بار ئىكەنمىش. ئۇ پۇللىرىنىڭ سانىنى بىلمىگۈدەك بېيىپ كەتكەن چاغلىرىدىمۇ ئۇماچ ئىچىدىكەندۇق، بالا ۋاقتىدا رەھمەتلىك ئانىسىنىڭ قوناق ئۇنىنى سوغۇق سۇغا چېلىپلا، بىرنەچچە تال چامغۇر، ئازراق پىياز، بولسا ياڭاقتەكرەك ئېرىتكەن ماينى تاشلاپ، سۇس ئوتتا پىلتىقلىتىپ قاينىتىپ پىشۇرۇپ بەرگەن ئۇمىچىنىڭ تەمى ئۇنىڭ ئاغزىدىن كەتمىگەنىكەن. كېيىن نۇرغۇن ئۇماچلارنى ئىچكەن بولسىمۇ تەمى ئۇنىڭغا ئوخشىماپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ھاشىم ئانىسى ئېتىپ بەرگەن شۇ ئۇماچنىڭ تەمىنى قوغلىشىپ بىر ئۆمۈر ئۇماچ ئىچكەنىكەن. ئۇنىڭ بۇ ئادىتى پېخسىقلىقى توغرىسىدىكى نۇرغۇن غەيۋەتلەرگە سەۋەب بولغان دېيىشىدۇ. ھاشىم ئاشۇنداق راھەتلىنىشنى بىلمەيدىغان، ئورۇق، تىنىمسىز ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرىكەتنىڭ ئۆزى راھەت بولسا كېرەك، ئۇ تاكى كۆزى يۇمۇلغىچە ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن بايلىق يىغىپ توختىمىغان. يەنە بەزىلەر ھاشىمنى ئارام ئالغۇزمىغان نەرسە ئۇ بوغۇزلىۋەتكەن ھېلىقى سودىگەرنىڭ كۆزى ئىكەن. جېنى چىقىش ئالدىدا ھاشىمغا نەشتەردەك قادىلىپ قالغان بۇ كۆزلەر كېچىلىرىمۇ ئۇنىڭ خىيالىدىن كەتمەي ئويغىتىۋېتىدىكەندۇق ... دېيىشەتتى.

مېنىڭ قېيىن ئاتام ھىممەت ئەپەندى دادىسىنىڭ يولىنى تۇتمىغان. ئۇنىڭغا يېمەي-ئىچمەي دۇنيا يىغىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. دادىسى قالدۇرۇپ كەتكەن مال - مۈلۈكلەرنىڭ ئۆزىمۇ يېتىپ - ئاشاتتى. بۇ ئادەم ياشلىقىنى كەيپى - ساپا بىلەن ئۆتكۈزۈپ، يېشى قىرىقتىن ئۆتكەندە ئەخمىقانە ئىشلاردىن قول ئۈزگەنىكەن. ھىممەت ئەپەندى ئوچۇق قوللۇقتا دادىسىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. كىچىكىدىن تارتىپ ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقاچقا، ھەرقانداق مۇساپىرغا قولىدىن كېلىشىچە ياردىمىنى ئايىمايتتى. ئائىلىسىنىڭ ياخشى نامىنى ساقلاشنى ھەممىدىن ئەۋزەل بىلەتتى.

ھىممەت ئەپەندى ئۆزى ياشلىقىنى شاللاقلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، بالىلىرىنى قاتتىق تۇتاتتى. ھىدايەت خانىم ئۇنىڭ ئەڭ كىچىك ۋە ئامراق قىزى ئىدى. بۇ قىزنىمۇ ئۇ پۇتۇنلەي ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە تەربىيىلىگەنىدى. ھىدايەت خانىم ئىلگىرى ئىككى نىكاھلىق بولغان، پەرزەنت كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن ھەر ئىككىلا ئېرى تاشلاپ كەتكەن

گايال ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ بەختسىزلىكىنى تەقدىرنىڭ قارارى، دەپ بىلەتتى. ھەممەت ئەپەندى بولسا بۇ ئىشنى «ياشلىقىمدا قىلغان ئەسكىلىكلىرىم ئۈچۈن ئاللا مېنى باللىرىم ئارقىلىق جازالىدى!» دەپ چۈشىنەتتى... بۇ يەردە كۆچمەنلەر بىلەن ئۆزىنى يەرلىك دەپ ئاتىۋالغانلار بىر - بىرىگە قىز بېرىشمەيدىغان ئادەت ھازىرغىچە ساقلانغان. ئامراق قىزىنىڭ تۇل ئولتۇرۇشىنى مۇۋاپىق كۆرمەي، مېنى ھەممەت ئەپەندىنىڭ ئۆزى ئىزدەپ كەلگەن، قىزى ھىدايەتخاننى نىكاھلاپ ئېلىشىمنى ئۆزى تەكلىپ قىلغانىدى. ماڭا ئۇ: «سېنىڭ كىملىكىڭنى، كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىڭنى، ئۆتمۈشتە نېمە ئىشلارنى قىلغىنىڭنى سورىمىدىم. يىلتىزىمىز بىر ئىكەن، ئاتا - بوۋام بىلەن ۋەتەنداش ئىكەنسەن، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە... قىزىمىزنى باق دېمەيمەن. دۇنيا دېگەننى ئۇ ئالەمگە يۇدۇپ كەتكىلى بولمايدۇ، بىر ئۆمۈر يەپ ياتساڭمۇ پۇل - پىچەكلىرىمىز يېتىپ ئاشىدۇ... گۇناھلىق ئىشلارنى قىلساڭ، ئۇ دۇنيادا ئاللانىڭ ئۆزى جازالايدۇ. سەندىن ئۆتۈنىدىغىنىم — قىزىمىزنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمىسەڭلا بولدى...» دېدى. ئىككىمىز شۇنچىلىكلا گەپ قىلىشتۇق. مەن ئۇنىڭغا كۈيئوغۇل بولۇپ قالدىم...

زۆھرە، كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپ بېرىپ «قېيىن ئاتامنىڭ ئەمدى مېنى نېمە ئۈچۈن روھىي كېسەللىكلەر ساناتورىيىسىگە تۇتۇپ بەرگۈسى كېلىپ قالغاندۇر» دېگەننى ئويلىدىم. ئېھتىمال ئۇ مېنى قىزىغا ئەر بولۇش لاياقىتىدىن قالغان، ئۆزىنىڭ ئابرويىغا نۇقسان يەتكۈزۈش ئالدىدا تۇرغان بىر ساراڭغا چىقىرىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن!

## 10

زۆھرە!

ناتونۇش ئايالنىڭ ئۆيىدىكى بىر كېچىنى مەن ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن تاڭغا ئۇلىدىم. ئەتىگەنلىك ناشتىغا ئولتۇرغان چېغىمىزدا ھېلىقى خانىم:

— كېچە نېمىلەرنى دەپ جۆيلۈپ چىققىنىڭىزنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— نېمە دەپ جۆيلۈدۈم؟ — دېدىم.

— كېچە سىز ئۇزاقىچە ئۇخلىماي ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلدىڭىز. ئۇخلىغاندىن كېيىنمۇ بىرنەچچە قېتىم «قار، قار!» دەپ ۋارقىراپ كەتتىڭىز. ئەمما، ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ساپما كەشنى ئىزدىمىدىڭىز.

— قىزىق، سىز مېنى كېچىچە ئۇخلىماي كۆزىتىپ چىققان ئوخشىمامسىز؟

— ئوتتۇردىكى ئىشىكنى ئوچۇق قويۇپ ھەر بىر شەپىگە قۇلاق سېلىپ ياتتىم.

— نېمىشقا؟

— قانداقلا بولمىسۇن، مەن دېگەن ئايال - دە!... ئايال كىشى يات باش بىر ئەر بىلەن بىر ئۆيدە يالغۇز ياتقاندا نېمىلەرنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ دەيسىز؟

— مەسىلەن، سىز نېمىلەرنى خىيالىڭىزغا كەلتۈردىڭىز؟

— مەن بىر كىتابتىن «ئاللا كۈندۈزنى ئىنسانلارنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن،

كېچىنى دەم ئېلىشى، بىر - بىرىدىن يوشۇرىدىغان خۇپىيانە ئىشلىرىنى قىلىۋېلىشى
ئۈچۈن ياراتقان» دېگەن جۈملىلەرنى ئوقىغانىدىم. مەسىلەن سىز ئىچىڭىز پۇشۇپ
ئۇخلىيالماي مېنى چاقىرىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن ياكى قانداقتۇر بىر بولمىغۇر خىياللار
كاللىڭىزغا كىرىۋېلىپ مېنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشىڭىزمۇ مۇمكىن. كېچە دېگەندە نېمە ئىش-
لار يۈز بەرمەيدۇ دەيسىز... ئەمما، ئەخلاقلىق ئادەمدەك كۆرۈنىسىز. ئېيتىڭا، نېمىشقا
«قار، قار!» دەپ ۋارقىرايسىز؟ خانىمىڭىزنىڭ ئېيتىشىچە ئۆيدىمۇ سىز بەزىدە شۇنداق
جۆيلۈپ ۋارقىراپ كېتىدىكەندۇقسىز... كەش ئىزدەيدىغان ئىش دوختۇرخانىدىن
باشلىنىپتۇ...

— سىزگە نېمە دەپ چۈشەندۈرسەم بولىدۇ، — دېدىم، — مېنىڭ تۇغۇلغان يۇرتۇم-
دا تۆت پەسىل ناھايىتى ئېنىق ئۆتىدۇ. باھاردا قاتتىق بورانلار چىقىدۇ، قارلار ئېې-
رىپ، يەر - جاھان قايتىدىن ئويغىنىدۇ، ئاندىن باھار قۇشلىرى يېتىپ كېلىدۇ، دالى-
لاردا رەڭمۇرەڭ چېچەكلەر ئېچىلىپ كېتىدۇ. يازدا بولسا بۇ يەردىكىدىن قېلىشمىغۇ-
دەك ئىسسىق بولىدۇ. ئېرىق - ئۆستەڭلەردە قىيان سۇلىرى تولۇپ ئاقىدۇ، مېۋىلەر شىر-
نە باغلاپ پىشىدۇ. كۈزدە پۈتۈن تەبىئەت ئالتۇن رەڭگە كىرىپ، يوپۇرماقلار تۆكۈلىدۇ.
قىشتا قېلىن قار چۈشۈپ داللار ئاپئاق تونغا پۈركىنىدۇ... ھاياتىمدا قار بىلەن باغ-
لىنىپ كېتىدىغان ئاجايىپ ئىشلار بولغان. مەسىلەن مەن سىزگە ئېيتسام، مېنىڭ ئۆز
يۇرتۇمدا ئىككى ئوغلۇم بىلەن ئايالىم قالغان. تۈنجى سۆيگەن شۇ ئايالىم بىلەن مەن
قارلىق بىر دالىدا مۇھەببەتلەشكەن، لەپىلدەپ قار چۈشۈپ تۇرغان بىر كېچىدە تويلاش-
قان... يەنە شۇنداق بىر قارلىق كېچىدە قاتىل بولۇپ قالغان، قارلىق بىر دالىدا تۇر-
مىدىن قاچقان... بالا ۋاقتىمدا قارنى بەك ياخشى كۆرەتتىم. كېيىن قاردىن بىزار بول-
دۇم. قارىڭ، تەقدىر مېنى مەسخىرە قىلغاندەك، مانا قار چۈشمەيدىغان بىر جايغا ئەكې-
لىپ تاشلىدى. ئەمدى قارنى سېغىنىدىغان بولۇپ قالدىم.

— قىزىق گەپلەر ئىكەن. مۇمكىن بولسا ئوچۇقراق ئېيتىڭا، قانداق قىلىپ قاتىل
بولۇپ قالدىڭىز؟ بالا - چاقىلىرىڭىزنى نېمىشقا تاشلاپ كەلدىڭىز؟

— بۇ ئۇزۇن بىر تارىخ خانىم، سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويمامدىكىن؟

— سىزنى يېنىمدا سالامەت تۇتۇپ تۇرغان ۋاقتىمنىڭ ھەممىسىگە ھىدايەت خا-
نىم پۇل تۆلەيدۇ. ئۆزىڭىزگىلا مالاللىق يەتمىسە سۆزلەۋېرىڭ. غەلىتە ۋەقەلەر يېزىلغان
كىتابلارنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن. بۈگۈنمۇ شۇنداق بىر ئاجايىپ ۋەقەلەرنى ئاڭ-
لايدىغاندەك قىلىپ تۇرىمەن. ئەلۋەتتە بۇ تىرىك ئادەمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ھەقىقىي
ئىشلار بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ قىزىق بولۇشى مۇمكىن.

— قىزىق بولۇشى ناتايىن، قورقۇنچلۇق چۈشكە ئوخشايدىغان كۆڭۈلسىز ۋەقەلەر.
ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىسام، تۇرمۇشتىكى كىچىككىنە بىر ئۇقۇشماسلىقلارنىڭمۇ كىشى-
نىڭ ھاياتىغا كۈتۈلمىگەن پاجىئەلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ھەيران بولىمەن...
گەپنى يىراقتىن باشلىسام، مەنمۇ بىر كەمبەغەلنىڭ بالىسى ئىدىم. دادام كىچىكىمدە
ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن. ئانام ئۇ ئون نەچچە قورساق كۆتۈرگەن بولسىمۇ ئاخىرىدا

توختاپ قالغىنى مەن ئىدىم. مېنىڭ ئەسلى ئىسمىم «تىلىۋالدى». مەن تۇغۇلغاندا ئانام خۇدايىمنىڭ مېنىمۇ كىچىك ئېلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاۋۋال بىر قازاق ئايالغا بېرىۋېتىپ كېيىن ئۆزى دېرىزىدىن چۈشۈپ ئوغرىلاپ ئەچىققان ئىكەن. خۇدادىن تىلىۋالدىم، دەپ ئىسمىمنى «تىلىۋالدى» قويۇپتىكەن.

ئانام بىچارە مېنى مىڭبىر جاپادا بېقىپ چوڭ قىلدى، ئوقۇتتى. ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا پۈتتۈردۈم. ئانام قېرىغانسېرى ئاغرىقچان بولۇپ، ئىشلىگۈدەك ھالى قالمىغانىدى. ئانامغا قارايمەن دەپ ئالىي مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشتىن قالدىم. ئەترەتكە كىرىپ ئىشلىدىم. «ئەترەت» دېگەننى سىز «دېھقانچىلىق قىلىدىغان بىر كوللېكتىپ» دەپ چۈشەنسىڭىز بولىدۇ. كېيىن ئانام ئۆلۈپ كەتتى. يالغۇز قالدىم. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىمدا ياخشى ئۆتۈشكەن بىر قىز ساۋاقدىشىم بار ئىدى. قىشنىڭ قار يېغىپ تۇرغان بىر كېچىسى توي قىلىپ ئۆيگە ئەكىلىۋالدىم. ھەش-پەش دېگۈچە ئىككى بالىلىق بولدۇق. جان سانىمىز كۆپەيگەنسېرى تۇرمۇشىمىز ئېغىرلاشتى. ئەتىگەندىن-كەچكىچە ئېتىزدا ئىشلىسەك ئالىدىغىنىمىز بىر نانغا ئارا تۇرمايدىغان قۇرۇق نومۇر ئىدى. قولىمىز پۇل كۆرمەيتتى. ھەممە نېمىنى ئەترەتتىن قەرزگە ئالاتتۇق... كېيىن، ئەترەتنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدەپ خاڭدىن كۆمۈر توشۇدۇم. بۇنىڭدا ئازراق بولسىمۇ نەق پۇل تاپقىلى بولاتتى. بىرەر تاغار ئۇششاق كۆمۈرنى ھارۋىنىڭ ئۈستىگە تاشلىۋېلىپ، ئۆينىڭ قىشلىق كۆمۈرىنى غەملىۋالاتتۇق. ماخودىن ئاتقا دەپ بىر-ئىككى باغ بېدىنى ئوشۇق ئېلىۋېلىپ، يولدا سېتىپ پۇل قىلاتتۇق. بەزىدە ئاتنىڭ يېمىنىمۇ ئوغرىلايتتۇق. مەنلا ئەمەس، ھارۋىكەشلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلاتتى... ئۇلارنىڭ تارتىدىغان جاپا-مۇشەققىتى كۆپ بولسىمۇ، ئۆزىگە چۈشلۇق كۆرىدىغان راھەت-پاراغىتىمۇ بار ئىدى. غاچىلداپ تۇرغان سوغۇقتا داۋانلاردىن ئات-ھارۋىنى ساق-سالامەت ئۆتكۈزۈپ كەڭ يولغا چىققاندا، كىشىنىڭ بەھرى ئېچىلىپ، ھاردۇقى چىقىپ قالاتتى... كەمبەغەللىكنىڭمۇ ئۆزىگە چۈشلۇق خۇشاللىقى بولىدۇ. كۆمۈرنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ھېلىقى بېدە ساتقان پۇللارغا بالىلارغا ئالغان نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ ئىسسىق ئۆيگە كېلىپ، بالا-چاقا بىلەن ئولاش-چولاش بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش، خاتىرجەم ئۇخلاپ ئەتىسى ھاردۇقى چىقىپ قالغان ئاتلارنى ھارۋىغا قېتىپ يەنە يولغا چىقىش كۆڭۈللۈك ئىدى.

ئەترەت قوشۇمچە كىرىم قىلىش ئۈچۈن بەزىدە ئىدارە-جەمئىيەتلەرگە كۆمۈر يەتكۈزۈپ بېرىش ئىشىنىمۇ كۆتۈرە ئالاتتى. بىر قېتىم بىر كادىرنىڭ ئۆيىگە كۆمۈر ئاپىرىپ بېرىشكە توغرا كەلدى. ئېسىمدىن چىقمايدۇ. قار تازا جىدەللەپ يېغىۋاتاتتى، كۆمۈرنى قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاران يەتكۈزۈپ كەلدىم. دەرۋازىنى قاقسام ھېلىقى كادىرنىڭ ئايالى چىقتى. كۆمۈرنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. ھارۋىنى كەينىگە شوختىتىپ كۆمۈرنى دەرۋازىنىڭ ئالدىغىلا چۈشۈرۈپ بەردىم. ھېلىقى ئايالنىڭ كۆمۈرگە قاراپ بېشى قاتتى-دە:

— يولدىشىم كاماندىروپكىغا چىقىپ كېتىۋىدى، بۇ كۆمۈر كېچىچە مۇشۇ قاردا

تالادا تۇرامدۇ؟! — دېدى. مەن:

— قول هارۋىدەك بىر نېمە يوقمۇ؟ قول هارۋا تاپسىڭىز، كۆمۈرىڭىزنى مەن ئەكىرىشىپ بېرەي، — دېدىم.

ھېلىقى ئايال خۇشال بولۇپ بىر قول هارۋىسىنى سۆرەپ چىقتى. ئايال كىشىكەن دەپ ئىچىم ئاغرىپ، كۆمۈرنى كۆمۈرخانىسىغا توشۇپ رەتلىك قىلىپ تىزىپ بەردىم. ئايال خوجايىن خۇشاللىقىدا داستىخان راسلاپتۇ. كۆمۈرلەرنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولۇشۇمغا يۈز - كۆزۈمنى يۇيۇشقا ئىسسىق سۇ بېرىپ ئۆيگە باشلىدى. كىرسەم يېڭى ئەكەلگەن كۆمۈرنى سېلىپ ئۆي دېگەننى تازا ئىسسىتىۋېتىپتۇ. تەرلەپ ئولتۇرۇپ قورۇما بىلەن ئەتكەن چاي ئىچتىم. ئاندىن ئايال خوجايىنغا چاقچاق قىلىپ:

— قورۇمىنى تازىمۇ ئوبدان قورۇپسىز، ئاكىمىزنىڭ ئىچىپ قويغان هاراقلىرىدىن يوقمۇ؟ بىرەر يۇتۇم يۇتۇۋالغان بولسام سوغۇقتا تازا هوزۇر قىلاتتىم - دە! — دېدىم. ئايال:

— هاراق دەمسىز؟ قاراپ باقاي، — دەپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى - دە، بىر شىشە ئېسىل هاراقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئالدىمغا قويۇپ قويدى، — ئەمىسە ئۆزىڭىز ئازادە ئولتۇرۇپ يەپ - ئىچىۋېرىڭ، مەن بالامغا هەمراھ بولاي، — دەپ ئىشىكنى يېپىپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ هاراق، قورۇما، تاتلىق - تۈرۈملار تىزىلغان ئۈستەلدە ئۆزۈم يالغۇز قالدىم «خوش تىلىۋالداخۇن، مېھمان بولۇشۇڭنى بىل!» دەپ هاراقنى كۆپۈلدىتىپ قۇيۇپ، غۇرتۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلاپتىمەن. شۇ چاغدا كۆز ئالدىمغا قىيسىيىپ كەتكەن كونا ئۆيىدىكى خوتۇن - بالىلىرىم كەپتۇ. نېمىشقا باشقىلارنىڭ ئۆيلىرى شۇنچىلىك ئىسسىق، داستىخىنى شۇنچىلىك مول، مېنىڭ ئۆيۈمدىن بوران ئۇچۇپ تۇرىدۇ؟ نېمىشقا باشقىلارنىڭ ئۆي - جاهازلىرى شۇنچە كۆركەم، مېنىڭ ئۆيۈمدە يىرتىق كىگىز، كونا يوتقان - كۆرپىلەردىن باشقا هېچنېمە يوق؟... دېگەنلەرنى ئويلاپتىمەن.

ئوقۇغۇچى ۋاقتىمدىن باشلاپلا هەر خىل كىتابلارنى كۆپ ئوقۇيتتىم. چەت ئەللەرنىڭ تۇرمۇشىغا ناهايىتى قىزىقاتتىم. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز قاچانمۇ شۇنداق ياخشى بولار دەيتتىم... دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەرنى كىشىلەر مەن تۇغۇلماستىن بۇرۇنلا بۆلۈشۈپ بولغانىكەن. مەن سىزگە ئېيتسام خانىم، ئەقلىمنى تېپىپ بىرىنچى بولۇپ چۈشەنگىنىم — بۇ دۇنيادا ئىگىسى يوق نەرسە بولمايدىكەن، ماۋۇ چاي كىمنىڭ؟ پالانچاخۇننىڭ، ماۋۇ دۇكان كىمنىڭ؟ پوكۇنچاخۇننىڭ، ماۋۇ دەل - دەرەخلەر كىمگە قاراشلىق؟ پوستانچىغا... مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئىش ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى. قارىسام هەممە ئورۇننى مەندىن ئىلگىرى تۇغۇلغانلار ئىگىلەپ بولغانىكەن. بىر كۈنى شەهەرنىڭ كوچىسىدا هارۋامنى هەيدەپ كېتىۋېتىپ خېلى سالاپەتلىك ئىككى ئادەمنىڭ ياقىلىشىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. نېمە گەپكىن دەپ هارۋامنى توختىتىپ ئۇقسام، ھېلىقى ئىككىسى تام قوشنا ئىكەن. «نېمىشقا مېنىڭ ئۆگزەمنىڭ ئۈستىدىن توك سىمىڭنى ئۆتكۈزىسەن!» دەپ سوقۇشۇۋېتىپتۇ. «خۇدايا تووۋا!» ياقامنى تۇتۇپ

قالدىم. مانا خەقلەر ئاسماننىمۇ بۆلۈشۈپ بولغانىكەن. ئۇنداقتا خۇدايىم مېنى بۇ ئالەمگە نېمىشقا ياراتتى؟ تۆرەلگەن ئىكەنمەن، دۇنيادا ماڭىمۇ تېگىشلىك نەرسىلەر بولۇشى كېرەك-تە؟... قېنى، ماڭا تەئەللۇق نەرسىلەرنى زادى كىم ئىگىلىۋالدى!؟...

شۇنداق خىياللار بىلەن ئولتۇرۇپ ھېلىقى بىر شىشە ھاراقنىڭ ھەممىسىنى ئىچىۋېتىپتىمەن. بىزنىڭ يۇرتىنىڭ ھاراقلىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ خانىم. شۇ ئايالنىڭ ئۆيىدىن قانداق قايتىپ چىققىنىمنى، ئات-ھارۋىنى ماخوغا قانداق ھەيدەپ بارغىنىمنى ئۇقمايمەن. ماخودىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئەترەت باشلىقىنىڭ دەرۋازىسىنى جالاقلىتىپ تېپىپ «ھەي ئەترەت باشلىقى، بۇياققا چىق، سەن بىلەن ھېسابلىشىمەن، بۇ دۇنيادىكى ماڭا تەئەللۇق نەرسىلەر قېنى؟ نېمىشقا مەن باشقىلارنىڭ ئەسكى ئۆيىدە قوشنا ئولتۇرىمەن، سەن تېخى تۇغۇلمىغان بالىلىرىڭ ئۈچۈن جايلىق يەر ئىگىلىۋالىسەن!؟» دەپ خېلى چاتاق چىقىرىپتىمەن. ئەترەت باشلىقى مېنىڭ مەستلىكىمنى بىلىپ تالاغىمۇ چىقماپتۇ.

قىشنىڭ تۈنى تولىمۇ ئۇزۇن بولىدۇ ئەمەسمۇ، ئۆيگە كېلىپمۇ مەستلىكىم يېشىلمەپتۇ، پوكلا چۈشۈپ ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. سەھەردە بىرى تۇرتۇۋاتىدۇ، كۆزۈمنى ئاچسام بېشىمدا ساقچىلار قاراپ تۇرۇپتۇ. قولۇمغا كويزا سېلىشتى. «نېمە گەپ، مەن نېمە گۇناھ قىلدىم؟» دېۋىدىم، شۇ يەردىلا تاياق يېدىم. ئايالىم، بالىلىرىم قىقىرىشىپ يىغلىشىپ قالدى. كېچىدىن بېرى ياغقان قار توختىماي چۈشۈۋېتىپتۇ. ئۇلار مېنى سۆرەپ ئەچىقىپ ماشىنىغا سېلىشتى. قارنى ئويلىساملا ھەممە ۋەقە بىر-بىرلەپ ئېسىمگە چۈشىدۇ.

ساقچىغا كېلىپ بىلدىمكى: شۇ كېچىسى مەن كۆمۈر ئاپارغان ئۆيدىكى ھېلىقى ئايالنى بىرى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. قاتىل ئايالنى مېنىڭ شۇ ھويلىدا ئۇنتۇلۇپ قالغان كۆمۈر ئۇسسۇيدىغان گۈرجىكىم بىلەن بېشىغا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. تاماق يېگەن ئۈستەلدە مېنىڭ بىر كىر قول ياغلىقىممۇ قېپقالغانىكەن. ساقچىلار مەندىن باشقا بىرەر گۇمانلىق ئادەمنى تۇتۇپ كېلەلمىدى. شۇ قارلىق كېچىدە ھېلىقى ئۆيگە بارغان بىردىنبىر ئادەممۇ مەن بولۇپ چىقتىم. گۈرجەك بىلەن قول ياغلىق قاتىل ئىكەنلىكىمگە ئىسپات بولدى. ھەرقانچە ئويلاپمۇ، ئادەم ئۆلتۈرمىگىنىمگە ئۆزۈمنىمۇ، ساقچىلارنىمۇ ئىشەندۈرەلمىدىم. سوراقچىلار «سەن يامان نىيىتىڭنى ئىشقا ئاشۇرالماي ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ!» دەپ ئۇردى، قىيناشتى. كەمبەغەللىكتە باشقىلارنىڭ ئىگىلىۋالغان مال-دۇنياسىغا كۆزۈم قىزارسا قىزارغاندۇ، ئەمما لېكىن ئۆزگىلەرنىڭ ئاياللىرىغا كۆزۈم قىزىرىپ باققان ئەمەس. بۇ تەرەپتىن قەلبىم پاك، سۆيۈپ ئالغان ئايالىم، جاندىن ئەزىز بالىلىرىم بار ئىدى... گەپلىرىمگە ھېچكىم ئىشەنمىدى. ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل، دېگەن گۇمان بىلەن يىگىرمە يىللىق قاماق جازاسىغا كېسىلدىم.

— دەھشەت! — دەپ ئورنىدىن قوپۇپ كەتتى خانىم بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ، — ئازراق ھاراق قۇيايمۇ، قاندىقىنى ئىچەمسىز؟

— رەھمەت! — دېدىم مەن، — شۇ ئىشتىن كېيىن ھازىرغىچە ئاغزىمغا بىر يۇتۇم

ھاراق ئالغان ئەمەسمەن ... ھەئە، ھەر قالدىقىنى ...

— بولمىسا، باشقا بىر نېمە قۇياي.

— ئازراق مېۋە شەربىتى ئىچىپ قوياي.

— خوش، كېيىن سىز تۈرمىدىن قانداق قۇتۇلۇپ چىقتىڭىز؟ — ئايال ئالدىمغا بىر ئىستاكان مېۋە شەربىتىنى ئاستا قويدى-دە، ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى، — ھەقىقىي قاتىل بىر كۈنى پاش بولۇشى كېرەكقۇ؟

— بۇ سىز ئوقۇغان كىتابلاردا شۇنداق. رېئال تۇرمۇشتا بولسا جاۋابى يوق تېپىشماقلار بەكمۇ تولا... بۇمۇ بىر تېپىشماقتەك ئىش بولدى. ھەقىقىي جىنايەتچى يوشۇرۇنۇپ قالدى. مەن بىگۇناھ قولغا ئېلىندىم. تۈرمىدىن قېچىشنى ھەر كۈنى، ھەر سائەت ئېسىمدىن چىقارمىدىم... خانىم بىز تەرەپتە «تەڭرى تېغى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغ بار. بۇ «ئاللانىڭ تېغى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تاغنىڭ يۈكسەك چوققىلىرى قىش-ياز ئاپئاق قار-مۇز بىلەن پۈركىنىپ ياتىدۇ. يۇرتىمىزنىڭ دەريالىرى ئاشۇ مۇقەددەس تاغدىن ئېرىپ چۈشكەن مۇزدەك قار سۇلىرى بىلەن تولۇپ ئاقىدۇ. تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىي بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى دۇنيا. جەنۇب تەرەپتە چەكسىز كەتكەن قۇملۇقلار، قۇملۇقلار ئارىسىدا ئۈزۈك-ئۈزۈك بوستانلىق يۇرتلار بار؛ شىمالىي تەرەپتە بولسا تۇتاش كەتكەن قارىغايزارلىقلار، ياپيېشىل ئوتلاقلار سوزۇلۇپ ياتىدۇ. دەسلەپتە مەن مەھبۇسلار بىلەن تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى چۆللەردە ئىككى يىلچە ئىشلىدىم. ئۈچىنچى يىلى بىز شىمالىي تەرەپكە ئۆتۈپ تاغ تەشتۇق. بۇ تاغنى نېمىشقا تېشىدىغانلىقىمىزنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئىشقىلىپ، قەھرىتان بىر قىشنى شۇ يەردە ئېغىر ئەمگەك بىلەن ئۆتكۈزدۇق. ئەتىياز يېقىنلاشقاندا تاغنىڭ قاپتاللىرى خېلى ئىسسىپ قالدى. تاغ ئېتەكلىرىدىكى قارلار چىپىلداپ ئېرىپ، جىرالاردا سۇلار سىرغىپ ئېقىشقا باشلىدى. بىز تاماقنى تۆۋەندىكى بىر ئوچۇقچىلىقتا يەيدىغان بولدۇق. بۇ مەھبۇسلارنىڭ ئىچىدە ئوغرىلار، قاتىللار، باسقۇنچىلار، سىياسىي جىنايەتچىلەر دېگەندەك ھەر خىل ئادەملەر بار ئىدى. ئۇلارغا زادىلا ئارىلاشقىم كەلمەيتتى. ئۆزۈمنى ھامان بىگۇناھ، پاك ھېسابلايتتىم. تاماق ۋاقتىدىمۇ قاچامنى كۆتۈرۈپ بىر چەتكە بېرىپ تاماق يەيتتىم. خىيالدىن نېرى بولالمايتتىم. ماڭا ئىسسىق چاي، قورۇما بېرىپ، ئاخىرىدا پاجىئەگە ئۇچرىغان ھېلىقى ئايالنى، ئىز قالدۇرماي كەتكەن ھېيلىگەر قاتىلنى، قولۇمغا كويزا سېلىنغاندا يىغلىشىپ قالغان بالىلىرىمنى... يەنە شۇنداق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلايتتىم. ئويلاپ خىياللىرىمنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايتتىم. نازارەتچىلەرمۇ مېنىڭ مۇنداق غەيرىي مىجەزىمگە ئۆگىنىپ قېلىشقانىدى. تاغ ئىچىدە مەن يۇقىرىراق بىر يەردىكى چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان قارىغاي كۆتىكى يېنىغا بېرىپ تاماق يەيتتىم. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى تۆۋەندىن ھېلىقى قارىغاي كۆتىكىگىچە بولغان ئارىلىقتا بىر يالغۇز ئاياغ يولمۇ پەيدا بولغانىدى.

قۇياش خۇددى باھاردىكىدەك ئىسسىتىپ تۇرغان بىر كۈنى ئىدى. بىز ھېلىقى

ئۇچۇقچىلىقتا چۇشلۇك تاماق يېگىلى چىقىشقانىدۇق. كۆتەك ئۈستىدە تاماق يەۋاتقى-
نىمدا قۇلىقىمغا گۇلدۇرلىگەن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئاستىمدىكى يەر تەۋرەپ كەتكەن-
دەك بولدى - دە، كۈچلۈك بىر شامال مېنى كۆتۈرۈپ ئىككىنچى بىر ئېگىزلىككە ئېلىپ
چىقىپ دۇملىتىۋەتتى. تۆۋەندىن قارا تۈتەك كۆتۈرۈلۈپ ئاستا - ئاستا بېسىلىپ قال-
دى. نېمە ۋەقە سادىر بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي يىقىلغان يېرىمدىن تۇرۇپ، تۆۋەنگە قاراپ
ئاغزىمنى ئېچىپلا قالدىم. بايا، قارشى تەرىپىمدىكى تاغ بىز قىشىچە تەشكەن يەردىن
ئاجراپ كۆچكەنىكەن. ھېلىلا تۆۋەندىكى ئۇچۇقچىلىقتا ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ
تاماق يەۋاتقان مەھبۇسلار، نازارەتچىلەر، كۆچمە ئاشخانا، گەمىلەرنىڭ ھەممىسى
قار ئاستىدا قاپتۇ. ئۇ يەردە يېڭى بىر ئېگىزلىك پەيدا بولۇپ چوقچىيىپ تۇرۇپتۇ.
بىردەمنىڭ ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ مۆجىزىدىن ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويدۇم. پۈتۈن ئەت-
راپ قايتا جىمجىتلىققا چۆككەن بولۇپ، مەن يالغۇز قالغانىدىم. بىردىنلا كاللامغا
«قاچ! بۇ ئاللانىڭ ساڭا يارىتىپ بەرگەن پۇرسىتى بولۇشى مۇمكىن!...» دېگەن پىكىر
كەلدى - دە، قاچتىم.

كېيىن، بۇ يەردىن بىرمۇ ئادەمنى كولاپ ئالالمىغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇردۇم.
ئادەملەر قار سۈرەپ كەلگەن قېلىن تاش - تۇپراق ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغانىدى. شۇ
يەردىلا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، بارلىق مەھبۇسلار ئۆلگەنلەر قاتارىدا رويخەت-
تىن ئۆچۈرۈلدى. مەن باللىرىمنى كۆرۈشكە شۇنچە تەشنا بولساممۇ ئۆيۈمگە قايتال-
مىدىم. چۈنكى مەن «ئۆلگەن» ئىدىم. ئەگەر تونۇش بىرەرى مېنى كۆرۈپ قالسىلا
ئىشىم تۈگەيتتى. مەن بۇ مەملىكەتتىن مەڭگۈگە يوقىلىشىم كېرەك ئىدى...

ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە مەلۇم ۋاقىت مۆكۈنۈپ يۈردۈم. قار كېتىپ داللار ئېچىل-
شى بىلەنلا دۆلەت چېگرىسىدىن قېچىپ ئۆتۈپ كەتتىم. سەرگەردانلىق ھاياتىم ئەنە
شۇنداق باشلاندى. نەمۇ نە سەرسان بولۇپ يۈرۈپ بېشىمدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى
ئويلىسام ئۆزۈمنى يۈز ياشتىن ئېشىپ، قېرىپ، مۈكچىيىپ كەتكەندەكلا ھېس قىلىمەن.
خانىم بىلەمسىز؟ مېنى دەرد - ھەسرەت تۈگەشتۈردى. مەن روھىي جەھەتتىن گۇمران
بولدۇم. يۇرتنى، بالا - چاقىلىرىمنى ھەر كۈنى سېغىنىمدىغان، ئەمما يۇرتىمغا، بالا - چا-
قىلىرىمنىڭ يېنىغا قايتىپ بارالمايدىغان ئادەمنىڭ ئازابىنى ئازراق بولسىمۇ چۈشە-
نەمسىز؟... بەزىدە مەن ئۆزۈمنى راستلا ساراڭ بولۇپ قالغاندەك، ئويغاق تۇرۇپمۇ
چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. بەلكىم ھېلىقى ئايالنىڭ ئۆيىدە ئىچكەن ھا-
راق بىلەنلا ساراڭ بولغاندىمەن. مېنىڭ جىنايەتچى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھ بولغان ھې-
لىقى بىر گۇرجەك، ئۈستەل ئۈستىدە ئۇنتۇلۇپ قالغان كىر قول ياغلىق نېمىنى چۈ-
شەندۈرىدۇ؟ كىم بىلىدۇ، ئۇ ئايالنى مەن راستتىنلا ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەندى-
مەن. بولمىسا مەن نېمىشقا قاچتىم؟ ھەقىقىي جىنايەتچى قېنى؟ نېمىشقا شۇنچىۋالا
ئادەم تۇپراق ئاستىدا قالدى، مەن يەنە ئامان قالدىم؟ نېمىشقا مېنىڭ ھاياتىمدىكى
ياخشى - يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسى قار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالدۇ؟ مېنىڭ
قەلبىمدە قار ئاقلىقىنىڭ، پاكلىقىنىڭ تىمسالى ئەمەسمىدى؟... بۇ سىرلارنىڭ تېگىگە

زادىلا يېتەلمەيمەن. بەلكىم بىز ھەممىمىز شۇنداق بىر خاتا تۇيغۇنىڭ ئىچىدە ياشا-
ۋاتقان بەندىلەردۇرمىز...

سۆزدىن توختىدىم. ئارىمىزنى جىمجىتلىق باستى.

— ئاجايىپ ئىشلار ئىكەن، — دېدى خانىم بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كې-
يىن، — تاماكا چەكسەم بولارمىكىن؟

— چېكىۋېرىڭ.

— قاراڭ، شۇنچە ئادەم ئۆلۈپ يەنە سىز ئامان قاپسىز، ئامەتىڭىز بار ئىكەن.

— ئامەت!... كىچىك ۋاقتىمدا بىر رەمچى موماي ئالقىنىمنى كۆرۈپ «بالام
سەن ئامەتلىككەنسەن!» دېگەنىدى. مانا ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتتى. ھازىرغىچە
ئامەت دېگەننى كۆرمىدىم. ئويلىسام ئۆمرۈم قېچىش، مۆكۈپ-چۆكۈش بىلەنلا ئۆتۈپ-
تۇ. بۈگۈنگە كەلگەندىمۇ يەنە ساراڭلار سارىيىغا كىرىپ قالماسلىق ئۈچۈن مۆكۈپ
يۈرۈيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم... سىز قېيىن ئاتام بىلەن خانىمغا بېرىپ ئېيتىڭ،
ماڭا ئۇلارنىڭ ئىچى ئاغرىسۇن. ئۆلسەممۇ ساق ئادەملەر ئارىسىدا، ئەركىنرەك يۈرۈپ
ئۆلەي!

زۆھرە!

پايلاقچى خانىم ئازراق تولۇقلاپ پەرداز قىلدى-دە، ھىدايەت خانىم بىلەن كۆ-
رۈشمەكچى بولۇپ چىقىپ كەتتى. مەن ئۇ قايتىپ كەلگىچە كۈتۈپ تۇرماقچى بولۇپ
ياتاقتا قالدىم. خانىم كېتىشى بىلەنلا چىقىپ مېھمانخانىدىن ھېسابىنى ئۈزدۈم-دە
كەتتىم. يەنە يەر ئاستى پويىزىغا ئولتۇرۇپ شەھەرنىڭ باشقا بىر يېرىگە كەلدىم. خالى
بىر جايدىكى مېھمانخانىغا چۈشۈپ ساڭا يېزىۋاتقان ئۇزۇندىن-ئۇزۇن خەتلىرىمنى
داۋاملاشتۇردۇم. ھازىر يۇرتۇمغا، سىلەرگە يېزىۋاتقان مۇشۇ خەتلىرىملا كۆڭلۈمگە
ئارام ۋە تەسەللى بېرىدىغان بولۇپ قالدى.

ئەتە بۇ يەردىنمۇ كېتىمەن. ئارقامغا چۈشۈۋالغان پايلاقچىلار تاپالمايدىغان يىراق
بىر جايغا بېرىپ يوشۇرۇنىمەن.

## 11

تىلىۋالدى!

يازغان خەتلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى بىر كۈندە تاپشۇرۇۋالدىم. كېچىچە قاي-
تا-قايتا كۈلۈپمۇ ئوقۇدۇم، يىغلاپمۇ ئوقۇدۇم، ئەتىسى ئىشقا بېرىپ خىيالىمدىمۇ ئوقۇ-
دۇم... تىلىۋالدى، سىز راستىنلا تىرىكمۇ؟ زادى مۇشۇ كەڭ ئالەمنىڭ بىر يېرىدە
بارمۇ سىز؟... مەن خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بولۇپ قالدىم.

سىز ئادرېسنى خاتا يېزىپسىز. يىراقتىن كەلگەن خەتنى قايتۇرۇۋېتىشكە كۆڭلى
ئۇنىمىغان پوچتىكەش نۇرغۇن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاخىرى بىزنى تېپىپ كەپتۇ. ھا-
زىر بۇ يەردىكى كوچا ئىسىملىرى ئۆزگىرىپ، ئىشىك نومۇرلىرى ئالمىشىپ كەتتى.

ئېيتىپ كەلسەم يېڭىلىقلار تولا. شەھەرنىڭ نۇرغۇن كوچىلىرى كېڭەيتىلىپ، ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. كوچا ياقىلىرىغا بىرى بىرىدىن ئېگىز بىنالار سېلىنىپ كەتتى. خېتىڭىزدا يازغان كونا مەھەللىمىزنىڭ ھېلىقى ئەگرى-بۈگرى كوچىلىرى ئانچە ئۆزگەرمىدى. كىشىلەر توپا تاملارنىڭ ئورنىغا پىششىق خىشلىق تاملارنى ئەتتى. كونا دەرۋازىلارنىڭ تولىسى يېڭىلىنىپ كەتتى. كوچىلار تېخى شۇ پېتى. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە: بۇ كوچىلارنى تۈزلەپ كېڭەيتىمىز دېسە، نۇرغۇن ئۆيلەرنى چېقىشقا توغرا كېلىدىكەن. ھازىرچە شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ بۇنىڭغا ئىقتىسادى يېتىشمەيدىكەن. يەنە بەزى باشلىقلىرىمىز شەھەردىكى مۇشۇنداق بىرقانچە كونا مەھەللەرنىڭ ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشنىمۇ ئويلىشىۋېتىپتۇدەك، مەھەللىمىزنىڭ «ئويمەھەللە» دېگەن كونا نامىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرگۈدەك ...

مەھەللىمىزنىڭ ئادەملىرىدىمۇ كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كەتتى. سىز بىلىدىغان چوڭلارنىڭ كۆپىنچىسى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۆز ۋاقتىدىكى ئاغسىز ئىشتان كىيىپ يۈرۈيدىغان ئۇششاق باللار بىر چىرايلىق يىگىت بولۇپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى مەنمۇ پەرق قىلالماي قالىمەن ... راست، مەن نېمىشقا ئۆزىمىزنىڭ باللىرى توغرىسىدا يازمىدىم؟ ھەر ئىككىلا ئوغلىڭىز — يالقۇن بىلەن دولقۇننىڭ ھازىر بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ قالدى. باشلاپ-ئۇشلايدىغان دادىسى بولمىغاچقىمىكىن، ناھايىتى بەڭباش چوڭ بولۇشتى. ئىككىلىسى تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپلا «ئاپا، بىز سېنى باقىمىز» دېيىشىپ مەكتەپتىن چىقىۋالدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە ئوقۇتالمىغىنىمنى ئويلىسام يۈرىكىمنىڭ بىر يېرى ئېچىشىدۇ. دانا، سىز خېتىڭىزدا يازغان «پاتقاق» لەقىمى بار تۇداخۇن ئاكام ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىككى بالىسى ھازىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋېدۇ. ئۇلارنىڭ ئانىسى ھازىر كىمنى كۆرسە: قاراڭلار، پاتقاقلارنىڭ ئىچىدىن ئىككى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى چىقتى، دەپ پەخىرلىنىپ يۈرۈيدۇ. ۋېلسىپىت ياسايدىغان ئابدۇرېھىم ئاكام گۆي ھازىر قېرىپ قالدى. ھاراقنى تاشلاپ، ناماز ئوقۇپ، جامائەتكە قوشۇلدى. ئۇنىڭ چوڭ كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى دۇكىنى ھازىرمۇ بار. دۇكاننى باللىرى ئاچىدۇ. بىر كۈنى ئابدۇرېھىم ئاكام بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ «مۇنۇ گۇيلار تىلىۋالدىنى قاراپ تۇرۇپلا جىنايەتچى قىلىپ قويغان ... سىڭلىم زۆھرە، باللىرىڭنىڭ بىرەرسىنى بولسىمۇ بىزنىڭ دۇكانغا ئەۋەت. بىكار يۈرمىسۇن» دەپ يالقۇننى ئېلىپ كەتكەنىدى. يالقۇن ھازىر ئابدۇرېھىمكامنىڭ باللىرى بىلەن بىللە ۋېلسىپىت ياسايدۇ، تاپاۋىتى ياخشى.

دولقۇن ئىسمايىلكام زاڭنىڭ قولىدا ساتىراشلىقنى ئۆگەندى. تاپاۋىتى ئاكىسىنىڭكىدىنمۇ ياخشى. ئىسمايىلكامنىڭ بازار ئىچىدىكى دۇكىنى تولىمۇ راۋاج تاپتى. ئۇ كونا دۇكاننى چېقىپ يېڭىلاپ سالدى. دۇكاندا ئىككى-ئۈچ شاگىرت باللاردىن باشقا، ئىچكىرىدىن كەلگەن، مەخسۇس ئاياللارنىڭ چېچىنى بوياپ، بۈدۈر قىلىدىغان خېنىملارمۇ ئىشلەيدۇ. دۇكان كېچە سائەت ئونلارغىچە ئېچىلىدۇ. دولقۇننىڭ ئېيتىشىچە: دۇكاننىڭ ئىشىكىدە ئالىيېيشىل چىراغلار يېنىپ تۇرغۇدەك، دۇكان ئىچىدە قاتلىما

ئورۇلدۇق، تام تۈۋلىرىدە يۇمشاق دىۋان، تاملاردا ھەر خىل چاچ پاسونلىرى چۈشۈرۈلگەن ئاجايىپ-غارايىپ رەسىملەر چاپلاقلىق ئىكەن. ئۇدۇل بىر تام باشتىن-بويىغىلا ئەينەك ئىمىش... ئىسمايىلكام زاكىنى ھازىر ھەممىسى «ئىسمايىل خوجايىن» دېيىشىدۇ. ھازىر ئۇ ئۆزى ساتىراشلىق قىلمايدۇ. دۇكاندىكىلەرگە يولىيورۇق بېرىپ، قىزىل بىر موتىسىكىلىتنى ئاتاتلىتىپ مىنىپ، دۇكانىنىڭ كەم-كۈتە نەرسىلىرىنى تەييارلاپ بېرىپ يۈرۈيدۇ.

كونا تام قوشنىمىز ئابلاكام پىشت ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللانىڭ سودىگەرچىلىك قىلىمەن دەپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكىنىگە خېلى يىللار بولدى. مەھەللىگە بىر قېتىممۇ كەلمىدى. ئاڭلىساق ئۇ ئىچكىرىنىڭ گۇاڭجۇ دېمەدۇ، شىنجېن دېمەدۇ ئىشقىلىپ شۇنداق بىر يەرلىرىدە قاڭقىپ يۈرگۈدەك. بەزىلەر ھالى خارابكەن دېسە، بەزىلەر بېيىپ كېتىپتۇ دەيدۇ. ئۇ ئۆزى: «پۇلنى تازا تېپىپ، ئاتا-بوۋامنىڭ پىشت دېگەن لەقىمىنى يوقاتمىغىچە ئۆيگە قايتمايمەن!» دېگۈدەك.

ياسىن يالغان ھازىر مەھەللىمىزدىن چىققان چوڭ بايلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. يىلدا بىر-ئىككى قېتىم ئىچكىرىگە كىرىپ چىقىدۇ. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە: سودا دېگەنگە يالغان ئارىلاشمىسا پەقەت بولماسمىش، ئۇنىڭ قىلۋاتقان ئوقىتىگە دەسمىيمۇ كەتمەسمىش؛ باشقىلارنىڭ مېلىغا خېرىدار تېپىپ بېرىپ ئالارمەن بىلەن ساتارمەننى بىر-بىرىگە ئۇچراشتۇرماي ئوتتۇرىدىن پايدا ئېلىپلا بېيىپ كەتكەنمىش. يېقىندا ئ ئورۇق-تۇغقانلىرى بىلەن داۋالىشىپ يۈرۈپ بازار ئىچىدىكى بىر كونا جاينى قايتۇرۇۋالدى. ئۇ يەرگە ئۈستىنى مېھمانخانا، ئاستىنى سودا دۇكىنى قىلىپ ئۈچ قەۋەتلىك بىنا سالدۇردى. ئۇچراشقانلارغا ئۇ: ئەسلىدە بۇ بىنا چېرتيوژدا بەش قەۋەت ئىدى. مەن يوق ئۈچ قەۋەت بولۇپ قاپتۇ. يەنە بىر-ئىككى يىلدىن كېيىن بۇنىمۇ چېقىپ، ئون قەۋەتلىك قىلىپلا سالدۇرىمەن. مەھەللىدىكى بىكارچى ياش باللارنىڭ ھەممىسىنى شۇ يەرگە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىمەن، دەپ پو ئېتىپ يۈرۈيدۇ. ھازىر ئادەملەر ئۇنىڭ يالغان گېپىگىمۇ خېلى ئىشىنىدىغان بولۇپ قالدى.

خېتىڭىزنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، سىز كېيىنكى نۇرغۇن ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىكەنسىز، ئۆتكەن ئىشلار ئاللىبۇرۇن ھەقىقەتلىنىپ بولغان. سىز ھازىر كۆپىنىڭ نەزەرىدە بىگۇناھ، پاك ئادەمسىز. ئىشنى بېشىدىن سۆزلەي: سىز ھېلىقى ئايالغا كۆڭۈل چۈشۈرۈپ بېرىپ، ھاراقنى توگىتىپ ئىچىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئېرى كەپتۇ. ئۈستەل ئۈستىدىكى ئېشىپ قالغان تاتلىق-تۈرۈم، قورۇما، چاي، قىيسايغان شىشىنى كۆرۈپ ئەرۋايى ھۇركۈپتۇ. «نېمىشقا سەن مەن يوق چاغدا يات بىر ئەر كىشىگە ھاراق قويۇپ بېرىسەن» دەپ، تالادا، ئىشىكنىڭ يېنىدا تامغا يۆلەكلىك تۇرغان گۈرجەكنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، خوتۇنىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ئايالدىن گۇمانلىنىپلا يۈرۈيدىغان بىر نەرسە ئىكەن. شۇڭا ئۇ، قونۇپ ئىشلەۋاتقان يېرىدىن يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىز قايتىپ كىرگەنىكەن. بۇ قارا نىيەت خوتۇنىنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ، ئىزىنى يېتتىرىش ئۈچۈن يەنە ئىشلەۋاتقان يېرىگە كېچىلەپ قايتىپ كېتەپتۇ.

ئۇلارنىڭ ئىچكىرىكى ئۆيىدە ياتقان يەتتە - سەككىز ياشلار چامىسىدىكى قىزى بولغان ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن كۆرۈپ تۇرۇپتۇ.

كېيىن سىز يىگىرمە يىلغا كېسىلىپ تۇرمىگە كىرىپ كەتتىڭىز. ھېلىقى قاتىل ئايالى ئۆلۈپ بىر يىل بولا - بولمايلا، ئۆزى بۇرۇن باردى - كەلدى قىلىشىپ يۈرگەن بىر ئايال بىلەن توي قىلىۋاپتۇ. كېيىنكى خوتۇنى قىزىنى ئۆگەيلىگەچكە، ئۇ قىزنى قېيىن ئاتىسىغا تاشلاپ بېرىپتۇ. بىر كۈنى، ھېلىقى قىزچاق بوۋىسى بىلەن بىزنىڭ ئىشىكىمىز ئالدىدىن ئۆتۈپ قالغانىكەن، بوۋىسى بىز تەرەپنى كۆرسىتىپ «ئاپاڭنى ئۆلتۈرگەن قاتىل مانا مۇشۇ قورۇدا ئىدى» دېگەن گەپنى قىلىپتۇ. قىز بوۋىسىغا: «بوۋا، ئاپامنى ھېلىقى كۆمۈر ئەكەلگەن ئادەم ئەمەس، دادام ئۆزى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن!» دەپتۇ. بوۋايمۇ كۆيئوغلىدىن سەل گۇمانلىنىپ يۈرگەنىكەن. نەۋرىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ «نېمە دېدىڭ!؟» دەپ تۇرۇپلا قاپتۇ. قىز ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى بوۋىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. بوۋاي نەۋرىسىنى دەرھال ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىپ، ۋەقەنى باشقىدىن سۆزلىتىپ ئۈنئالغۇغا ئېلىۋاپتۇ - دە، ئەھۋالنى ساقچىغا مەلۇم قىلىپتۇ.

ئىش ئېنىقلىنىپ، ھېلىقى قاتىل قولغا ئېلىندى. ئەپسۇسكى بۇ سىز تاغ غۇلىغاندا كۆمۈلۈپ قالغانلار قاتارىدا ئۆلدىگە چىقىرىلىپ، بىز نەزىر - چىراقلىرىڭىزنى ئۆتكۈزۈپ بولغان ۋاقىت ئىدى، قانۇن ئورۇنلىرى مەھەللىدە چوڭ يىغىن ئېچىپ، سىزنىڭ ئاقلىنىش قەغىزىڭىزنى قولۇمغا بەردى. قەغەزنى باغرىمغا بېسىپ يىغلىدىم. شۇ كۈنلەردە ئىككى بالام بىلەن تازا قىيىنچىلىق تارتىۋاتاتتىم. مەھەللە ھۆكۈمىتى بالىلار ئۈچۈن ھەر ئايدا ئاز - تولا قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىپ تۇرىدىغان بولدى. كېيىن، باشلانغۇچ مەكتەپكە ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئورۇنلاشتىم.

تىلىۋالدى، ئېغىر كۈنلەرمۇ ئۇنتۇلۇپ كېتىدىكەن. يىغلا - قاقشا بالىلارمۇ چوڭ بولدى. مەھەللىدىكىلەر بالىلىرىمىزنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ ئىشىسىز قويمىدى. مانا ھازىر ئۆيدىكى ھەممىمىز ئىشلەيمىز. مەن ھازىر دۆلەت ئوقۇتقۇچىسى. سىز كېچىسى دەرۋازىسىنى ئۇرۇپ سوقۇشقان ھېلىقى ئەترەت باشلىقىمىز ھازىر قېرىپ، باشلىقلىقتىن قالدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ: «تىلىۋالدى ئەترىتىمىزنىڭ كونا ئەزاسى ئىدى. شۇ بالىغا قاتتىق ئۇۋالچىلىق بولدى» دەپ ئۆزى يول مېڭىپ يۈرۈپ، بىزگە بىر جايلىق يەر ھەل قىلىپ بەردى. بۇلتۇر ئۇ يەرگە چىنىدەك چىرايلىق ئۆي سېلىپ كۆچۈپ چىقىۋالدۇق. ھازىر ھەممە نېمىمىز تەل. ئارمان پەقەت سىز.

سىز تۇرغان ئۇ يەرگە نېمىشقا قار ياغمايدۇ؟ مەن خەرىتىدىن تۇرغان يېرىڭىزنى زادىلا تاپالمىدىم. كاللام ئېلىشىپلا كەتتى. بالىلىرىم «ئاپا نېمىلەرنى قىلىۋاتىدىغانسەن» دەپ زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشتى. ئىمىر - چىمىر خەتلەر، سانسىز چېگرا سىزىقلىرى... راست ئېيتىسىز، پۇقرا ئۈچۈن بۇ سىزىقلارنىڭ نېمە لازىمى؟! ... سىز ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىڭىزنى يېزىپسىز. مەن بۇقۇلداپ يىغلىدىم. شۇ كۈنلەرگە يېتىپ كەلگۈچە يالغۇزچىلىقتا تارتقان جاپالىرىم ئازمۇ. ئەمدى سىزنىڭ ھاياتلىق خەۋىرى

كۆزلىرى ئاڭلاپ خۇشال بولغان ۋاقتىمىزدا، خۇدا قايتا بىر جۇدالىقنى بېشىمىزغا سالارمۇ؟! ...

تىلەۋالدى، بىر ئىلاجىنى قىلىپ تېز قايتىپ كېلەڭ. سىز ئۇ يەردىكى ئايالىڭىز ھەققىدە يېزىپسىز، ئۇ چوڭ بولسا ھەدەم، كىچىك بولسا سىڭلىم بولسۇن. خالىسا بىللە ئېلىپ كېلەڭ. بالىلار ھەممىمىزنىڭ بالىلىرى ... بالىلارنىڭ توي ئىشىچۇ؟ مەن سىزگە تېخى بۇنى يېزىشنى ئۇنتۇپتىمەن. خۇددى بىز سىزنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، قۇدىلىشىدىغان يەرلىرىمىز بىلەن پۈتۈشۈپ، توي كۈنىنى بېكىتىمەي تۇرغانىدۇق. ئېھ مانلارنىڭ ئالدىدا بالىلىرىمىزنىڭ ئۆز دادىسى قول قوشتۇرۇپ تۇرسا مېنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق بەخت بولامدۇ؟ ...

## 12

زۆھرە!

پايلاقچى خانىمنىڭ ياتىقىدىن قېچىپ چىقىپ، يىراق - يېقىنلاردا يەنە بىر ئايچە مۆكۈنۈپ يۈردۈم. بىر كۈنى، ھىدايەت خانىم بىلەن قېيىن ئاتام مەن تۇرغان ئورۇننى تېپىپ كېلىشتى.

— سىزنى ناھايىتى كۆپ ئىزدىدۇق، — دېدى ھىممەت ئەپەندى كۈلۈپ، — يۇرتتىن، بالىلىرىڭىزدىن خەت كەلگەنىكەن ...

— قېنى؟! — دەپ ئورنىمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

— كەچۈرىسىز، — دېدى ئايالىم، — سىزنى ئىزدەپ تاپالماي، خەتتە مۇھىم بىر گەپ بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ئېچىپ قويۇپتۇق.

— خەت قېنى!؟

خەتنى ئۇنىڭ قولىدىن يۇلۇپ دېگۈدەك ئالدىم. شۇ يەردە ئولتۇرۇپ قايتا - قايتا ئوقۇدۇم. كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياش قۇيۇلدى. بۇ ئاددىيلا بىر پارچە خەت



ئەمەس، مېنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىم توغرىسىدىكى تۇنجى خۇش خەۋەر، تۇغۇلغان يۇرتۇمنىڭ، باللىرىمنىڭ چاقىرىق قەغىزى ئىدى. كۆڭلۇمدىكى مىسكىنلىك كۆتۈرۈلۈپ، ئىگە - چاقامنىڭ بارلىقى بىلەن پەخىرلەندىم.

قېيىن ئاتام يەنىلا كۆكسى - قارنى كەڭ ئادەم ئىدى. ئۇ:

— تىلەك ئەپەندى، ۋەتەنگە قايتامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— قايتىمەن! — دەپ كەسكىن ئېيتتىم.

— بولۇپتۇ بېرىڭ، — دېدى ئۇ، — ئۇ يەردە باللىرىڭىز، ئايالىڭىز تۇرۇپتۇ. ۋەتەن دېگەن ئۇلۇغ نەرسە. ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى بىز كۆپ تارتقان. سىزنى چۈشىنىمىز ... ھىدايەت سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە، ئۇنى ئېلىپ كەتسىڭىزمۇ، قويۇپ قويسىڭىزمۇ بولىدۇ؛

ئايالىم مۇرەمگە ئېسىلدى - دە، كۆزىگە ياش ئالدى.

— بولۇپتۇ بېرىڭ، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ قۇلىقىمغا ئاستا، — باللىرىڭىزنى كۆرۈڭ، مېنى ئۇنتۇپ قالماسسىز؟ ... سىزگە بىرەر پەرزەنت تۇغۇپ بېرەلمىگىنىم ئۈچۈن خىجىلمەن.

زۆھرە مانا ئارىدىن يەنە ئىككى ئايچە ئۆتتى. شۇ كۈنلەردە مەن ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتىم. ۋەتەنگە قايتىش رەسمىيىتىم ئاخىر پۈتتى ... بۇ يەردە قۇياش ھېلىمۇ ئوتتەك قىزدۇرۇپ تۇرۇپتۇ. بىزنىڭ يۇرتلاردا ھازىر كەچكۈز بولۇپ، بەلكىم قارمۇ چۈشۈپ قالغاندۇ؟ نېمىشقىدۇر شۇ مۇقەددەس ماكانغا ئاپئاق قار لەپىلدەپ چۈشۈپ تۇرغان بىر قۇتلۇق كۈندە قەدەم باسسام، دەپ ئارزۇ قىلىمەن.

زۆھرە! سەن خېتىڭدە: ئېسىڭىزدىمۇ، سىز مېنى بەختلىك قىلىمەن، دەپ ۋەدە بەرگەنتىڭىز؟ دەپ يېزىپسەن. شۇ ۋەدىنى قاچان، قەيەردە بەرگەنلىكىم ھازىرقىدەك يادىمدا تۇرۇپتۇ. قۇياش كۈچسىز نۇرىنى چېچىپ كۈلۈپ تۇرغان بىر قىش كۈنى ئىدى. بىز قارلىق دالىدا كېتىپ باراتتۇق. ئەتراپىمىزدىكى قارلار قۇياش نۇرىدا خۇددى بىرى ئۈستىگە ئۈگۈتۈلگەن ئەينەك پارچىلىرىنى چېچىۋەتكەندەك يالتىراپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. سەن شەھەردىن ئون كىلومېتىرچە نېرىدىكى بىر يېزىدا تۇرىدىغان تاغاڭنىڭ ئۆيىگە كېتىپ باراتتىڭ. مېنىڭ يېزىدا قىلىدىغان ئىشىم بولمىسىمۇ، سېنى تاغاڭنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈنلا بىللە ماڭغانىدىم. يولدا بىز بىر دېھقاننىڭ ئۆكۈز ھارۋىسىغا چىقىۋالدۇق. ھارۋىدا ئولتۇرۇپ قار ھەققىدە چۇرقىرىشىپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. ھېلىقى دېھقان بىزدىن:

— باللىرىم، قارنى نېمىشقا ياخشى كۆرىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— قار ئاق، قار ياغقاندا جىمى جاھان كۆڭۈللۈك بولۇپ كېتىدۇ، — دېيىشتۇق. دېھقان كۈلۈپ كەتتى.

بىز ئۇنىڭدىن:

— سىز قارنى ياخشى كۆرمەمسىز؟ — دەپ سورىدۇق.

— ياخشى كۆرىمەن! — دېدى ئۇ، — قار كۆپ ياغسا يۇرت مەمۇرچىلىق بولىدۇ. ئۇ بەكمۇ خاسىيەتلىك نەرسە. قار قىشچە يەر-جاھاننى قۇچاقلاپ يېتىپ، زېمىنغا چۈشكەن ھاياتلىق ئۇرۇقىنى سوغۇقتىن قوغدايدۇ...

بىز بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسىگە چۈشەندۇقمۇ-چۈشەنمىدۇقمۇ، ئىشقىلىپ يەنە كۈلۈشتۇق. ئاندىن سەن قۇلىقىمغا:

— مۇشۇ مىسلىداپ ماڭىدىغان كالا ھارۋىسى دېگەن بىلەن پەقەت خۇشۇم يوق. پۇشقۇرۇپ تۇرغان ئاتلار قېتىلغان ھارۋا بولسا، كىشىنى قۇيۇندەك ئۇچۇرتۇپ كەتسە، ئاجايىپ ھوزۇر بولاتتى، — دېدىڭ.

يېرىم يولغا بارغاندا بىز دېھقانغا رەھمەت ئېيتىپ ھارۋىدىن چۈشۈپ قالدۇق. پات بارىمىز دەپ ئاياغ يول بىلەن ماڭدۇق. يول بويى يۈگۈرۈشۈپ، بىر-بىرىمىزگە قار ئېتىشىپ، تاسادىپىي قۇچاقلىشىپ قالدۇق. كۆڭۈل سىرلىرىمىزنى ئېيتىشتۇق. ھېلىقى ۋەدىنى مەن شۇ چاغدا بەرگەنىدىم. شۇ غەمسىز، كۆڭۈللۈك چاغلارنى ئەسلىسەم، ھېلىمۇ كېچىلىرى «قار، قار!» دەپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتىمەن.

زۆھرە، چېگرىدىن چىقىش رەسمىيىتىنى ئارانبالالىقتا پۈتتۈردۈم، چېپىپ يۈرۈپ ئۆلۈم ۋەھىمىسىنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئىشتىھارىمۇ ئوبدان بولۇپ قالدى. باشقىلار: «ئەپەندىم، يېقىندىن بېرى چىرايىڭىز ياخشىلىنىپ قاپتۇ، سىزگە يەنە ئەت قونۇشقا باشلاپتۇ...» دېيىشىدۇ. ماكانسىزلىقنىڭ دەردى ئۇستىخاندىن ئۆتكەندە ئۆز يۇرتۇمنىڭ چۆللىرىدە ئۆلۈپ قالمىغىنىمغا، مەھبۇسلار بىلەن تاغ ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتمىگىنىمگە پۇشايمان قىلغان چاغلىرىم بولغانىدى. قارىغاندا يەنە تەقدىرنىڭ باشقىچە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى بار ئوخشايدۇ. تەڭرىدىن تىلەيدىغان ئەڭ ئاخىرقى تىلىكىم — ئۆلسەممۇ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن شۇ تۇپراققا يېتىپ بېرىپ ئۆلەي!

زۆھرە، كېچە مەن يەنە ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە قارلىق چوققىلارغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقىدەكمەن، بىردىنلا پەردەك يەڭگىل بولۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتىمەن... بىر چاغدا، ئۆزۈم ئويناپ چوڭ بولغان ۋادىلارغا ئاپئاق قار بولۇپ يېغىۋاتقۇدەكمەن. قىشچە شۇ زېمىننى مەھكەم قۇچاقلاپ يېتىپتىمەن.

كېچە مەن يەنە ئاجايىپ بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە پەردەك يەڭگىل بولۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، قارلىق تاغلار تەرەپكە قاراپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقۇدەكمەن. بىر چاغدا، ئۆزۈم يۈگۈرۈپ يۈرۈپ چوڭ بولغان دالىلارغا ئاپئاق قار بولۇپ چۈشۈپتىمەن. كېيىن، ئۈستۈمدە ۋەتىنىمنىڭ يىللىق قۇياشى پارلاپتۇ. شادلىقتىن جىسمىم ئاستا-ئاستا ئېرىپ تۈگەپتۇ. باھار كەلگەندە مەن ئېرىپ سىڭگەن تۇپراقتا رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئۈنۈپتۇ...

خەير، كۆرۈشكىچە سالامەت بولۇڭلار.

* * *

1992-يىل مارت، غۇلجا.

مەسئۇل مۇھەررىر ئودەنجان ساۋۇت

تۇرسۇنجان قادىرى

# ئىككى ھېكايە

## تۇخۇم

كەشتىلەنگەن ئاپئاق ياستۇق ئۇنىڭ كۆرپىسىنىڭ بېشىغا قويۇلغان بولسىمۇ بىراق ئۇ ياستۇققا بېشىنى قويماي ئاق كىرلىك تۇتۇلغان كۆرپىدە توغرىسىغا ياتاتتى. ئۈستىگە يېپىلغان يوتقىنىنى تېپىپ، ئاياغ تەرىپىگە پۈرلەپ قويغانىدى.

ئۇ ئانىسىدىن تۇغما ھالەتتە غەمسىز ياتاتتى، مۇشۇ ئايلاردا پەقەت مۇشۇ ياشتىكى سەبىي بالىلارلا پۇت-قوللىرىنى مانا شۇنداق ئارامخۇدا ئۇزارتىپ شېرىن چۈش كۆرەلەيدۇ. ئېچىرقاپ كەتكەن بىر پاشا غىڭىلدىغىنىچە كېلىپ بوشلۇقتا لەيلەپ يۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ، ئۇيان-بۇيانغا سوقۇلۇپ يۈرۈپ، ئاخىرى كۆرپە ئۈستىدە ياتقان بالىغا ئاچ كۆزىنى سالدى. بالا مەلەق ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن سۈت ھىدى كېلەتتى. بىرقانچە كۈن قارا ناشتا يۈرگەن پاشا ياخشى تائامنى كۆرۈپ مەستخۇش بولدى. بالىنىڭ تېرىسى شۆپۈكتەك نېپىز بولۇپ، قان تومۇرلىرى ئۈمۈچۈكنىڭ تورىدەكلا مانا مەن دەپ تۇراتتى. ئۇ نەشتىرىنى ئۇچلاپ تىقتى، نەشتەر خۇددى چەنلىگەندەكلا بالىنىڭ قان تومۇرىغا كىردى. پاشا قاننى ئاچكۆزلۈك بىلەن سۈمۈرۈشكە باشلىدى. دەسلەپ پاشا ئاتىراڭغۇ ئىدى، قاننى شورىغانسېرى چاپلىشىپ كەتكەن قورسىقى ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، ھەش-پەش دېگۈچە بۇغدايدەك بولدى.

بالا ئۈن-تىنسىز ياتماقتا، قان پاشىنىڭ پۇت مۇسكۇللىرىغىچە بارغاندەك قىلاتتى. لېكىن ئۇنىڭدا تويۇنۇشتىن ئەسەر يوق ئىدى، بەلكى پاقالنىنىڭ ساپ قېنى پاشىنىڭ ئىشتىھاسىنى ئاچماقتا ئىدى. پاشا بارا-بارا ئېسىلدى، جىسمىدا قان پاتقۇدەك ئورۇن قالمىغان بولسىمۇ قان تومۇردىن نەشتىرىنى تارتمايتتى، غىڭىلداشلارغا ئەگىشىپ پاشىلار ئارقا-ئارقىدىن ئۇچۇپ كېلىپ بالىنىڭ باش-كۆزلىرىگە قوندى ۋە چېقىپ يۇمران بەدەننى ھۆررەك-ھۆررەك قىلىۋەتتى. بالا ئاستا-ئاستا ئۆز بەدىنىنىڭ ئېچىشىشىدىن بىئارام بولۇشقا باشلىدى. كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە تولغاندى. دەم سوزۇلۇپ، دەم قوللىرىنى يىغاتتى. ئۇ پاشا چاققان يەرلىرىنى كارتىلدىتىپ قاشلاپ قانىتىۋەتتى. قاشلىغانسېرى بەدەنلىرى چايان چاققاندەك ئاغرىيتتى، ئۇ بىردەم يىغلاپ باقتى. ئۆز ھالىدىن خەۋەر ئالمىدىغان ئانىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن ئاستا

ئۆمىلەپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۆيگۈۋسىنى ئاچالماي كۆزىنى ئۇۋۇلىدى. بىر نەرسە ساڭگىلىغاندەك تۇيۇلۇپ بۇرنىغا قولىنى سۈركىۋىدى، شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بىر مەگزىدگە چاپلىشىپ قالدى. ئۇ ھەربىر پۇشۇلدىغىنىدا بۇرنىنىڭ ئىككى تۆشۈكىدىن لامپۇچكىدەك شار كۆپۈپ چىقاتتى. ئۇ قىچىشقان يەرلىرىنى قاشلىغاچ سۈپىدىن ئاستا يەرگە چۈشتى ۋە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ سىيدى. سۈيدۈك يەردە ئېقىم شەكىللەندۈرۈپ، بالىنىڭ يالىڭاياغلىرىغىچە بېسىپ كەلدى. ئۇ ئىككى يانغا سىلجىتىپ باقتى، بىراق سۈيدۈكنىڭ يامراپ كېلىشىدىن قۇتۇلالماي ئورنىدىن يۆتكەلدى. ئۇ شۇنداق بىر ماگدامدىن بىر ماگدامدىن يۆتكىلىپ يۈرۈپ، تەرىتىدە ھويلىنىڭ ھەممە يېرىنى ئالا قويماي چىتلىۋەتتى.

ئۇ ئەمدى يالغۇز قالمىدى، ئەتراپىغا بىرەر ئىككى يۈز چىۋىن ئولاشتى. چىۋىن دەم تەرەتكە، دەم بالىنىڭ بەدىنىگە قونۇپ مىغىلدىشاتتى ۋە بالىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرەتتى. بالا چىۋىنلەرنى قولى بىلەن ئانچە-مۇنچە يەلپۈپ قوياتتى. ئۇ پۇتى ئاستىدىكى تولۇق سىڭىپ بولالمىغان سۈيدۈكنى ياغاچ بىلەن تىلغاشقا باشلىدى.

بۇغدايلار پىشىپ ۋاقتىلداپ كەتكەنىدى. ئارغامچا-توقۇناق سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئانا ئالدىنقى كۈنى ئوغلىنىمۇ ئېلىپ شەھەر بازىرىغا كىرگەن. بالىنىڭ بۇ تۇنجى رەت شەھەر دەرۋازىسىغا قەدەم بېسىشى ئىدى. ئۇ ئانىسىغا ئەگىشىپ كېتىۋېتىپ، تۆمۈر رىشاتكىلىق



باغ ئىچىدە ئاپئاق خالات كىيگەن خانىم-قىزلار توپ-توپ بالىلارنى يېتىلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ساددىلىق بىلەن سورىدى:

— ئانا، ئاۋۇ ئايالنىڭ بالىلىرى ئەجەب جىق ئىكەن-ھە؟

— ئۇنداق ئەمەس قوزام، ئۇ جىق ئادەمنىڭ بالىلىرى.

— ئەمىسە ئۇلار نېمە ئۈچۈن خەقنىڭ بالىلىرىنى باقىدۇ؟ قارا ئاۋۇ قىزنىڭ ماشىنا ھەيدەۋاتقىنىنى، ئاۋۇ بالىنىڭ ئات چېپىۋاتقىنىنى، ئاۋۇ بىر توپ بالىلار ئۇچۇۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ چىقىۋاتقان سۆزلىرى ئانا يۈرىكىنى لەرزىگە سالدى. ئۇ ئوغلىغا مەنىلىك قاراپ سوئالىغا جاۋابەن بىر نەرسە دېمەكچى بولدى-يۇ، دېيەلمىدى. ئانىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— ئانا، مەنمۇ ماشىنىغا چىقىمەن،

ئاسماندا ئۇچۇپ باقايچۇ! — بالا ئانىنى باغچا ئىچىگە سۆرىدى، ئانىسا ئۇنىڭغا بىر تالاي سەۋەبلەرنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى. ئانا ئوغلىنى يېتىلەپ دېھقانچىلىق سايمانلىرى بازىرىغا كەلدى. بىر ئورغاق، ئىككى تاغار، بىر ئۆتكەمە سېتىۋالدى. ئانا ئوغلىنى ئېھتىيات بىلەن يېتىلەپ، كىشىلەر توپىدىن چىقىپ بىر دۇكانغا كىردى.

ئانا ۋەدىسى بويىچە ئوغلىغا تاپانچا ئېلىپ بەرمەكچى بولۇپ، ئويۇنچۇق سېتىش پەشتاختىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى، نەرسە-كېرەكلەرنى يەردە قويۇپ يانچۇقىدىن بىر تۇتام ئۇششاق پۇللارنى ئېلىپ پەشتاختا ئۈستىگە قويۇپ ساناپ چىققاندىن كېيىن، بارماقلىرىنى پۈكۈپ ئۆينىڭ تورۇسىغا قاراپ بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى. ئاندىن پۇلنى قايتۇرۇپ يانچۇقىغا سالدى. نەرسە-كېرەكلەرنى ئېلىپ سىرتقا چىقىپ، سەييارە يېمەكلىك ساتقۇچىدىن ئىككى دانە مۇز چوكا سېتىۋالدى. ئۇ بىرنى ئوغلىغا، يەنە بىر مۇز چوكىنى ئۆزى شورىغىنىچە كېتىپ قالدى.

— ئىنسىقتا قاملىشالماي قاپسىز، ئەكىلىڭ مەن ياردەملىشەي، — دېدى بىر ناتونۇش يىگىت ئۇنىڭ قولىدىكى ئۆتكەمىنى ئېلىپ تۇرۇپ.

— رەھمەت ئۇكام.

— قارىغاندا تۇل ئوخشىمامسىز؟

— ياق، يولدىشىم بار، ئۇ ھۆكۈمەت شتاتىدا بولۇپ، تاغدا مال باقىدۇ، يەنە بىر شېرىكىمۇ بار، ئۇلار جىددىي پەيتلەردە نۆۋەت بىلەن مال باقاتتى، قارىغاندا شېرىكىڭىزنىڭ مۇھىم ئىشى چىقىپ قېلىپ يولدىشىم ماللارغا قاراپ قالغان ئوخشايدۇ.

— مۇنداق دەڭا، بالىڭىز قانچە؟

— مۇشۇ بىر ئوغۇل، دادىسى تاغدا بولغاچقا، دەسلەپ ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىدا قىينالدىم. ھازىر ئوغلۇم ئۈچ ياشقا كىردى. ئۆيگە سولاپ قويۇپ، دەمال ئېتىز-ئېرىقنىڭ ئىشلىرىنى قىلىۋالالايمەن.

بالا باغچىدا ئوينىيالمىغانلىقىنى ئويلاپ شۇنداق ھەسرەت چەكتى. ئۇنىڭ باغچىدىكى بالىلار بىلەن ئوينىۋالغۇسى كەلدى. ئامال قانچە، ئۇ باغقا كىردى. قىرىمغا تۆكۈلۈپ قالغان ئۆرۈكلەرنى تالاپ ئولتۇرمايلا تۇگدۇر-پىششىق يېگىلى تۇردى. باغدىن چىقىپ ئاشخانا ئۆيگە كىردى. ئۇنىڭ يەنە بىر نەرسە يېگۈسى بار ئىدى. ئۇ رەتلىك قويۇلغان قازان-قومۇچ، چىنە-تەخسىلەرنى ئۇگتەي-تۇگتەي قىلىۋەتتى. ئېكىن يېگۈدەك بىرەر نەرسىمۇ تاپالمىدى. ئاشخانا ئۆيدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ، ياستۇقنىڭ يېنىدا جاۋۇرنىڭ كۆمتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردى. پىڭىلداپ يۈگۈرگىنىچە بېرىپ جاۋۇرنى كۆتۈردى. دېگەندەك ئىچىدە كىچىك داستىخانغا ئورالغان بىر نەرسە تۇراتتى، ئۇنىڭ مەززىلىك ھىدى بالىنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغىۋەتتى، ئۇ باياتىن بېرى ئويۇقچىلىقتا ياستۇق بېشىغا قاراپ باقمىغانىدى.

ئۇ داستىخاننى ھاپىلا-شاپىلا ئاچتى، تەخسىدە ئارىسىغا گۆش ئېلىپ

جىگەردەك پىشۇرۇلغان قازان ئېتىنى تۇراتتى. تومۇز ئايلىرىدا نان قېتىپ قالغاچقا، ئادا ئوغلىنىڭ ئەتىگەنلىك ناشتىسىنى ئاخشاملا تەييارلاپ قويغانىدى. ئۇ نانىنىڭ بىر پارچىسىنى ئىشتىها بىلەن يېدى. ئەمدى ئۇنىڭ تەشنالىقى تۇتتى، ئۇ چۆمۈچنى قولىغا ئالدى ۋە چېلەك ئۈستىگە يېپىلغان تۇۋاقنى بۇرجىكىدىن كۆتۈردى. تۇۋاق تارتىلغىنىچە يەرگە چۈشتى، چېلەكمۇ ئۆرۈلۈپ ھەممە يەرگە سۇ يامراپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ چېلەكنىڭ تۇۋىدە قېپقالغان سۇدىن ئېلىپ ئىچتى. جاۋغىيىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان سۇ قورسىقىغا يۇقتۇرۇۋالغان قازاننىڭ قارىسىنى يالاپ ئۆتۈپ تۆۋەنگە سىلجىتتى.

قورساق بىرەر قۇر ئەستەرلەندى. لېكىن شۇنچە چوڭ ھويلىدا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭلا جىندەك يالغۇز تۇرغانلىقىدىن ئىچى پۇشتى، باياتىن ئۇ قورساق غېمى بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنمۇ ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقىنى ھېس قىلمىغانىدى.

ئەمدى پېشايۋاننىڭ ناۋاسىغا چىقىرىلغان رەڭگىمۇ رەڭ ئويما گۈللەر ئۇنىڭ كۆزىگە باشقىچە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇنى سۇر باستى. ئۇ «ئانا، ئانا» دەپ بىرقانچە ئېغىز توۋلىدى، بىراق جاۋابەن ھېچبىر سادا ئاڭلانمىدى. ئانىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇنداقلارچە يالغۇز تاشلاپ قويغانلىقىدىن ھەيران بولدى. ئۇ يەنە بىرقانچە قېتىم چىرقىراپ، توۋلاپ باقتى، ھېچكىم جاۋاب قايتۇرمىدى. ھەركىم ئۆز ئىشىغا يېتىشەلمەي ئۆلۈۋكىنىڭ قولىنى ئۆتنە ئالىغۇدەك بولۇۋاتقاندا، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغۇدەك كىمنىڭ چولىسى.

ئۇ سىرتقا چىقماقچى بولۇپ دەرۋازا ئالدىغا باردى، دەرۋازا قاناتلىرى ئارىلىقىغا قولىنى سالدى ۋە ئالدىغا كۆچەپ تارتتى. دەرۋازا ھېچبىر ئېچىلمىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۇ يوچۇقتىن سىرتقا قارىدى. كوچىدىن ئىنس-جىن ئۆتمىدى، پەقەت يىراقتىن قايناق ئورما ناخشىلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

كۆتۈلمىگەندە توخۇ قاقاقلىدى ۋە يان تەرەپتىكى چەللە ئۆيدىن بىر مىكيان چىقتى. بالىنىڭ كاللىسىدا يېڭى بىر پىكىر پەيدا بولدى. ئانىسى ھەركۈنى توخۇ قاقاقلىغاندا مۇشۇ چەللە ئۆيدىن تۇخۇم كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئوچاقتا پىشۇرۇپ بېرەتتى. بەزەن كۈنلىرى ئۇ ئانىسى بىلەن تۇخۇم ئالغىلى بىرگە كىرەتتى. ئۇ ئەمدى تۇخۇم يېيىشى كېرەك. بىراق تۇخۇمنى كىم پىشۇرۇپ بېرىدۇ؟ ئۇ چەللە ئۆيگە كىردى. دېگەندەك دۆۋىلەنگەن يىرىك سامان ئۈستىدە بىر تۇخۇم تۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزى قاماشتى، تىل ئاستى بەزلىرى غىدىقلاندى، ئېغىز بوشلۇقىغا شۇررىدە سېرىق سۇ يىغىلدى. ئۇ قورۇپ كەتكەن لېۋىنى تىلى بىلەن يالاپ نەملەشتۈردى ۋە سەۋرسىزلىك بىلەن سامان دۆۋىسىگە ياماشتى، يۇقىرىغا ئازراق ئۆرلەپلا ئارقىسىغا دومىلاپ چۈشتى، ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە يۇقىرىغا ياماشتى، يەنە ئارقىسىغا دومىلاپ كەتتى، تىكەندەك ئۇچلىنىپ تۇرغان يىرىك سامان بالىنىڭ يۇمران بەدىنىگە تۆكچىدەك سانجىلىپ قان چىقىرىۋەتتى. كۆز-قۇلاقلىرىغا قىلتىرىقلار كىرىپ

ئازابلىدى. تۇخۇمنىڭ قىزىقچىلىقىدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇيۇلسىمۇ تۇخۇمنى بۇنداق ئېلىشقا كۆزى يەتمىدى، ئاخىرى ئوچاق بېشىدا تۇخۇم بار دېگەن ئوي بىلەن ئاشخانا ئۆيگە ماڭدى.

ئۇ ھەممە يەرنى ئالا قويماي ئاختۇردى، بىرەر تۇخۇم تېپىلمىدى. پەقەت ئوچاق بېشىدا بىر قاپ سەرەڭگىلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىچى تىتىلداپ، كۆزلىرى موخۇركىسى تۈگەپ قالغان بەڭگىنىڭكىدەك ئالا-چەكمەن بولۇپ كەتتى. كۆز ئالدىدا سامان ئۈستىدىكى تۇخۇم قايتىدىن كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ تاقەتسىزلەندى، كاللىسىدا تۇخۇمنى قانداقلا بولمىسۇن پىشۇرۇپ يېيىش كېرەك دېگەن خىيال پەيدا بولدى. چۈنكى يەپ كۆنگەن كۆڭۈلنى بىر نېمە دەپ بولمايدۇ. ئۇ ئوچاق بېشىدىكى سەرەڭگە قېپىنى شارتتىدە ئالدى-دە، چەللە ئۆيگە كىرىپ سامان دۆۋىسى ئالدىدا توختىدى. ئاندىن بىر تال سەرەڭگىنى چىقىرىپ قاپنىڭ قارىسىغا سۈركەشكە باشلىدى...

## سەھرادىكى كېچە

تېلېۋىزور تۈگىگەندە قوشنىمىزنىڭ ئۆيىدىن يۈگۈرۈشۈپ كېلىمىزدە، تېشىدىن ئېتىپ قويۇپ چىقىپ كەتكەن دەرۋازا زەنجىرىنى جاراڭ-جۇرۇڭ قىلىپ ئاچىمىز، دەرۋازىنى ئىچىدىن تاقىغاچ چاڭىلداپ سۆزلەپ ھېلىقى قىزىقارلىق باللار فىلىمىنى، تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىكى ئارتىسلارنى دوراپ ئۆيگە كىرىمىز، دادامنىڭ بىر چەتتە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ زۇۋانىمىز تۇتۇلىدۇ. لېكىن دادامنىڭ خورەك تارتىشلىرىدىن ئۇنىڭ شېرىن ئۇيقۇدا ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بىز دەسلەپ ئانامنىڭ تامىقىڭلارنى يەۋېلىڭلار، دېگىنىگە قارىماي مەن بايىقى تېلېۋىزوردا كۆرگەن بىر ئارتىسنىڭ، سىڭلىم دىلنۇر يەنە بىرىنىڭ رولىنى ئېلىپ چىقىمىز. دادامدىن قورقانلىقىمىز ئۈچۈن دەسلەپ سۆز-ھەرىكىتىمىز ئاستا باشلىنىپ، ئاستا-ئاستا كۈچىيىدۇ. ئانام بىزگە ئىشارەت قىلىپ قولىنى بىردەم دادام ياتقان تەرەپكە، بىردەم بىزگە شىلتىيتتى. بىز ئۇنىڭ ئىشارەتلىرىگە قاراپمۇ قويمايتتۇق. سۆز-ھەرىكىتىمىزنىڭ ھەجۋىيلىكى، يۇمۇرلىقى ۋە لەتىپە خاراكتېرلىكى تولا كۈلدۈرۈپ ئانامنىڭ قورسىقىغا سانجىق تۇرغۇزۇۋەتتى. ئانام دادامدىن ھەزەر ئەيلىگەچكە بولسا كېرەك بۇلدۇقلاپ كېلىۋاتقان كۈلكىسىنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قولى بىلەن ئېغىزىنى مەھكەم تۇتۇۋالاتتى. ئەۋجىگە چىققان دوراشلىرىمىزدىن تېلېۋىزور ئېكرانىدىكى ئارتىسلار بىكار قالسۇن، ئۆي ئىچى بىردەمدىلا بىر كىنو ئېلىش سەھنىسىگە ئوخشاپ قالاتتى. كۈتۈلمىگەندە دادام ئويغىنىپ قېلىپ: ئۇخلاش شۇملار، ھەركۈنى مۇشۇ خىلدا توڭگۇز تورپاق ئوينىشىسەن، ياكى ئادەمگە ئۇيقۇ بېرىشمەيسەن! دەپ ۋارقىراپ تىللايتتى. بىز دادامنىڭ چۈس مىجەزىدىن شۇنداق قورقاتتۇقكى، مەن يۈگۈرگىنىمچە مەشنىڭ دالدىسىغا، دىلنۇر ئانامنىڭ كەينىگە

ئۆتـۈۋالاتـتـى. ئـىـش قـىـلـىـپ دادامـ
دىن باشقا مېنىڭ كۆرگەنلىكى كىشىلەر
ۋە ئوقۇتقۇچىلار «چوڭ بولغاندا سەندىن
ياخشى ئارتىس چىقىدۇ» دېيىشەتـتـى.

بالىلار بايـرىـمـى يېـتىـپ كېـلەش
ھارپىسىدا مەكتىپىمىز «ھورۇن ۋە تىرىشـ
چان» ناملىق بىر ئېپىزوت تەييارلىدى.
مەن باداڭ قورساق قـاسىم ھـورۇنـىـنىـڭ
رولىنى ئېلىپ چىقتىم، ئېپىزوت شەھـەر
بويىچە بىرىنچى باھالىنىپ، ئاپتونوم رايون
بويىچە بالىلار بـايـرىـمـى مـۇناسىۋىتـى
بىلەن تېلېۋىزوردا بېرىلىدىغان يـاخشى
سەنئەت پروگراممىسىغا تاللىنىپ سـىنـ
ئالغۇغا ئېلىندى. شۇڭا تېلېۋىزور ئـېكـ
رانىدىكى ئوبرازىمنـى، بـاداڭ قـورساق
قاسىم ھورۇنىنىڭ رولىنى قانداق ئېلىپ
چىققانلىقىمنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشـ
كە مىڭ تەشنا ئىدىم.

بىر كۈنى قـوشنىمىـز ساۋاقـداشىم
تۇرغۇن ئـىككىمىز مەكـتەپـتىن بىللـە
قايتىۋاتاتتۇق، مەن تـۈنـۈگـۈن كـېچـە
كۆرگەن تېلېۋىزوردىكى بالىلارنى دوراپ
ماڭغانتىم، تۇرغۇن ماڭا ياندىشىپ كېلىـ
ۋاتقانلىقى ئۈچۈن شىلتىغان قـولۇمـىنىڭ
ئۇچى ئۇنىڭ بۇرنىغا تېگىپ كەتتى. ئۇنىڭ
بۇرنى قانىمىغان بولسىمۇ كۆزىدىن ياش
چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا قەستەنلىكـ
تىن ئەمەس، ئېھتىيـاتسىزلىقتىن قـولۇمـ
نىڭ تېگىپ كەتـكەنـلىكىنـى ئېيتتىم.
بىراق ھەرقانـچە دەپمۇ ياخشـى كۆڭلۈمـ
نى چۈشەندۈرەلمىدىم. ئۇ مېنى ئـۇرماقـ
چى بولۇۋېدى مـەن ئـۇنىـڭ قـولـلـىرى
ئارىسىدىن سىرغىپلا قېچىپ كەتتىم. ئۇ
شۇ كۈندىن باشلاپلا دەرۋازىنى تاقىۋېـ
لىپ بىزنى تېلېۋىزور كۆرگىلى قويمايدىـ
غان بولدى.

بالىلار بايرىمى مۇناسىۋىتـى بىلەن
تاللانغان سەنئەت پروگراممىلىرىنى بېرىشـ
كـە يەنە ئۈچ كۈن قالغانىدى، ۋاقتىنىڭ
قىستاپ كـېلىشى روھىمـدا جىددىيلىك
پەيدا قىلـدى. مۇشۇ چـاغـلاردا ئۆيـدە
بىرەر تېلېۋىزورنىڭ قارىسىمۇ بولسا، ھېچ
بولمىدى دېگەندە دادام بىر ئـىش سەـ
ۋەبى بىلەن قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ
قېلىپ، ئۆز ئوغلىنىڭ ئەكسىنى تـېلېۋىـ
زور ئېكرانىدا كۆرۈپ قالسىمۇ كاشكى...

ئانام، دىلنۇر، مەن ئۈچىمىز بىرـ
لىشىپ ھەممە ئەھۋالنى دادامغا ئېيتىپ،
تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بالىلار پروگرامـ
مىسىنى تارقاتقىچە بىر تېلېۋىزور سېتىـ
ۋېلىشنى كۆپ يالۋۇرۇپ تەلەپ قىلدۇق،
ھەتتا مەن گەپ ئۆگىتىپ، دىـلنـۇرنـى
دادامغا تەرسالىق قىلىشقا قـۇتراتـتىـم.
دېگەندەك دىلنۇر دادام ئەتىگـەنلىـك
ئـىشقا مېڭىش چېغىـدا ۋېلىسىپىتىنىـڭ
رولىغا ئېسىلىۋېلىپ «دادا پۇلۇڭ يوقمۇ؟
نېمىشقا بىزگە تېلېۋىزور ئېلىپ بەرمـەيـ
سەن» دەپ يىغلاپ تـۇرۇۋالـدى. دادام
ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىـ
دى. شۇڭـا دادام نائـىلاج دىـلنـۇرغـا
بۈگۈن چوقۇم بىر تېلېۋىـزور سېتىۋالـ
دىغانلىقى ھەققىدە ئـىشەنـچلىك ۋەدە
بەردى. تېلېۋىزور سېتىۋېـلىشتىن بۇرۇن
مەن دادامنىڭ بۈگۈنكىدەك كۆتۈرەڭگۈ
روھتا بولغىنىنى كۆرمىگەنىدىم. شۇڭا مەن ئۇ بۇ
نۆۋەت دادامنىڭ گەپلىرىگە ئـىشىنىـپ،
ئادەتتىن تاشقىرى خۇش بولۇپ كەتتىم.
دىلنۇرمۇ مەندەك خۇش بولدى.

بىز بۈگۈن مەكتەپتىكى شەنبىلىك
تازىلىقنى قىلىۋېتىپلا ئالدى ـ كەينىمىزگە

قارىمايلا ئۆيگە قايتتۇق. ئۆيگە كىردىمۇ قولىمىز ئىشقا بارمىدى ۋە كوچىدا دادام كېلىدىغان تەرەپكە قاراپلا تۇردۇق. يىراقتا بىر ۋېلىسىپىتلىكنىڭ قارىسى كۆرۈنسىلا دادام كەلدى دەپ يۈگرۈشەتتۇق-دە، يېقىن بارغاندا ئۇنىڭ باشقا ئادەملىكىنى بىلگەندىن كېيىن سۇلىشىپ ئارقىمىزغا ياناتتۇق، بىز كۆپ قېتىم ئالدىنىپ قالغاندىن كېيىن دادىمىزنى تونۇمىغىچە يۈگرىمەيدىغان بولۇپ، ئۇنى تۆت كۆزىمىز بىلەن كۈتتۇق.

ئاخىرى دادامۇ كەلدى، دىلنۇر ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشى بىلەنلا ئوقتەك ئېتىلدى. دادامۇ ۋېلىسىپىتىنى تۇرغۇزۇپ قويۇپ، دىلنۇرنىڭ ئىنتىزارلىققا تولغان چىرايىغا قارىغىنىچە زوڭزىيىپ ئولتۇردى. دىلنۇر دادامنىڭ ناھايىتى سالماق قىياپىتىگە قاراپ، ئۇنىڭدىن خۇش خەۋەر كۈتۈپ قىن-قىنىغا پاتماي قالغانىدى ۋە دادامنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ ئايلىناتتى. گاھ يۈگۈرۈپ كېلىپ بويىنىغا گىرە سالاتتى، گاھ تىكەندەك ساقاللىرىغا سانىماي سۆيەتتى. ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىسىنىڭ خەۋىرىنى ھازىرقى مىنۇتتىلا ئاڭلاشنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتى.

ئۇ ئاخىرى دادامدىن قۇلاققا ياققۇدەك بىرەر ئېغىز سۆزمۇ ئالالمىدى، ئۇنىڭدىن پەقەت ئادەت بولۇپ كەتكەن مۇغەمبەرلىك كۈلكىسىلا چىقىپ تۇراتتى.

— دادا تېلېۋىزورنى ئەكەلدىڭمۇ؟ قېنى تېلېۋىزور كۆرۈنمەيدىغۇ. ۋېلىسىپىتنىڭ ئارقىسىدا توختىتالمىغان ئوخشايمەن-ھە دادا، تېلېۋىزورنى كىمنىڭ ھارۋىسىغا سېلىپ بەردىڭ؟ ئاكام ئىككىمىز ھارۋىنىڭ ئالدىغا بارايلىمۇ؟ ئەمدى بۈگۈن خەقنىڭ ئۆيىدە تېلېۋىزور كۆرمەيدىغان بولدۇق-ھە دادا! — دىلنۇرنىڭ ئاغزىدىن ياغ تاماتتى.

— ئوبدان قىزىم، گەپ ئاڭلا ھە، مەن سىلەرنى دەپ بۈگۈن تېلېۋىزور ساتقۇچى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىم ئەمەسمۇ.

مەن كىچىك چېغىمدا تېلېۋىزورنىڭ جېدەلىنى چىقارغاندا دادام باياتىن بېرى دىلنۇرغا دېگەن تېتىقسىز گەپلىرىنى تولا قىلغانىدى. دىلنۇر ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىن بۈگۈنمۇ تەلىپىنىڭ يەرگە ئۇرۇلغانلىقىنى چۈشەندى بولغاي، بۇدرۇق قوللىرىنى دادامنىڭ بويىنىدىن ئاستا-ئاستا تارتىشقا باشلىدى.

— بالىلارنى مۇنچىۋالا نائۈمىد قىلمايلى. بىز ھايات تۇرۇپ كىشىلەر ئىشىكىگە تەلمۈرتمەيلى. مانا مەن ئەتىكى بازاردا بوردىغان كالىنى سېتىپ تېلېۋىزور ئېلىپ بېرىمەن، — دېدى ئانام ئۆيدىن چىقىپ چىققىنىچە.

— چىشىمنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ قويسام ئەمدى ماۋۇ خوتۇننىڭ بوينۇمغا مىنگىلى قوپقىنىنى، بىز قاچانمۇ بالىلارنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈشىنى چەكلىدۇق، ئۇلار بىر ئوبدان تېلېۋىزور كۆرۈۋاتمامدۇ؟ ئەنە شۇ يەردە كۆرۈۋەرسۇن، — دەپ ھۆركىرىدى دادام، ئانام سولغۇن بويىنىنى قىسىپ قالدى.

بىز تەشنا بولۇپ كۈتكەن ئاخشاممۇ ئاخىرى يېتىپ كەلدى. ئۆيدە تېلېۋىزور بولمىغاندىن كېيىن، يەنىلا قوشنىمىز تۇرغۇننىڭ ئۆيىگە چىقماقتىن

باشقا ئامال قالمىدى. شۇڭا تۇرغۇنغا ئوتتۇرىدىكى ئازغىنە سەۋەنلىكنى يۇيۇۋېتىشكە توغرا كېلەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ تەۋەككۇلچىلىككە تۇرغۇن كۆنەي ئىشنى تېخىمۇ چاتاق قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك ئىدى. نېمىلا بولمىسۇن بىزمۇ قېلىنلىق قىلىپ تۇرغۇن ئىشىكنى تاقىۋېلىشتىن بۇرۇنلا ئۇنىڭ ئۆيىگە غىپپىدە كىرىۋالدۇق...

— دىلنۇر مەن تېلېۋىزوردا قانداقراق چىقتىم؟

— بەك شەيتانكەنسەن.

— ئۇكام تېلېۋىزوردىكى ئاكاڭنى ئوقۇتقۇچىلار ۋە ساۋاقداشلىرىمۇ كۆرگەندىمۇ؟ ئەگەر كۆرگەن بولسا... — دېدىم مەن قايتىپ كېلىۋاتقاندا يولدا.

كۆز ئالدىمدا قورۇنىڭ دەرۋازىسى ھاڭ يارىدەك ئوچۇق تۇراتتى. نۆۋەت سۈيى كەلگەندە دادام دەرۋازىنى مۇشۇ خىلدا ئېچىپ قويۇپ، ئالدىراش سۇ تۇتاتتى. شۇڭا بىز نۆۋەت سۈيى كېلىپ قالغان چېغى، دادام سۇ تۇتۇۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپ ئادىتىمىز بويىچە ئۆيگە كىردۇق. لېكىن دادام سىرتتا بولماستىن ئۆيدە بەھۇزۇر ياتقانىكەن، ئىشىكتىن كىرىشىمىزگىلا:

— سىلەر دەرۋازىنى خېلى بالدۇرلا ئاچقاندەك قىلغانتىڭلار، ئەمدى كىردىڭلارغۇ؟

— بىز مانا ھازىرلا كىردۇق، دەرۋازا... دەرۋازا يوغان ئوچۇقكەن.

— ھۇ ھارام تاماق شۇملار، — دېدى دادام ۋە ئورنىدىن چاچراپ تۇرغىنىچە بىزنى سىرتقا سۆرىدى. بىز ھويلىغا چىققىنىمىزدا ئېغىل ئىشىكىنىڭمۇ ھاڭگىرقاي ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. ئارقىمىزدىن تاپ باستۇرۇپ چىققان دادام يۈگۈرگىنىچە ئېغىلغا كىردى، ھايالشمايلا جان-جەھلى بىلەن ۋارقىرىغىنىچە چىقتى، بۇ چاغدا ئاناممۇ ئارقىمىزدىن چىققانىكەن. دادام چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، تېلېۋىزور، تېلېۋىزور دېيىشىسەن، ئويۇن نەدىن چىقتى؟ دەپ كەلتۈرۈپ ماڭا بىر تەستەك سالدى، ئارقامغا يىقىلدىم، دىلنۇر قورقۇپ كەتتىمۇ ۋارقىراپ تاشلىغاندەك قىلدى.

دادام ماڭا يەنە قول سالماقچى بولۇۋاتقىنىدا ئانام ئارىچىلىۋالدى. دادام چوڭ-چوڭ تىنغىنىچە ئانامنى باشلاپ كوچا تەرەپكە يۈگۈردى.

باياتىن بېرى تەگكەن شاپىلاق زەربىسىدىن ئېغىز-بۇرنۇمدىن قان تامچىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، يەرگە ئېڭىشىپ بىردەم تۇردۇم. ئويلىسام بۇ تاياق ماڭا ئازلىق قىلىدىغاندەك قىلاتتى. راستىنلا كالا تېپىلمىسا دادامنىڭ يەنە قانداق جازالارنى بېرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىم قىيىن، مەن دەلدەڭشىگىنىمچە ئۇلارنىڭ كەينىدىن كوچىغا چىقتىم. ئۇدۇلدا بىر قارا كۆرۈندى، دادام، ئانامىلار بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، قارا كۆرۈنگەن تەرەپكە يۈگۈردۈم. ئۇ ئەسلىدە سۇ تېشىۋىدىكەن يوغان بىر كامار ئىكەن.

مەن كەلگەن يول يارلىق يېنىدىن ئۆتەتتى. مەن بىر توختىۋالغاندىن كېيىن، ئېڭىشىپ ئەتراپنى كۆزەتتىم ۋە قاتار-قاتار تىزىلىپ تۇرغان كالا تېزەكلىرى دۆڭلۈكتىن پەسكە قاراپ بارا-بارا كىچىكلەپ كەتكىنىنى كۆرۈپ تېزەكنى بارمىقىم بىلەن باستىم، تېزەك تېخى ئىسسىق ئىدى...

مەن بىر ئويلىنىۋېلىپ، دادام، ئاناملارنىڭمۇ مۇشۇ تەرەپكە كەتكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم. بىر تۇرۇپ ئۇلارنى توۋلاي دېدىم. بىراق توۋلاشنى ئەپسىز كۆردۈم - دە، يارلىق تەرەپكە چاپتىم. تەرەپ - تەرەپلەردە خۇددى ئوچۇق گۆردەك تۇرغان يارنىڭ كامارلىرى ئىچىدىن ھېلى بىر نەرسە چىقىپ بوغۇۋالىدىغاندەك قىلاتتى ۋە بەدىنىم چىلىق تەرگە چۆمەتتى. يۈزۈم گاھ ئوت ئالاتتى، گاھ سوۋۇپ كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ يالاڭباش پاسىلداپ كېلىۋاتىمەن. يىراقتىن ئىككى قارا توچكا كۆرۈندى. مەن ئۇنى ھەرقاچان دادام، ئاناملار دەپ ئويلاپ، يۈرىكىم جايىغا چۈشكەندەك بولدى ۋە كۈچەپ يۈگۈردۈم. ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاندا، دادا، ئانا مەنمۇ كەلدىم، دەپ توۋلىدىم. ئۇلار ئىككى تەرەپكە قاچتى، كۆز ئالدىمدا يەنە بىر قارا تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ئۆز كالىمىز ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، بايىقى قاچقانلارنىڭ ئانام، داداملار ئەمەس، بەلكى ئوغرىلار ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم، ئۇلار كالىنى تاشلاپ قاچقاندىن كېيىن مەن ئېتىلىپ بېرىپ كالىنىڭ تانىسىنى تۇتۇپ ئارقىغا تارتتىم. كالا ئارقا تەرەپكە ياندى. كۆتۈلمىگەندە ئوغرىلار ئۇ بۇلۇڭدىن بىرى، يەنە بىر كاماردىن بىرى چىقىپ، ئالدىمنى توستى، يۈرىكىم قارت قىلدى - دە، مەن كالىنى تاشلىغىنىمچە يان تەرەپتىن دۆڭلۈككە قاراپ،ۋاي ئوغرى، ۋاي ئوغرى، دادا ئوغرى يارلىقتا ئىكەن، دەپ ئۈنلۈك توۋلاپ قاچتىم. بىرى غالىجىر ئىتتەك يۈگۈرگىنىچە دۆڭلۈككە چىقىش يولۇمنى توسۇۋالدى. مەن ئىلاجىسىز يەنە يارلىقنىڭ ئىچى تەرەپكە قېچىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۇ ئارقامدىن قوغلىدى. مەن يەنىلا كۈچەپ يۈگۈرۈپ، بىر ئامال قىلىپ دۆڭلۈككە چىقىۋېلىشقا تىرىشاتتىم. ئاغزىم بېسىلماي ۋاي ئوغرى، دەپ ئۈنلۈك توۋلايتتىم، ئاۋازىم يارلىقنى يېرىۋەتكۈدەك قىلاتتى... ئوغرى ئارىدەك ئۇزۇن قوللىرىنى ئارقامدىن سوزاتتى. ئۇ پېشىمدىن تۇتۇۋالاي دېگەندە، ئۇنىڭ ئالدىدا لىككىدە قىلىپ ئولتۇرۇۋالاتتىم. ئۇ ئۆزىنى توختىتالماي ماڭا پۇتلىشىپ، ئالدىغا دۈم چۈشەتتى. يەنە بەزەن چاغدا چاپسان يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، يان تەرەپكە ئىتتىك قايرىلىۋالاتتىم، ئۇ ئۆزىنى توختىتالماي ئۇدۇل كېتەتتى، ئۇ قايتا كەلگىچە مەن ئۇنىڭدىن يىراقلىشىۋالاتتىم.

كۆتۈلمىگەندە تىك يارلىق ئالدىمنى توسۇۋالدى. مەن ئالاقزادىلىك ئىچىدە ماڭىدىغان يولۇمنى تاپالماي تېڭىرقاپ قالدىم ۋە دادا، دادا دەپ توۋلىۋەتتىم، ئۇ مېنى بىر بۇلۇڭغا قاپسىلا تۇتۇۋالدى، ئېغىزىمنى بۇرنۇم بىلەن قوشۇپ مەھكەم تۇتۇۋالدى ۋە يەرگە باسمادىدى. نەپسىم بوغۇلدى، بېشىم ۋە بېغىش تومۇرلىرىم چىڭقىلىپ ھېلى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ مەيدەمگە تىزلاۋاتقىنىدا باداڭ قورساق قاسىمنىڭ رولىنى نېمىشقىمۇ ئالغان بولغىيدىم، دېگۈم كەلدى...

مەسئۇل مۇھەررىر قارىسلان

تۇرسۇن قۇربان

# شېئىردىكى ھېسسىيات ۋە شېئىردىكى مەنزىرە

## — «تۈگىمەس ناخشا» ۋە شېئىرىيەتتىكى بىر مۇھىم دىئالېكتىكا توغرىسىدا

1

مەن يېقىندا «ياشلىق ئالبومىم» نى ۋاراقلاپ قالدىم. ئۇنىڭدا تۈرلۈك نەپىس رەسىملەرلا ئەمەس، نۇرغۇن ھېكمەتلىك سۆزلەر، تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى ۋە گۈزەل لىرىكىلار بار. ئاشۇ گۈزەل لىرىكىلار ئىچىدە بىر شېئىر چوغدەك چاقناپ تۇرىدۇ. مەن 35 يىلدىن بېرى پات - پات ئوقۇپ كېلىۋاتقان بۇ لىرىكا «تۈگىمەس ناخشا»دۇر.

بۇ لىرىكىنى ئۇيغۇر يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى تېيىپجان ئېلىيېۋ 26 - 27 ياش ۋاقتىدا ئىجاد قىلغان. بۇ شېئىرنىڭ نامى، ئۇنىڭ ئۈچىنچى شېئىرلار توپلىمىنىڭ كىتاب نامى قىلىنغان. ھېلىمۇ ئېسىمدە، شائىرنىڭ «تۈگىمەس ناخشا» ناملىق شېئىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «مۇھەببەت لىرىكىلىرى» 1957 - يىلى «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغانىدا، جامائەتچىلىك ئىچىدە زور تەسىر قوزغىغانىدى. بۇ شېئىر خەنزۇ، رۇس، ئىنگلىز، ئىسپان، تۈرك، ئۆزبېك تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ياخشى باھاغا ئېرىشىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۈچۈن شەرەپ كەلتۈرگەنىدى. بۇ شېئىر شائىر تېيىپجان ئاكىنى ھەقىقىي يوسۇندا شېئىرىيەت مۇنبىرىگە چىقارغان.

بار - يوقى تۆت كۇبلېتلىق بۇ شېئىردا ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇھەببەت نۇقتىسىدىن ناھايىتى ئىخچام، تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەلۋەتتە، ھەرقانداق بىر كىتابخان بۇ شېئىرنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختىلىقىغا، بايانىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلغانلىقىغا، ئىپادىلەنگەن تېمىنىڭ ھېكمەتلىك ۋە ئەبەدىيلىكىگە، ھېسسىياتنىڭ جۇشقۇن، چىن ۋە نەپىسلىكىگە تەبىئىي ھالدا قايىل بولىدۇ.

2

بۇ شېئىر ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە تۇرمۇشى تېمىسىنى يورۇتقان بولۇپ، ئۇنىڭدا ساپ، چىن ئىنسان تەبىئىتى مەدھىيىلەنگەن. كونكېرتنى قىلىپ

ئېيتقاندا، مۇھەببەت يېزىلغان. بۇ شېئىر 1958 - يىلى بەزى «ئوبزور» لاردا ئېيتىلغان- دەك، غەيرىي سىياسىي مۇددىئا يوشۇرۇنغان شېئىر ئەمەس ياكى ئۇ بەزى تەلۋە شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدەك خۇنۇك، ساختا ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن شەھۋانە لىرىكىمۇ ئەمەس، بەلكى ئىنسان تەبىئىتى چىن، نەپىس ۋە غايىۋىي ھالدا ئىپادىلەنگەن، ھايات دىئالېكتىكىسى خېلى روشەن يورۇتۇلغان ھەقىقىي مۇھەببەت شېئىرىدۇر.

مۇھەببەت مەڭگۈلۈك روھىي ھالەت، مەڭگۈلۈك تېما بولغاچقا، بۇ ھەقتە سان- ساناقسىز بەدىئىي ئەسەرلەر يارىتىلغان، ئەڭ ئېسىل شېئىر - قوشاق، ئەڭ گۈزەل ناخشا، ئەڭ تەسىرلىك داستانلار مۇشۇ تېمىغا بېغىشلانغان.

ئاسمىنىمدا ئاي بولۇپ،
جىمى ئالەمنى تەڭ كۆرسەم.
پىيالەمدە چاي بولۇپ،
لەۋلىرىڭنى كۆيدۈرسەم.

بۇ نېمىدېگەن ساپ ھېسسىيات، كۆركەم كۆرۈنۈش - ھە!

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىمۇ خېلى كۆپ ئەسەرلەردە پاك، ئەركىن مۇھەببەت تېمىسى مەدھىيىلەندى. ناۋائىي، نىزارى، نازىمى قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرى دەل مۇشۇ تېمىنى يورۇتتى. ئۇلار ياراتقان پەرھاد - شېرىن، لەيلى - مەجنۇن، ئابىيە - سەئىدىن، نۇزۇگۇم قاتارلىقلار ھېلىمۇ ئۇيغۇر يىگىت - قىزلىرىنىڭ ئۆرنىكى.

ناۋائىي مۇھەببەتنى گۈزەللىك ۋە ساغلاملىقنىڭ ئاساسى دەپ قارىغان. ئۇ مۇنداق يازغان:

كىمگە يەتكەي ئىشق دەردىدىن ئاپەت ئاگاھ،
داغى مېھرى سەلتەنەتتۇر، دەرد ئىزۇر مېھنەت ئاگاھ.

ناۋائىينىڭ «چەھار دىۋان» غا مەنسۇپ شېئىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى پاك مۇھەببەت مەدھىيىسى ئىگىلەيدۇ. تالانتلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ كلاسسىكلار ۋە خەلق قوشاق- لىرىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ مەڭگۈلۈك تېمىنى ئۇيغۇرلارغا خاس مىللىي ئاڭ، مىللىي پسىخىكا ۋە ئادەت تۇيغۇسىدا تۇرۇپ خېلى ئىنچىكە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئۇنىڭ كۆپلىگەن مۇھەببەت لىرىكىلىرى ئىدىيىۋى خاھىش جەھەتتە ساپ، بەدىئىي پىكىر جەھەتتە يېڭىچە، تۈزۈلۈش ۋە ئۇسلۇبتا ئۆزگىچە بول- غاچقا، خەلق ئىچىگە تېز تارقىلىپ كەتكەن. خېلى بىر قىسىم لىرىكىلىرى ئاھاڭلارغا سېلىنىپ ناخشا قىلىپ ئېيتىلماقتا.

«تۈگىمەس ناخشا» نى ت. ئېلىيېۋ شېئىرلىرىنىڭ چوققىسى دېيىشكە، ئۇنى ئۇي- غۇرلارنىڭ مۇھەببەت ئىشلىرىدىكى مىللىي تۇيغۇسىنى، مىللىي ئادەتلىرىنى پۈتۈن- تىك ھالدا يورۇتۇپ بەرگەن ياخشى شېئىر دېيىشكە بولىدۇ. ت. ئېلىيېۋ مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە مەسىلىسى ھەققىدە كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازدى. ئۇ مۇھەببەتنى دۇنيادىكى ئەڭ ئەزىز نەرسە، بىباھا بايلىق سۈپىتىدە مەدھىيىلىدى.

مۇھەببەت تىلى يۈرەككە تالىق،
ئۇ، ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئەۋزەللىكىدىن.
بىنەۋا يىگىت دەپ رەنجىمە مەندىن،
قورقىمەن سۆيگۈنىڭ ئەرزەنلىكىدىن.

(«تاللانغان شېئىرلار» 69 - بەت)

ئۇ مۇھەببەتنى ۋە ئۇنىڭ داۋامى بولغان نىكاھ، ئائىلىنى يۈكسەك ئەخلاق قارىشى، تارىخ قارىشى ۋە گۈزەللىك قارىشى نۇقتىسىدىن ئەكس ئەتتۈردى. ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا تۇرمۇشقا بولغان چوڭقۇر سۆيگۈسى، رەزىللىككە بولغان كۈچلۈك ئۆچمەنلىكى، مۇھەببەتنىڭ كەلگۈسىگە بولغان يۈكسەك غايىسى ئىپادىلەندى.

كېچىكمىدىن يۇلتۇزۇمنى ئىزدەيتتىم،
ھەر ئاخشىمى قايغۇ كېلىپ باسقاندا.
تاپالمىدىم،
توۋا دەيمەن ئۆزۈمگە،
نېمە قىلسۇن مېنىڭ بەختىم ئاسماندا.
مانا ئەمدى باقتىم سېنىڭ كۆزۈڭگە،
خۇشالمەنكى،
زارلانمىسام بوپتىكەن.
كۆزلىرىڭدىن مېنىڭ بەختىم كۆرۈندى،
يانا كېلىپ مېنىڭ بەختىم جۇپ ئىكەن.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بۇ كۇپلېتلاردا شائىرنىڭ تۇرمۇشقا، مۇھەببەتكە بولغان سادىقلىقى، غايىسى ئىپادىلەنگەن. مۇھەببەت قانداقتۇ غايىبتىن ياكى ئاللاھ تەرىپىدىن ھەدىيە قىلىنغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ رېئال تۇرمۇشنىڭ ئىنسانغا بەرگەن سوۋغىسى. ئۇ كىشىگە شادلىق، بەخت ئاتا قىلغۇچى، شۇنداقلا ئۇ شېرىن، يوشۇرۇن ئازاب بەخش قىلغۇچى سېھرىي كۈچ. ئۇ ھاياتقا، ھەتتا تەبىئەتكە گۈزەللىك بېغىشلىغۇچى مەنىۋى تۈرتكە، پەرھادنىڭ تاغلارنى يېرىپ تارىم ۋادىسىغا سۇ باشلىغىنى شەھرىيار مەلىكىسى شېرىنگە بولغان پاك سۆيگۈسىنىڭ كۈچىدىن بولغان. رابىيەنىڭ زالىم دادىسىدىن ۋاز كېچىپ سەئىدىن بىلەن قېچىشى دەل مۇھەببەتنىڭ غالىب قارشىلىق كۆرسىتىش روھىدىن بولغان. شائىرنىڭ كۆپلىگەن مۇھەببەت شېئىرلىرى رېئاللىق بىلەن — ئەمگەك، كۈرەش، ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەت بىلەن بىر گەۋدە سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن.

مۇھەببەت مەڭگۈلۈك ۋارىسچانلىققا ئىگە روھىي بايلىق. ئادەمدە چىن - ھەقىقىي، پاك مۇھەببەت بولغاندا، ئۇ ھەممىگە قادىر بولالىشى مۇمكىن. شۇڭا مۇھەببەت ئەل مىساقتىن بېرى مىللەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي ئېڭى، ئەقىدىسى، گۈزەللىك قارىشى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن چىڭ باغلىنىپ كەلدى. مۇھەببەتنى ئىزھار

قىلىشىنىڭ بەزى ئادەتلىرى نەچچە ئەسىرلىك يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلدى. ياخشى كۆرگەن قىزنى ئىزدەپ، ئىشىك ئالدىدا غەزەل ئېيتىپ يېڭىش، دېرىزە چېكىپ ئىشارەت بېرىش، مەھەللىدىن چىقىپ پىنھان جايدا سىردىشىش — ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئادىتى. شۇڭا مۇھەببەت ناخشىسى — تۈگمەس ناخشا ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىدۇ، ئۈزۈلمەيدۇ. «تۈگمەس ناخشا» دا مۇشۇ چىنلىق، مۇشۇ تۇرمۇش ھەقىقىتى، مۇشۇ مىللىي ئاڭ شائىرنىڭ يۇقىرى تۇرمۇش ئېڭى ۋە سەنئەت سېزىمى بىلەن تولىمۇ نەپىس تەسۋىرلەنگەن. بۇ يەردىكى بوۋاي — ئەجداد، يىگىت — ئەۋلاد. ئېيتىلىۋاتقان مۇھەببەت ناخشىسى — پەقەت ئەجدادتىن ئەۋلادقا قالغان مىراس، خالاس. شۇڭا ھەقلىق يوسۇندا ئېيتىشقا بولىدۇكى، «تۈگمەس ناخشا» بىرىنچىدىن، تۇرمۇشنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ چىنلىق مەنىسىدە ئۇيغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەر. شېئىرنىڭ چىنلىق دەرىجىسى ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن تۇرمۇش ھەقىقىتىنىڭ ئەينەنلىكىگە قارىتىلغان. چۈنكى بۇ شېئىردىكى شېئىرىي مەنزىرە، شېئىرىي ھېسسىيات ۋە بەدىئىي پىكىر چىن، ھەقىقىي بولغاچقا، كىتابخاندا تەبىئىي تەسىرلىنىش، بىر خىل شادىيانە، ئۈمىدۋار كەيپىيات پەيدا بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئەخلاقشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى ئۇيغۇرلارنىڭ پاك، يۇقىرى ئەخلاق قارىشىغا، ئەخلاقىي تۇرمۇش مەنىسىگە ئۇيغۇن. چۈنكى شېئىردا پاك مۇھەببەت مەدھىيىلەنگەن. ئۈچىنچىدىن، گۈزەللىك نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ شېئىر ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىكنى سۆيۈش، گۈزەللىكنى يارىتىشقا بولغان مىللىي سەنئەت ئېڭىغا ئۇيغۇن. مۇھەببەت — گۈزەل نەرسە، ئۇ تۇرمۇش گۈزەللىكنى، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلار گۈزەللىكنى يارىتىدىغان بىر خىل ئىلاھىي كۈچتۇر.

«تۈگمەس ناخشا» دا شائىر ئۇيغۇر تەبىئىتىنىڭ بىر ھۆججەيرىسىنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھەببەت ھېسسىياتىنى بىر ئوت يۈرەك، ناتىۋان يىگىتنىڭ ئوبرازىغا مۇجەسسەملەشتۈرگەن. شائىرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن ئۇرغۇپ چىققان چىن ھېسسىيات بىلەن تويۇنغان بۇ لىرىك ئوبراز بىر ئۆزگىچە تۇرمۇش مەنزىرىسى تەسۋىرى ئارقىلىق روشەنلەشكەن. يەنى بۇ شېئىر شائىرنىڭ چىن ئىچكى تۇيغۇسىنى بىر گۈزەل مەنزىرە تەسۋىرى ئارقىلىق ئوبرازلاشتۇرغان. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، شائىر ئۆزىنىڭ قايناق ھېسسىياتىنى گۈزەل، مۇزىكىلىق كۆرۈنۈش ئىچىدە تەسۋىرلەپ، ئۇيغۇر تۇرمۇشىغا خاس مۇھەببەتنىڭ لىرىك ئوبرازىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان.

شائىر ئۆز شېئىرىدا ھېسسىياتىنى ئۆزى مەدھىيىلىمەكچى، ياكى نەپرەت بىلدۈرمەكچى بولغان شەيئى — ھادىسە ئۈستىگە قويۇشى زۆرۈر. بۇ شائىرنىڭ ھېسسىياتى مەلۇم شەيئى ئوبرازىدا ئىپادىلىنىشى، شۇ شەيئىي ئوبرازى شائىر ھېسسىياتىنى ئىپادىلىشى لازىم دېگەنلىكتۇر، يەنى شېئىردا ھېسسىيات بىلەن مەنزىرە دىئالېكتىكىلىق بىرلىككە كېلىشى لازىم. شېئىرىي ھېسسىيات بىلەن شېئىرىي مەنزىرە بىر گەۋدىگە ئايلانغاندىلا، شېئىر ئەبەدىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولالايدۇ.

شېئىر ئىجادىيىتىدە بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاسان ئەمەس، شۇنداقلا بۇ ھەممىلا

شائىرنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. بۇ خىل بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شائىر تالانتلىق، يۇقىرى كۆزىتىش قابىلىيىتىگە ۋە باي تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە ئەڭ مۇھىمى ئۇ پەيلاسوپلارغا خاس ئىلمىي ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، جەمئىيەت ۋە تەبىئەت دىئالېكتىكىسىنى؛ تۇرمۇش، تەبىئەت بىلەن سەنئەتنىڭ مۇناسىۋەت مەنتىقىسىنى پۇختا ئىگىلىگەن بولۇشى لازىم. چۈنكى شېئىرىيەت سەنئىتىدىكى دىئالېكتىكا، ئەمەلىيەتتە، جەمئىيەت ۋە تەبىئەت دىئالېكتىكىسىنىڭ لىرىك كۆرۈنۈشىدۇر. مۇشۇ كۆرۈنۈش شېئىرىي مەنزىرە بولۇپ، بەدىئىي ھېكمەتكە باي بۇ مەنزىرە شائىرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى بىلەن ئىستېتىك غايىسى سىڭدۈرۈلگەن بەدىئىي مۇھىتتىن ئىبارەت. ت. ئېلىيېۋنىڭ لىرىكىلىرى، بولۇپمۇ «تۈگىمەس ناخشا» سىنىڭ ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان سېھرىي كۈچى دەل ئۇنىڭدىكى شېئىرىي ئوبرازنى روشەنلەشتۈرگەن، كىتابخاننى تەسىرلەندۈرگەن گۈزەل مەنىۋى مۇھىتتۇر.

3

قانداق قىلغاندا شېئىرىي ئەسەرلەردە، بولۇپمۇ ئىنسان تەبىئىتى ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەردە شېئىرىي ھېسسىيات بىلەن شېئىرىي مەنزىرىنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى توغرا بىرتەرەپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇستەھكەم بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟

بۇ بىر قېيىن ئىجادىي خىزمەت. بۇنداق قېيىن، مۇرەككەپ ئىجادىي خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن زاماننىڭ ۋە مىللىي روھنىڭ ۋەكىلى بولالايدىغان پەيلاسوپ — شائىرلارلا چىقالايدۇ. چۈنكى بۇنداق شائىرلار ھەم ئۇلۇغ، ھەم تالانتلىق. ت. ئېلىيېۋنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، شېئىر سەنئىتىنىڭ دىئالېكتىكىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مۇنداق بىرقانچە نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى، ئالدى بىلەن شائىردا ئۆز دەۋرىگە ۋە ئۆز خەلقىگە، جۈملىدىن ئۆز زامانداشلىرىغا، ئۆز ۋەتىنى ھەم يۇرتىنىڭ تەبىئىتىگە چوڭقۇر ھېسسىيات بولۇشى زۆرۈر. چۈنكى ھەقىقىي شېئىر، ئەل پەيزى ئۈچۈن يېزىلغان مۇزىكىدەك يېقىملىق شېئىرلار مۇشۇنداق چىن، پاك، چوڭقۇر ھېسسىياتتىن تۇغۇلىدۇ. بۇنداق شېئىرلاردا ئۇرغىغان شېئىرىي ھېسسىياتمۇ شائىر مەنسۇپ بولغان ئەل - يۇرتنى، زامانداشلارنى ھاياجانغا سېلىپ، ئۇلارغا جەسۇرلۇق ۋە شادىيانىلىق بېغىشلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا كىلاسسىكلار «شائىرسىز يۇرت — بۇلبۇلسىز چىمەن، يۇلتۇزسىز ئاسمان بولماس» دەپ، شائىرلارنى ئۇلۇغلىغانىدى. شائىر يۇرتنىڭ بۇلبۇلى، ئاسماننىڭ يۇلتۇزى بولۇشقا تىرىشقاندا، ئاندىن ئۇ نادىر شېئىرلارنى يازالايدۇ.

ئىككىنچى، شائىر ئۆزىدىكى قىياس، كۆزىتىش ۋە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى تەربىيىلەپ ئۇنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈشكە، كامالەتكە يەتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىكى شېئىرىي پۇراققا باي، بىرلا كۆرۈش بىلەن ئادەمگە كۈچلۈك ئىستېتىك تۇيغۇ بېغىشلايدىغان شەيئىلەرنى، ھادىسىلەرنى، كۆرۈنۈشلەرنى بايقاشقا ماھىر بولۇپ، ئۇلارنى شېئىرغا يارىشىملىق كىيىم، زىبۇ - زىننەت قىلىشى كېرەك.

چۈنكى شېئىرىي پۇراققا باي بۇ خىل شەيئى، ھادىسە، كۆرۈنۈشلەر شېئىردا يارىتىل-
غان شېئىرىي مەنزىرىنىڭ ئوبيېكتىپ ماددىي ئاساسى، يەنى بۇ نەرسىلەر ئاساسىدا
تۇرمۇشتىكى ۋە تەبىئەتتىكى شېئىرىيەت بولۇپ، ئۇنىڭدا مىللىيلىك ۋە
جۇغراپىيىلىك ئالامەتلەر قويۇق. شۇڭا بۇ خىل شەيئىلەر، ھادىسە، كۆرۈنۈشلەر
شېئىرىي ئوبرازغا جەزبىدارلىق ۋە خاسلىق بېغىشلايدۇ.

ئۈچىنچى، شائىر شېئىرنى زورۇقۇپ يازماي، ئۇرغۇپ تۇرغان ئىلھام ئاستىدا
يېزىشى كېرەك. ئەي چىڭ ئېيتقاندەك، شېئىر قانچىكى زورۇقۇپ يېزىلسا، كىتابخان
ئۇنى شۇنچە زورۇقۇپ ئوقۇيدۇ. مەلۇمكى ئىلھام بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ مۇھىم ئامىلى
بولۇپ، ئۇ شائىرنىڭ ئىجادىي خىزمىتىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. «قۇتادغۇ
بىلىك» ھەققىي ئىلھام بىلەن يېزىلغاچقا، 1000 يىلدىن بېرى ئۆزىنىڭ سېھرىي
كۈچىنى يوقاتمىدى. نەۋائىينىڭ بىر مىليون مىسرادىن ئارتۇق شېئىرلىرى يانار
تاغدەك پارتلىغان ئىلھامدىن چاچراپ چىققان ئۇلۇغ ئوت ئېقىمى بولغاچقا، ھازىر-
غىچە ئۆز ھارارىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

بۇ خىل ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىلھام پەقەت شائىر كىشىلىك ۋە تەبىئەت دۇنيا-
سىدىكى ھەر خىل جەزبىدار كۆرۈنۈشلەردىن تەسىرلەنگەندىلا قوزغىلىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇ-
دىدا بىر خىل مەنىۋى كەيپىيات يارىتىدۇ. بۇ يېزىقسىز شېئىرىي ئوبراز ياكى يېزىق-
سىز شېئىرىي مۇھىت بولۇپ، بۇ بوغۇم، مىسرا، رىتىم، تۇراق، قاپىيىلەر ئارقىلىق
مەيدانغا كېلىدىغان شېئىرىي مۇھىتنىڭ سۇبيېكتىپ ئاساسى. مۇشۇ سۇبيېكتىپ مەنىۋى
مۇھىت بىلەن ئوبيېكتىپ دۇنيا كۆرۈنۈشلىرى زىچ بىرلەشكەندىلا، ئاندىن ھەققىي
شېئىرىي ئوبراز شەكىللىنىدۇ.

تۆتىنچى، شائىر ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىتىدىكى ماھىيەتلىك بەلگىلەرنى بايقاپ،
ئۇلارنى چىڭ ئىگىلەپ، بۇ بەلگىلەرنى شېئىرىي ئوبرازغا ئايلاندۇرۇشقا كۆپرەك كۈچ
سەرپ قىلىشى لازىم. ھېسسىيات — شېئىرنىڭ جېنى، ئەلۋەتتە، شۇڭا شېئىرنى ھېس-
سىياتتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. لېكىن بىر تەرەپتىن، ھېسسىياتنى ئەقىلدىن،
ئىنساننىڭ ئەسلى ماھىيىتىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، شېئىردا
كۆپرەك ئومۇمىي ئىنسان تەبىئىتىگە ياتىدىغان ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئەكس ئەتتۈرۈلسە
بۇنداق شېئىرلارنىڭ ئۆمرى ئۇزاقراق بولىدۇ.

بەشىنچى، شېئىرىي ئىجادىيەتتە شېئىرىي تىل ئۈستىدە پۇختا ئىشلەش لازىم.
مەلۇمكى شېئىرىي ھېسسىيات، شېئىرىي مەنزىرىنىڭ ئورگانىك بىرلىكىسى بولغان شېئىرىي
ئوبرازنىڭ گۈزەللىكىنى مۇزىكىدىكى ھېسسىيات، مەنزىرە ۋە مۇزىكا گۈزەللىكى
بىلەن تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن. بۇ ھەقتە بېلىنىسكىي: «شېئىرنى پەقەت مۇزىكا بىلەن
سېلىشتۇرۇش مۇمكىن. ھەتتا شۇنداق لىرىك ئەسەرلەر باركى، ئۇلاردا پوئېزىيىنى
مۇزىكىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان چېگرا تەخمىنەن يوقىلىپ كېتىدۇ» («بېلىنىسكىي ئەسەرلە-
رىدىن تاللانما»غا قارالسۇن) دېگەنىدى. شېئىرىي ئەسەرلەردە مۇزىكا تىلى بىلەن تەڭلە-
شىدىغان گۈزەللىك شېئىرىي ھېسسىيات بىلەن شېئىرىي مەنزىرىنىڭ ئورگانىك

بىرلىكى بولغان شېئىرىي ئوبرازلارغا مۇجەسسەملەشكەن بولىدۇ. لېكىن بۇ خىل شېئىرىي ئوبرازلى ياردىمىدىغان بەدىئىي ئامىل شېئىرىي تىلدۇر. شېئىرنى مۇزىكىدەك گۈزەل، مۇزىكىدەك تەسىرچان قىلىدىغان ئاساسىي ماتېرىيال مۇھېسسىياتقا تويۇنغان ئېلاستىك، دولقۇنسىمان ۋە كارمونىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە تىلدۇر. بۇ، ئەلۋەتتە يالتىراق، ئەمما مەزمۇنى پۇچەك، دەبدەبىلىك سۆز - ئىبارىلەر بولماستىن، بەلكى شېئىرىي ھېسسىيات بىلەن شېئىرىي مەنزىرە بىرلىكىدە ئىپادىلىنىدىغان چىنلىقنى، ياخشىلىقنى ۋە گۈزەللىكنى نامايان قىلغۇچى تەبىئىي، جانلىق، ئوبرازلىق شېئىرىي جۈملىلەردۇر. شېئىرنىڭ ھەر بىر سۆزى، بوغۇمى، تۇراق، رىتىملىرى خۇددى ئېسىل مۇزىكىدەك ئاھاڭدارلىققا ئىگە بولسا، مۇقەررەركى، بۇ خىل شېئىرىي جۈملىلەر كىتابخانىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتەلەيدۇ، «تۈگىمەس ناخشا»نىڭ تىلىنى پەقەت ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن. دېمەك، شېئىرىي تىل شېئىرىي ئامىللارغا قانچىلىكى باي بولسا، بولۇپمۇ قانچىلىكى ھېسسىياتچان بولسا، شېئىردا ئىپادىلەنگەن شېئىرىي ھەقىقەت ۋە شېئىرىي گۈزەللىك شۇنچە گەۋدىلىك بولىدۇ. ئومۇمەن شېئىرىي تىل شېئىرىي ھېسسىياتنى شېئىرىي مەنزىرە ئىچىدە ئەكس ئەتتۈرىدىغان، شېئىرىي مەنزىرىنى ھېسسىيات ئېكرانىدا كۆرسىتىدىغان، ئەڭ پاساھەتلىك تىلدۇر.

دەۋرىمىز ۋە مىللىتىمىز ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تارىخىي باسقۇچىدا تۇرماقتا. شائىر ۋە شېئىرىيەت دەۋر ۋە مىللەتنىڭ يېڭى ئېڭىغا، يېڭى تەرەققىيات سۈرئىتىگە ماسلىشىشى لازىم. شېئىرىي ئىجادىيەتنى تار رامكىلاردىن، ئۆلۈك نورمىلاردىن، شۇئارۋازلىقتىن، ئۇقۇملاشتۇرۇشتىن، ئاددىيلاشتۇرۇشتىن تولۇق ئازاد قىلىپ، شېئىرىي ئىجادىيەتنى ئۆز رىتىمى، ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە راۋاجلاندۇرۇپ، «تۈگىمەس ناخشا»غا ئوخشاش ئۆلمەس شېئىرىي ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلايلى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم



## دۇنيا ئەدەبىياتى ئېقىملىرىغا نەزەر

مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتى 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇزىنچى يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا ئەۋج ئالغان ئەدەبىيات ئېقىمى بولۇپ، قىرىقىنچى يىللاردا، بولۇپمۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن راۋاجلىنىپ تازا قىيامىغا يەتتى. كېيىن فرانسىيە ۋە ياۋروپاغا تارقىلىپ، پۈتۈن دۇنياغا كېڭەيدى. مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىل يازغۇچىلىرى ساترى، كامۇس ۋە سىمونې دې بوۋار لاردىن ئىبارەت.

ساترى مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ تۇنجى بايراقدارى. ئۇ 1936 - يىلى «تەسەۋۋۇر» دېگەن پەلسەپىۋى ئەسىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، 1938 - يىلى يەنە «يىرگىنىش» دېگەن ھېكايىسىنى ئېلان قىلىپ، بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ھايات بىلەن «مەۋجۇدىيەت»كە بولغان بىر قاتار كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ كۆز قاراشلار ئەمەلىيەتتە مەۋجۇدىيەتچىلىكنىڭ نېگىزلىك نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچى يىلى ئېلان قىلىنغان «تام» ناملىق پوۋېستلار توپلىمىدا بۇنداق پەلسەپىۋى ئىزدىنىشلەرنى داۋاملاشتۇردى.

ساترى 1943 - يىلى ئېلان قىلغان پەلسەپىۋى ئەسىرى «مەۋجۇدىيەت ۋە يوقلۇق» تا ئۆزىنىڭ مەۋجۇدىيەتچىلىك نۇقتىئىنەزەرىنى سىستېمىلىق بايان قىلدى. 1924 - يىلى كامۇس ئېلان قىلغان «مۇناسىۋەتسىز ئادەم» ئىنتايىن زور تەسىر قوزغىدى. بۇ ھېكايىنىڭ ئىجادىيەت خاھىشى بىلەن ساترىنىڭ ئىجادىيەت خاھىشى ئوپمۇ ئوخشاش. ئوبزور ساھەسى بىر يېڭى ئەدەبىي ئېقىم — مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىي ئېقىمى بارلىققا كەلدى، دەپ ھېسابلىدى.

بۇ، پەلسەپە جەھەتتە، كەڭ كۆلەمدىكى خەلقئارالىق ئىدىيەۋى ئېقىم بولۇپ، دانىيىلىك كېيىركېگار (1813 — 1855) بۇ ئېقىمنىڭ پىرى، ئۇ «ھەسرەت نۇقتىئىنەزەرى» دېگەن ئەسىرىدە مەۋجۇدىيەتكە ئۈمىدسىزلىك بىلەن قارايدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى گېرمانىيە پەيلاسوپلىرى خوسسېل (1859 — 1938)، جاسپېرېس (1883 —)، ھېيدگىرلار (1881 —) كېيركېگارنىڭ نەزەرىيىسىنى راۋاجلاندۇردى، ئۇلار مەۋجۇدىيەتنى ھادىسەشۇناسلىق ۋە ئەينىيەت نەزەرىيىسى ئارقىلىق شەرھىلەپ، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەۋجۇدىيەت بىلەن ماھىيەتنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىپ ئاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تەكىتلىدى. ساترى ئۇلارنىڭ نەزەرىيىسىگە ئاساسەن: «مەۋجۇدىيەت ماھىيەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ» دېگەن مەشھۇر تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويدى. ساترى بىر تەرەپتىن ھايات بىمەنە - ئەھمىيەتسىز نەرسە دەپ قارىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئادەمنىڭ مەۋجۇدىيەت قىممىتىنى ئېتىراپ قىلىپ، «ئادەم ئەركىن يارالغان»، مۇھىمى ئەركىنلىكنى «تاللاش» ۋە ئۇنى «ھەرىكەت»كە ئايلاندۇرۇش» دەپ

قارايدۇ. ئەمما ساترى غەيرىي ئەقلىيلىك نۇقتىئىنەزەرىنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، ئادەم ئەركىنلىكىنى تاللاش جەريانىدا جەمئىيەت ۋە سىنىپنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك دەپ قارايدۇ. كامۇس ئوتتۇرىغا قويغان مەۋجۇدىيەتچىلىك دۇنيا بىمەنە نەرسە، ئادەملەر ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىش كېرەك دېگەننى تېخىمۇ تەشەببۇس قىلىدۇ.

فرانسىيە مەۋجۇدىيەتچىلىرى ئەدەبىيات ئىجادىيىتىگە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلدى. ئۇلار ئەدەبىي ئەسەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى شەرھىلىدى. ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ياشلارنىڭ بىزارلىقى ئىپادىلەندى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئوبرازلىقلىقىدىن پەلسەپىۋىلىكى كۈچلۈك بولۇپ، مۇتامىدىنۇ تۆۋەن بولدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بۇنداق ئەھۋال ئۆزگەردى. ساترىنىڭ «بۈگۈنكى زامان» ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى سانىدا ئېلان قىلىنغان «خاھىشچانلىق ئەدەبىياتنى قولغا كەلتۈرەيلى» دېگەن ماقالىسى يازغۇچىلارنىڭ رېئاللىقىغا پائال ئارىلىشىش پوزىتسىيىسىگە ۋەكىللىك قىلدى. ساترى «ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ چاقىرىقنامە ئىكەنلىكىدە»، ئەدەبىيات روشەن خاھىشچانلىققا ئىگە بولۇشى، فاشىزمغا، بۇرژۇئازىيە ئەخلاقى ۋە نامۇۋاپىق ھادىسىلەرگە قارشى تۇرۇشى كېرەك دەپ ھېسابلىدى. ساترى كېيىن يەنە: «يازغۇچىلار زور كۆپچىلىك — يەنى ئىككى مىليارد نامرات تەرىپىدە تۇرۇشى لازىم» دەپ جاكارلىدى. بۇ مەزگىلدىكى مەۋجۇدىيەتچى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەمىشە زور ئىجتىمائىي سىياسىي مەسىلىلەرگە چېتىلىپ، ئۇلارنىڭ روشەن ئىدىيىۋى مەيدانىنى ئىپادىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەۋجۇدىيەتچى يازغۇچىلار ئىنسانپەرۋەرلىكنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، «ئىنسان قىممىتى»نى قوغدايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ساترىنىڭ «مەۋجۇدىيەتچىلىك بىر خىل ئىنسانپەرۋەرلىك» (1946) دېگەن كىتابچىسى خىتابنامە بولدى. مەۋجۇدىيەتچى يازغۇچىلار ئىنسانپەرۋەرلىكنى قورال قىلىپ، رەزىل ھادىسىلەرنى ئەيىبلىدى ۋە تەنقىد قىلدى، بۇ نۇقتۇل ئىنسان قىممىتى نۇقتىئىنەزەرى ئارقىلىق خورلانغانلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە قارىغاندا تېخىمۇ پايدىلىق ۋە كۈچلۈك ئىدى.

مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتى بەدىئىي جەھەتتە ئۇنىڭەنئەنىۋى، جۇملىدىن ئىلگىرىكى مودېرنىزم ئۇسۇلىنى بار كۈچى بىلەن بۇزۇپ تاشلايدۇ، ئەدەبىي ئەسەرلەرگە يۈكسەك دەرىجىدىكى پەلسەپىۋىلىكنى سىڭدۈرىدۇ، ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ مۇرەككەپلىكى، ئەگرى - توقايلىقى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ، پېرسونازنىڭ روھىي ھالىتى ئۈستىدە پەلسەپىۋى مۇھاكىمە يۈرگۈزىدۇ، مەجازلىق ياكى مىتافورىلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىدۇ. گەرچە بۇنداق شەكىل سىرلىق ۋە چۈشىنىكسىزرەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تىلى چۈشىنىشلىك ۋە ئىخچام، ئېغىز تىلى شەكلىدىكى تىل بولغاچقا «دەبدەبىلىك، ھەددىدىن زىيادە بېزەلگەن» تىللارنى قوللانمايمۇ ئەقلىيە سۆزلەرنىڭ ئۇنۇمىدەك ئۈنۈم پەيدا قىلالايدۇ.

ئالبېرت كامۇس (فرانسىيە)

# جىمىغۇر ئادەم

(ھېكايە)

ئارا قش، شەھەر قاق سەھەردىلا
قاينام ـ تاشقىنلىقتا چۆمۈپ كەتتى، مەر-
مەردەك ئوچۇق بىر كۈن يەنە باشلىنىپ،
قىرغاقنىڭ تۈگىگەن يېرىدە ئاسمان بىلەن
دېڭىز بىر تۇسكە كىرگەنىدى. ئىۋارنىڭ
بۇلارنى كۆرۈشكە ھەپىلىسى يوق ئىدى.
ئۇ تۆۋەنگە قاراپ ماڭسا دېڭىز غار
غالتىسىدىكى سايىۋەنلىك يوللارنى كۆرە-
لەيتتى، ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتىنى تېپىپ
كېتىۋاتقان پۇتلىرى قولاشمايتتى. ئۇنىڭ
ئاشۇ ئاقساق پۇتى ۋېلىسىپىتنىڭ پېدالى
ئۈستىدە قىمىر قىلماي تۇراتتى، يەنە بىر
پۇتى بولسا مىڭ بىر ھەرەج تارتىپ تازا
كۆچىمەكتە ئىدى. شېغىللىق يول نەم
بولغاچقا مېڭىش تولىمۇ تەس ئىدى. ئۇ
بېشىنىمۇ كۆتۈرمەيتتى، ۋېلىسىپىتتە
تولىمۇ ئىنجىماروۇق كۆرۈنەتتى، ئۆزىنى
كونا تىرامۋاي يولىدىن چېتىنىڭ بارىچە
قاچۇراتتى، رولىنى شارتتىدە بۇراپ
ئۆزىگە يېتىشىۋالغان ئاپتوبۇسقا يول
بېرەتتى. ئۇ بېلىگە ئېسىۋالغان بوغچى-
سىنى توختىماستىن جەينىكى بىلەن
تۈرتۈپ قوياتتى، فېرناند بوغچىغا چۈش-
لۈك تاماق سېلىپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇ
بوغچىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى تولىمۇ
كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئەسلىدى. ئىككى
پارچە بولكا ئارىسىغا سېلىنغىنى ئىسپانچە
پەشۇرۇلغان ياغ تۇخۇمىمۇ، قورۇۋالغان كالا
قوۋۇرغىسىمۇ ئەمەس بەلكى پەقەت پىشلاقلا
ئىدى. ئۇ ئىشقا بارىدىغان يولنىڭ بۇنچە-
لىك ئۇزاقلىقىنى ئەزەلدىن ھېس قىلىپ
باقمىغانىدى. ئۇمۇ بارغانسېرى قېرىۋا-
تاتتى. قىرىق ياشقا كىرىش بىلەنلا،
ئۇنىڭ تېنى خۇددى ئۈزۈم غولىدەك قاق-
شال بولۇپ، مۇسكۇللىرى ھاياتىي كۈچىنى
ئۇنچىۋالا تېزلىك بىلەن ئەسلىگە كەل-
تۈرەلمىدى. بەزى چاغلاردا ئۇ تەنتەر-
بىيە گېزىتلىرىدىن ئوتتۇز ياشلىق تەن-
ھەرىكەتچىلەرنىڭ پېشقەدەم ئەزىمەتلەر
دەپ ئاتالغىنىنى ئوقۇپ مۈرىسىنى چىقى-
رىپ قوياتتى. ـــ ناۋادا بۇلار پېشقەدەم
ئەزىمەتلەر دېيىلىدىغان بولسا، ـــ دەيتتى
ئۇ فېرناندقا، ـــ ئۇ چاغدا مەنچۇ؟ مەن
ئۆزۈمنى يەردە ياتقان مەغلۇپ بولغان
ئەزىمەت دېسەم بولغۇدەك. بىراق ئۇ
مۇخبىرنىڭ يازغانلىرىنىڭ پۈتۈنلەي
خاتا ئەمەسلىكىنىمۇ بىلەتتى. ئوتتۇز
ياشقا كىرگەندە، ئادەمنىڭ دېمى ئۆز-
ئۆزىدىنلا قىسقىراپ قالاتتى. قىرىق ياشقا
كىرگەندە بولسا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ
قالمىغان تەقدىردىمۇ، لېكىن يېتىپ قال-
دىغان كۈنلەر ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ

قويۇلاتتى. دەل شۇنداق بولغانلىقى
ئۈچۈن، ئۇ ئۆزۈلدىن بۆيان، شەھەرنىڭ
ئۇ بېشىدىكى سوغا زاۋۇتىغا بارىدىغان
يولدا كېتىۋېتىپ، دېڭىزغا نەزەر سال-
ماس بولمىغانمىدى؟ ئۇ يىگىرمە ياش
چاغلىرىدا دېڭىزغا قاراپ تويمايتتى،
دېڭىز ئۇنىڭغا سەن مېنىڭ ساھىلىمدا
شېكەر شەنبىنى ئۆتكۈزىسەن دەپ ۋەدە
بېرەلەيتتى. ئۇ ئاقساق بولۇپ تۇرۇقلۇق،
بەلكىمبا دەل شۇ ئاقساقلىقىدىن ھەممىشە
سۇ ئۈزۈشنى ياخشى كۆرەتتى. يىللارنىڭ
كەينىدىن يىللار ئۆتتى. ئۇ فېرنانداقا
ئۆيلىنىپ بىر ئوغۇل كۆردى، جان بېقىش
ئۈچۈن شەنبە كۈنلىرىمۇ سوغا زاۋۇتىدا ئۇس-
تىلمە ئىش ئىشلىدى، يەكشەنبە كۈنلىرى
خەقلەرنىڭ ئىش-كۈشلىرىگە قارىشىپ بەر-
دى. ئۇ كونا ئادىتىنى پەيدىنپەي تاشلاپ
قاتىلاڭچىلىق بولسىمۇ قانائەتلىنەرلىك
كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ يۇرتىدا
تېرەن ۋە سۈزۈك دېڭىز، ئۆتكۈر قۇياش،
قىز-جۇۋانلار، دىقسىرىغان تەندىن باشقا
بەخت يوق ئىدى. ئەمما بۇ بەخت ياشلىق
بىلەن بىللە كەلمەسكە كەتكەنىدى.
ئىۋار دېڭىزنى يەنىلا ياخشى كۆرەتتى،
شۇغىنىسى ئۇ پەقەت ھەممە سۈيى
دېگۈدەك كۆك رەڭگە ئايلانغان كۈندۈزكى
چاغدىكى دېڭىزنىلا ياخشى كۆرىدىغان
بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئىشتىن چۈشكەندىن
كېيىن، فېرناند دەزماللاپ بەرگەن
پاكىز كۆڭلىكىنى كىيىپ، ساپلا كۆپۈك
قايناپ تۇرىدىغان بېدىيان ھارىقىدىن
بىر قەدەھ قېقىۋالاتتى-دە، ئۆينىڭ
ئالدىدىكى سۇپىدا ئولتۇراتتى. ئۇ
چاغلار نەقەدەر گۈزەل ئىدى-ھە! تۈن
پەردىسى يېپىلماقتا ئىدى. ئاسمان قەس-
رىدە شۇنچىلىك قىسقا بىر ئەسنا ئىچىدە
مەۋج ئۇرۇپ ئۆتىدىغان خۇش بۇي تىنىق
بار ئىدى. ئىۋار بىلەن ھال-مۇڭ
قىلىشىۋاتقان قوشنىلىرىمۇ بىردىنلا ئۈنى-
لىرىنى پەسەيتىشەتتى. بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىدى-
نىڭ بەختلىك ياكى بەختلىك ئەمەس-
لىكىنى، يىغلىغۇسى كېلىۋاتقان، كېلى-
ۋاتمىغانلىقىنى بىلمەيتتى. قانداقلا
بولمىسۇن ئۇنىڭ كۆڭلى پۈتۈن ئىدى،
ئۇ قىلىشقا ئېھتىياجلىق ھېچنېمە يوق
ئىدى. ئۇ نېمىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى
بىلمىسىمۇ، ئۈن-تىنسىز جىمجىت
كۈتەتتى.

سەھەردە ئىشقا بارىدىغان چاغدا
بولسا ئۇنىڭ دېڭىزغا بارغۇسى كەلمىدى.
دېڭىز كۆڭۈللۈك ئۇچرىشىشنىڭ تازا باپ
ماكانى ئىدى، شۇڭا ئۇ دېڭىز سەيلى-
سىگە گۈگۈم چۈشكەندە بارماقچى بولدى.
سەھەردە ئۇ روھىي چۈشكۈن ھالدا
ۋېلىسىپىتكە مىندى، ۋېلىسىپىت ئۇنىڭغا
ھەر قاچانقىدىنمۇ ئېغىر كەلمەكتە ئىدى،
ئۇنىڭ قەلبىمۇ ئوخشاشلا ھەسرەتلىك
ئىدى. تۈنۈگۈن كەچتە ئۇ يىغىنغا باردى،
يىغىندا ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش
جاكارلانغانىدى. — ئۇنداق بولسا، —
دەيتتى فېرناند شادىيانىلىق بىلەن، —
خوجايىن ئىش ھەققىڭلارنى ئۆستۈرۈشكە
ماقۇل بولغان ئوخشىمامدۇ؟ خوجايىن
ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈشكە ئىللا-بىللا
ئۇنىمىدى، ئىش تاشلاش مەغلۇپ بولدى.
ئۇلار ئۆزلىرى ئېلىپ بارغان ھەرىكەت-
نىڭ بىر يەردىن چىقمىغانلىقىنى
ئىختىيارسىز تەن ئالدى. بۇ بىر
قېتىملىق دەردىنى چىقىرىۋالىدىغان ئىش
تاشلاش ئىدى، ئىشچىلار ئويۇشمىسىنىڭ

بۇ ئىش تاشلاشتىن داچىپراق تۇرغاندىلىقىنىڭمۇ ئۆزىگە چۈشلۈق توغرا يېرى بار ئىدى. دېمىسىمۇ ئۇن بەش ئىشچى ھېچنېمىگە دال بولمايتتى. ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى باشقا سوغا ياساش ئىشچىلىرىنى نەزەردە تۇتقان، ئۇلار بولسا ھەرىكەتكە كەلمىگەنىدى. ئۇلارنى ئۈنچىۋالا ئەيىبلەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى. سوغا ياساش سانائىتى كېمىسازلىق سانائىتى بىلەن ماي ماشىنىسى ياساش سانائىتىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كېلىپ، بىزەمۇ روناق تاپالمايۋاتاتتى. كىچىك سوغا بىلەن چوڭ ھاراق سوغىسىغا بولغان ئېھتىياج بارغانسېرى ئازايماقتا ئىدى. ھېلىقى چوڭ سوغىلار ھەمىشە ياساپ-تۈزەپ ئىشلىتىلەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، خوجايىنلار تىجارەتنىڭ ئاقمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەتكەن بولسىمۇ يەنىلا بىر بۆلەك پايدىنى ساقلاپ قېلىش كويىدا ئىدى. ئۇلار مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئەڭ ئاددىي تەدبىر ئەڭ ياخشىسى ئىش ھەققىنى مۇقىم ساقلاپ تۇرۇش كېرەك دەپ ھېسابلايتتى. ناۋادا سوغىچىلىق سانائىتى سوغا چىلاشسا، ئۇ چاغدا سوغا ياساش ئىشچىلىرى قانداق قىلىدۇ؟ مىڭ تەسلىكتە ئۆگەنگەن ھۈنەرنى تاشلىۋەتكىلى بولمايتتى. سوغىچىلىقنى ئۆگەنمەك بەكمۇ تەس، يەنە كېلىپ بۇ ھۈنەرنىڭ شاگىرتلىق مەزگىلى بەكمۇ ئۇزاق ئىدى. ئۇستا بولۇش ئۈچۈن، ئېگىلگەن ئاختايلارنى قۇراشتۇرۇپ، تۆمۈر چەمبەرنى ئوتتا قىزدۇرۇپ چىڭ چەمبەرلىيەلەيدىغان بولۇشى لازىم ئىدى. سوغىنى لافنىيە پالمىسىنىڭ تالاسى ياكى كەندىر كۆكۈنى ئىشلەتمەيدۇ بىر تامچە سۇ ئاقمايدىغان قىلىپ ياسىيالايدىغان ئۇستىلار تولىمۇ ئاز ئۇچرايتتى. ئىۋار بولسا بۇ ھۈنەرنى تولۇق ئىگىلىگەنىدى. ئۇ بۇ ھۈنىرى بىلەن پەخىرلىنەتتى. كەسپىنى ئۆزگەرتىشقۇ ھېچقانچە گەپ ئەمەس، ئەمما تىلىنى سۇدەك بىلىدىغان ھۈنىرىنى ئۆزگەرتمەك ئوڭايغا چۈشمەيتتى. ئاسان ئېرىشكىلى بولمايدىغان بۇ ئېسىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن، خەقلەرنىڭ قاش-قاپىقىغا قاراپ ئاچچىق يۇتۇشقا توغرا كېلەتتى. ئاچچىق يۇتماقمۇ ئاسان گەپ ئەمەس-تە. چاتاق شۇ يەردىكى، بۇنداق قىلىشتا لام-جىم دېمەسلىك، سودىلاشماسلىق كېرەك ئىدى، شۇڭا ھەر كۈنى سەھەردە تالاجۇقان ھالدا ئىشقا بېرىپ، ھەپتە توشقاندا خوجايىنىنىڭ بەرگىنىنى ئالىدىغان گەپ ئىدى، شۇغىنىسى بۇ پۇل بارغانسېرى خىراجەتكە چىقىش قىلمايۋاتاتتى.

شۇڭا ئىشچىلارنىڭ قەھرى-غەزىپى قايناپ تاشقانىدى. دىلىغول بولۇپ تۇرغان ئىككى-ئۈچ ئىشچى خوجايىن بىلەن بولغان بىرىنچى قېتىملىق سۆھبەتتىن كېيىنلا قەھرى-غەزەپكە كەلگەنىدى. ئىشلىسەڭلار مانا، ئىشلىمىسەڭلار ئەنە، دېگەنىدى خوجايىن ئۇلارغا سوغۇقلا قىلىپ.

— بۇ نېمە دېگىنى؟ ئۇنىڭ نېمە خىيالى باردۇ؟ — دەيتتى ئېسبوستو، — گېلىمىزنى تىكىپ قويامدىكەنمىز؟ ئەمما خوجايىن بۇندىن ئىلگىرى ئەسكى ئادەمدەك قىلمىغانىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ مىراسخورى بولۇپ، زاۋۇتتا چوڭ بولغان، بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئىشچىلارنىڭ

هەممىسى بىلەن دېگۈدەك تونۇشۇۋالغا-
نىدى. بەزىدە ئۇ ئىشچىلارنى زاۋۇتقىلا
تاماققا تەكلىپ قىلاتتى-دە، ساردىن
بېلىقى كونسېرۋاسىنى ئاچقۇزاتتى ياكى
بولمىسا سورلەنگەن چوشقا قېنىنى
قىرىنداق ئوتىدا قىزىتىپ هاراققا زاكوسكا
قىلدۇراتتى. ئۇ بۇ ئىشلاردىن بىزەمۇ
زېرىكمەيتتى. يېڭى يىل كېلىشى بىلەنلا
ئۇ هەربىر ئىشچىغا ئېسىل هاراقتىن
بەش شىشە تەقدىم قىلاتتى، ئىشچىلار
ئاغرىپ قالسا، ياكى توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-
يېتىم دېگەندەك چوڭ ئىشلار بولۇپ
قالسا ئۇ ئىشچىلارغا هەممىشە بىر يۇرۇش
كۆمۈش جابدۇق سوۋغا قىلاتتى. قىزى
تۇغۇلغاندا ئۇ هەربىر ئىشچىغا كەمپۈت
تارقىتىپ بەرگەنىدى. ئۇ ئۇلارنى دېڭىز
بويىدىكى قورۇقىغا ئىككى-ئۈچ قېتىم
ئوۋغا چاقىرغانىدى. دېگەن بىلەن،
ئۇ بۇرۇن ئۆز ئىشچىلىرىنى تولىمۇ
ياخشى كۆرەتتى، هەممىشە دادىسىنى
ئەسلەپ دادام ئىشنى شاگىرتلىقتىن
باشلىغان دەيتتى. شۇڭىسى ئۇ ئەزەل-
دىن ئىشچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ
باقمايتتى، بۇ ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپمۇ
چىقمايتتى. ئۆزىنىلا خىيال قىلاتتى،
ئۇ ئۆزىنىلا خىيال قىلغاچقا هالا بۈگۈنكى
كۈنگە كەلگەندە ئاغزىدىن ئىشلىسەك
مانا، ئىشلىمىسەك ئەنە دېگەن گەپ
چىققانىدى. باشقىچە ئېيتقاندا ئۇ بۇ دو-
رەم جاھىللىقتا هەددىدىن ئېشىپ كەت-
كەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ دېگىنىنى
قىلىدىغان ئادەم ئىدى.

ئىشچىلار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ
ئارزۇسىغا خىلاپ ئىش قىلغاچقا زاۋۇت
تاقىلىپ قالغانىدى. — سىلەر ئىشچىلار
چارلاش ئەترىتىنى تەتۈر قىينىماڭلار، —
دېگەنىدى خوجايىن، — ئىشقا چۈشمە-
سەڭلار پۇلۇم يانچۇقۇمدا قېلىۋېرىدۇ.
بۇ ئۇنىڭ يۈرەك سۆزى ئەمەس ئىدى،
ئۇ ئىشچىلارغا يۈزتۇرانە تۇرۇپ مەن
سىلەرگە شەپقەت قىلىپ ئىش بېرىۋا-
تىمەن، ئىشقا چىقمىساڭلار ئىشسىزلار
چاتاق، دېگەنىدى. ئېسبوستو غەزەپ-
لەنگىنىدىن تىترەپ كەتتى-دە، خوجا-
يىنغا هۆرپەيگىنىچە: — ئادەم ئەمەس
ئىمىكەنسەن، — دېدى. خوجايىنىڭمۇ قېنى
قىزىپ ئەرۋايى ئۇچتى، باشقىلار بولدى
قويۇڭلار دەپ ئىككىسىنى ئايرىۋېتىشتى.

بۇ هال ئىشچىلارغا چوڭقۇر تەسىر
قىلدى. ئىش تاشلىغىلى يىگىرمە كۈن
بولغانىدى، خوتۇنلارنىڭ چىرايى ئېچىل-
مىغاچقا ئىشچىلارنىڭ ئىككى-ئۈچى بەل
قويۇۋېتىشتى. ئاخىرى، ئىشچىلار ئۇيۇش-
مىسى يول قويۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا
قويۇپ، ئىش تاشلاش تۈپەيلىدىن
كېلىپ چىققان زىياننى نورمىدىن ئارتۇق
ئىشلەپ تۆلەش هەققىدە كېلىشتۈرگۈچى
بولۇشقا قوشۇلدى. ئۇلار ئىشنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈشنى قارار قىلىشتى، تەبىئىيكى،
يەنە تېخى بىر يەرگە كەلمىدۇق، يەنە
بىرئاز قاراپ باقايلى دەپ هال
تارتىشتى. ئەمما بۈگۈن ئەتىگەندە ئۇ
خۇددى مەغلۇبىيەتنىڭ ئېغىر يۈكى
ئېزىۋەتكەندەك هارغىن ئىدى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە پىششىق گۆش پىشلاققا ئۆزگەر-
گەچكە ئەمدى گۆش يېيىش تۇرماق
گۆشنى خىيال قىلغىلىمۇ بولمايتتى.
پارلاپ چىققان قۇياشمۇ دالدا بولمىدى،
دېڭىز ئەمدى ۋەدە بەرمەيدىغان بولغا-
نىدى. ئۇلار ۋىلسىپىتنىڭ پېدالىنى

ھەربىر ئايلاندۇرغاندا بىر قېرىپ كېتەـ
ۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ سېخنى، يولداشلارنى
ۋە خوجايىننى قايتا كۆرۈشنى ئويلىغاندا
ئۇنىڭ بېشىغا ئىختىيارسىز تاغ يىقىلدى.
فېرىناند: ئەمدى خوجايىنغا نېمە دەيمەن؟
دەپ سورىدى. خاۋاتىرلىنىپ، ھېچنېمە
دېمەيمەن. ئىۋار شۇنداق دېگەچ بېشىنى
چايقىدى. ئۇ چىشىنى چىڭ چىشلىگەـ
نىچە، بۇغداي ئۆڭ يۈزىنى پۈرۈشتۈردى،
ئۇنىڭ يۇقۇقا يۈزلىرىدە قورۇقلار پەيدا
بولغانىدى. كۆپچىلىك ئىشقا چۈشسىلا
ئىشنىڭ پۈتكىنى. ۋېلىسىپىتنى تېپىپ
كېتىۋېتىپ ئەلەم ۋە غەزەپ ئىچىدە
ئۇنىڭ، جاھاننى زۇلمەتكە كۆمۈۋەتكۈسى
كېلىپ كەتتى.

ئۇ دەرەخلىك يول بىلەن دېڭىزدىن
ئايرىلىپ، كونا ئىسپان رايونىنىڭ
چىلىق-چىلىق ھۆل كوچىسىغا بۇرۇلدى.
بۇ كوچا ياپلا ماشىنا ئامبىرى، ئەسكى-
تۈسكى تۆمۈر-تەسەكلەر ئامبىرى ۋە
ماشىنا توختايدىغان مەيدان بىلەن
تۇتىشىدىغان جاي بولۇپ، زاۋۇت سېخى
ئاشۇ يەردە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى،
سېخنىڭ ئاستىنقى يېرىمى كېسەك
بىلەن قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئەينەك
دېرىزىلەر ئۆركەش شەكىللىك قەلەي
يېپىلغان ئۆگزە بىلەن تۇتىشىپ تۇراتتى.
بۇ سېخ ئىلگىرىكى سوغا زاۋۇتىغا قاراپ
تۇراتتى، بۇ بىر يوغان ھويلا بولۇپ
ئۇنىڭ ئىچىدە بىر نەچچە كونا ھويلا
بار ئىدى، كارخانا كېڭەيتىلگەندە بۇ
ھويلا تاشلىۋېتىلگەن بولۇپ، ئەمدىلىكتە
كونا ماشىنىلارنى قويىدىغان ئامبار
قىلىنغانىدى. ھويلىدىن ئۆتكەندىلا
خوجايىننىڭ بېغىغا تۇتىشىدىغان كاھىش
بىلەن يېپىلغان دەھلىز بار ئىدى،
ئۇنىڭ ئىچكىرىسىدە بىر بىنا قەد
كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ تولىمۇ يوغان،
تاشقى كۆرۈنۈشى ئىسكەتسىز بىنا ئىدى،
ئەمما ياۋا ئۈزۈم دەرەخلىرى بىلەن
سىرتقى پەلەمپەيگە يامىشقان ئاجىز
ئۇچقاتلار ئۆسۈپ كەتكەچكە كىشىنىڭ
زوقىنى قوزغايتتى.

ئىۋار بىر قاراپلا سېخ ئىشىكىنىڭ
ئېتىكلىك تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئىشىك
ئالدىدا بىر توپ ئىشچىلار ئۈن-تىنسىز
كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ بۇ زاۋۇتتا ئىشلەـ
گەندىن بۇيان سېخ تۇنجى قېتىم ئېتىك
تۇراتتى. خوجايىن كارامىتىنى كۆرسىتىپ
قويماقچى بولۇۋاتاتتى. ئىۋار سول
تەرەپكە بۇرۇلدى-دە، ۋېلىسىپىتنى
زاۋۇتقا يانداش كىچىك بىر ئۆيگە قويۇپ،
دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.
ئۇ ئېسبوستونى يىراقتىنلا تونىدى،
ئۇ ئېگىز بوي، ساقاللىق بولۇپ، ئىۋار-
نىڭ يېنىدا ئىشلەيتتى، يۇقىرى ئاۋازلىق
ئەر ناخشىچى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ
ۋەكىلى ماركو، سېختىكى بىردىنبىر
ئەرەب ئىشچى سەئىد ۋە باشقا بارلىق
كىشىلەر ئۈن-تىن چىقارماي ئۇنىڭ
كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئىۋار
ئۇلارنىڭ يېنىغا يېقىنلاشماي تۇرۇپلا،
سېخنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى، ئىشچىلار
شارتتىدىلا بۇرۇلۇشتى. ئىشىك ئالدىدا
باشقۇرغۇچى بالېستىر پەيدا بولدى. ئۇ
ئېگىز ئىشىكنى ئاچتى-دە، ئىشچىلارغا
دۈمبىسىنى قىلغان ھالدا، ئىشىكنى
رېلىس يۆنىلىشى بويىچە ئىچكىرى
تەرەپكە قاراپ ئاستا ئىتتەردى.
بالېستىر ئىشچىلارنىڭ ھەممىسىدىن

چوڭ ئىدى، ئىش تاشلاشقا قوشۇلمايتتى،
ئەمما ئىپسبوستو بالىستىر بىلەن سۆزلىشىپ
قالسا خوجايىنىنىڭ كەتمىنىنى چاپاتتى.
تەمبەل ۋە پاكا بالىستىر مانا ئەمدى دىڭىز
رەڭلىك پوپايكىنى كىيىپ ئىشىكنىڭ يېنىدا
يالاڭ ئاياغ تۇراتتى ۋە (پەقەت بالىستىرلا
سەئىدكە ئوخشاش يالاڭ ئاياغ ئىشلەيت-
تى) ئىشچىلارنىڭ بىر - بىرلەپ سېخقا
كىرىپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ تۇراتتى،
ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇنچىلىك روشەن
ئىدىكى، بۇ كۆزلەر قاپقارا يۈزىدە
خۇددى رەڭ تۇسى يوقتەكلا پارقىراپ
تۇراتتى. ئۇنىڭ شاپ بۇرۇتلىرى تۆۋەن
ساڭگىلاپ جاۋغايلىرىدا بولسا قايغۇ-
نەلەم چاقناپ تۇراتتى. ئىشچىلار بەجا-
يىكى تىللىرىنى يۇتۇۋەتكەندەك زۇۋان
سۈرمەيتتى. سېخقا خۇددى ئۇرۇشتا
يېڭىلگەن ئەسكەرلەردەك كىرىۋاتقىنىغا
نومۇس قىلىشاتتى، غەزەپلىنىشەتتى،
ئۇنىڭ ئۈستىگە تىمتاسلىق ئۇزارغانسېرى
ئۇنى بۇزۇۋەتكىلى بولمايتتى، ئۇلار
ئىشىكتىن كىرىۋاتقاندا بالىستىرغا
قاراپمۇ قويمىدى، ئىشچىلار ئىۋارنىڭ
بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىۋاتقىنىنى چۈشىنەت-
تى. ئۇ ئىشچىلارنى سېخقا مۇشۇنداق كىر-
گۈزۈش ۋە قايغۇ - ھەسرەتلىك كەيپىياتى
ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋات-
قانلىقىنى ئۇلارغا چۈشەندۈرمەكچى
ئىدى. ئىۋار ئۇنىڭغا قادىلىپ قارىدى.
بالىستىر ئىۋارنى تولىمۇ ياخشى كۆرەت-
تى، ئۇ ئۇنىڭغا قاراپ ئۈن - تىنسىزلا
بېشىنى چايقاپ قويدى.

ئۇلار ئىشىكنىڭ سول تەرىپىدىكى
كېيىم يەڭگۈشلەش ئۆيىگە كىردى. ئاپ-
ئاق تاختاي بىلەن ئايرىلغان ھەممە
كىيىم ساقلاش ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرى
ئېچىلدى. تاختاينىڭ ئىككى تەرىپىگە
بىردىن قۇلۇپلانغان كىچىك ئىشكاپ
ئېسىلغانىدى. كىرىش ئېغىزىدىن باشلاپ
زاۋۇت تېمىغا تۇتاشقان ئاخىرقى كىيىم ساق-
لاش ئۆيى، مۇنچىغا ئۆزگەرتىۋېتىلگەن بو-
لۇپ، چىڭدالغان يەرگە سۇچىقىرىدىغان ئېرىق
چېپىلغانىدى. زاۋۇت ئىچىدىكى مەشغۇلات را-
يونلىرىنىڭ ھەربىرىگە ئاللىبۇرۇن ياسىلىپ
تېخى چەمبەرلەنمىگەن، ئوتتا چېگىتىلىشىنى
ساقلاپ تۇرغان ئۈزۈم هارىقى سوغىلىرى
قويۇلغان ھەمدە قېلىن تاختايدىن ياسال-
غان بىرنەچچە ئۇزۇن ئورۇندۇقمۇ بار
ئىدى. (سوغىنىڭ رەندىلەنگەن بىر-
مۇنچە يومىلاق تەگلىك تاختىلىرى ئاشۇ
يوغان ئېغىزلارغا ئىنقتاپ كىرگۈزۈلۈش
ئالدىدا تۇراتتى) ئۇندىن باشقا يەنە
قاپقارا قۇرۇم باسقان مەشمۇ بار ئىدى.
ئىش سۇپىسى سول تەرەپتىكى كىرىش
ئېغىزىنىڭ تېمىنى بويلاپ رەتلىك يا-
سالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا رەندىلە-
نىدىغان قۇچاق - قۇچاق سوغا تاختايلى-
رى دۆۋىلەنگەنىدى. كىيىم يەڭگۈشلەي-
دىغان ئۆيگە يېقىن يەردىكى ئوڭ تەرەپ-
كە تۇتاشقان تامدا ئىككى چوڭ توك
ھەرە بار بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممە يېرىگە
ماي سۈرتۈلگەچكە مۇستەھكەم ۋە قۇدرەت-
لىك ھالدا ۋالىلدىغىنىچە جىمجىت
ياتاتتى.

بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان نەچچە
توك - توك ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا،
زاۋۇت ئاللىبۇرۇنلا ئازادىلىشىپ كەتكە-
نىدى. پىرژغىرىم ئىسسىقلاردا گەشتى
بولسىمۇ زىمىستان قىشتا يەتمىش بەشنى
كۆرسىتەتتى. ئەمدىلىكتە، بۇ ئازادە

جايدا ئىش توختاپ، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا سوغىلار قالايمىقان دۈۋىلىنىپ ياتاتتى، بەزىلىرىنىڭ پەقەت تېگىلا چەمبەرلىنىپ، ئۈستى تەرىپىدىكى تال - تال تاختىلار خۇددى قوپال ھەرە چىشلىرىدەك دىڭگىيىشىپ تۇراتتى. يەنە تېخى، ئۇزۇن ئورۇندۇق، جابدۇق ساندۇقى ۋە ماشىنىلار ھەرە كېپەكلىرىگە كۆمۈلۈپ، سېخنى ۋەيرانە تۇسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. ئىشچىلار سېخقا تەلمۈرۈشەتتى. ئۈستىبېشىغا كونا يىپ كۆڭلەك بىلەن سەكسەن ياماق ئىشتان كىيگەن بۇ كىشىلەر ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ دېيىشىپ ئارىسالدا بولۇشاتتى. بالىستىر ئۇلارغا زەن سالدى - دە، ھوي تېخىچە ئورۇنلىرىڭلارغا بارماي تۇرامسىلەر، دېدى. ئۇلار ئۇندىمەستىن بىر - بىرلەپ ئۆز ئورۇنلىرىغا كېلىشتى. بالىستىر ئۇ يەر - بۇ يەرگە بېرىپ، سەن ئۇنى قىل، سەن بۇنى قىل دەپ قىستىقچىلا ئىش تاپشۇراتتى. ئۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاب بەرمەيتتى، بىرھازادىن كېيىن، بىرىنچى بولقا ئاۋازى ئاڭلاندى، بولقا سوغىنىڭ قورساق چىققان يېرىدىكى تۆمۈر بىلەن ئۇرالغان غول چەمبەرگە ئۇرۇلماقتا ئىدى. رەندە ياغاچ پۇتاقلىرىغا كەلگەندە نالە قىلىپ كېتەتتى، ئېبسوستو ماڭغۇزغان چوڭ ھەرىنىڭ تىغى شاۋقۇن كۆتۈرمەكتە ئىدى. سەئىد تاپشۇرۇق بويىچە، تاختايلارنى ئېلىپ كېلەتتى، ياكى قېرىنداق بىلەن ئوت يېقىپ، سوغىنى ئوتقا قاقلاپ، ئۇنىڭ تۆمۈر چەمبەرلەنگەن يېرىنى تاختاي بىلەن بۆرتتۈرۈپ چىقىراتتى. بىرەرى ئىشقا بۇيرۇمىسا، ئۇ ئىش سۈپىسىنى بويلاپ ماڭاتتى - دە، دات باسقان كەڭ تۆمۈر چەمبەرلەرنى بازغان بىلەن كۆچەپ سوقاتتى. كۆيۈۋاتقان قىرىندىلىقنىڭ ھىدى زاۋۇتنى قاپلاشقا باشلىدى. ئۇۋار ئېبسوستو تەكشى قىلىپ ھەرىدىگەن تاختايلارنى رەندىلىشى ۋە قۇراشتۇرۇشى كېرەك ئىدى. تونۇش پۇراق ئۇنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلغاندا ئۇنىڭ كۆڭلى سەل - پەل ئارام تېپىپ قالدى. ئىشچىلار ئۈن - تىنسىز ئىشلەيتتى، ئەمما بىر خىل ھارارەت، بىر خىل ھاياتىي كۈچ سېخ ئىچىدە ئاستا - ئاستا قايتا تىرىلگەنىدى. ئارامبەخش پارلاق نۇر يوغان ئەينەك دېرىزىلەرنى تېشىپ ئۆتۈپ زاۋۇتنىڭ ئىچىنى يورۇتۇۋەتكەنىدى. ئىس - تۈتەك ئالتۇندەك چاقناۋاتقان ھاۋادا كۆكۈش كۆرۈنەتتى. ئۇۋار ھەتتا بىر تال قۇرتنىڭ قەيەردىدۇر چىرىلداۋاتقىنىنىمۇ ئاڭلىغاندەك بولدى.

شۇ ئەسنادا، كونا زاۋۇتنىڭ قارشىسىدىكى ئىشىك ئىچىگە قاراپ ئېچىلدى، خوجايىن لاسسال ئەپەندى بوسۇغىدا پەيدا بولدى. ئۇ ئېگىز بوي، بوغداي ئۆڭ بولۇپ ئەمدىلا ئوتتۇزدىن ئاشقانىدى. سارغۇچ خادانىي كاستۇمىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋېتىپ، ئاق كۆڭلىكىنى كۆرسەتكەن ھالدا نوچىلىق قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈزى خۇددى پىچاقتا قىرىۋالغاندەك جۇدەڭگۈ بولسىمۇ لېكىن ھەمىشە كىشىلەردە ياخشى تەسىرات قالدۇراتتى، خۇددى تەنھەرىكەتنى ياقتۇرىدىغان كۆپ ساندىكى كىشىلەرگە ئوخشاش ئەركىن ۋە بىمالال ئىدى. بىراق ئۇ، بوسۇغىدىن ئاتلاپ زاۋۇتقا كىرىپلا قورۇنۇپ قالدى. ئۇنىڭ سالام - سائەتى كۈندىكىدەك

ئۇنداق جاراڭلىق ئاڭلانمىدى، ئۇ يەردە خوجايىنىنىڭ سالىمىنى ئېلىپ ئالىدىغانلارمۇ يوق ئىدى. بازغان ئاۋازى ئاستىلاپ، بىر مەھەل ئوگدا - دوگدا چىقتى - دە، كېيىن يەنە ئوينىاق جاراڭلاپ كەتتى. لاسسال ئەپەندى ئىككى خىيال بولۇپ، بىرنەچچە قەدەم تاشلىدى - دە، ۋالىرى شاكىچىككە قاراپ ماڭدى، ئۇنىڭ ئىشلەۋاتقىنىغا ئاران بىر يىل بولغانىدى. ئۇ بىرپارچە سوغا تەگلىكىنى ئىۋاردىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدىكى توك ھەرىگە يېقىن بىر يوغان سوغىنىڭ ئۈستىگە قويدى، خوجايىن ۋالىرى شاكىچىكنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قاراپ تۇراتتى، ۋالىرى بولسا غىڭ قىلماي ئىشنى ئىشلەۋەردى.

— ھوي، بالام، — لاسسال ئەپەندى سۆزلەشكە باشلىدى، — بولىدىغاندۇ؟ — يىگىتنىڭ پۇت - قولى بىردىنلا كالۋالىششقا باشلىدى. ئۇ ئىسبوستوغا بىر قاراپ قويدى، ئۇنىڭ بىلەن لاسسال ئەپەندىنىڭ ئارىسى يىراق ئەمەس ئىدى، ئىسبوستونىڭ كۆچلۈك بىلىكىدە سوغىنىڭ بىر قۇچاق تاختىيى بار بولۇپ، ئۇنى ئىۋار تەرەپكە ئېلىپ كېتىپ باراتتى. ئىسبوستومۇ ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، داۋاملىق ئىشلەۋەردى. شۇڭا ۋالىرى يۈزىنى يوغان ھاراق سوغىغا قىلىۋېلىپ خوجايىنغا قاراپمۇ قويمىدى. لاسسال سەل - پەل مەڭدەپ قالدى - دە، يىگىتنىڭ ئالدىدا بىر ھازاغىچە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى ۋە كېيىن، مۇرىسىنى چىقىرىپ قويۇپ، ماركوغا قاراپ بۇرۇلدى. ماركو ئۆزىنىڭ ئۇزۇن، ئورۇندۇقىغا مىنىۋېلىپ سوغا تەگلىكىنىڭ گىرۋىكىنى ئاز - ئازدىن ئاستا - ئاستا رەندىلىمەكتە ئىدى.

— ياخشىمۇ سەن؟ ماركو، — لاسسالنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ ياسىما چىققىلى تۇردى. ماركو ئۇنىڭغا نەزەر - كۆزىنىمۇ سالماستىن، پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن نېپىز قىرىندىلارنى رەندىلەپ چىقارماقتا ئىدى.

— سىلەرگە نېمە بولدى؟ — لاسسال ئاۋازىنى قويۇۋەتتى، بۇ دۆرەم ئۇ كەينىگە ئۆرۈلدى - دە، باشقا ئىشچىلارغا:

— كىلىشىم تۈزەلمىگىنىمىز راست. بىراق بۇ بىزنىڭ بىرلىكتە ئىشلىشىمىزگە توسالغۇ بولالمايدىغۇ! بۇنداق قىلىشىنىڭ نېمە لازىمى؟ — ماركو ئورنىدىن تۇرۇپ، سوغىنىڭ تەگلىكىنى سالدى - دە، ئالقىنى بىلەن سوغىنىڭ يۇمىلاق نېپىز گىرۋىكىنى سىلاپ باقتى، ئۇ قالتىس رازىمەنلىك بىلەن ھارغىن كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇردى - دە، يەنىلا زۇۋان سۈرمىدى. لاسسال يەنە بىر سوغا قۇراشتۇرغۇچى ئىشچى تەرەپكە قاراپ كەتتى. پۈتۈن سېختا بازغان بىلەن توك ھەرىسىنىڭ ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. — ماقۇلە، — دېدى لاسسال، — بىردەمدىن كېيىن، ماڭا بالىسىردىن خەۋەر قىلىپ قويۇڭلار، — ئۇ ئېغىر قەدەم تاشلىغىنىچە سېختىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، قوڭغۇراق ئىككى قېتىم جاراڭلىدى. قوڭغۇراق ئاۋازى سېختىكى شاۋقۇن - سۈرەننى بېسىپ كەتتى. بالىسىر ئەمدىلا ئولتۇرۇۋېدى، تاماكا چەككۈسى كېلىپ، ئېغىرلاپ كەتكەن تېنىنى كۆتۈرگىنىچە ئۇ باشتىكى ھېلىقى كىچىككىنە ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئۇ كېتىشى بىلەنلا

بازغان سادالىرى ئاستىلاپ كەتتى.
بالىستىر قايتىپ كەلگەندە، ھەتتا بەزى-
بىر ئىشچىلار ئىشتىن توختىۋالغانىدى.
بالىستىر ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ: — ماركو،
ئىۋار، خوجايىن سىزلەرنى ھۇزۇرىغا
تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ، — دېدى. ئىۋار ئاۋۋال
قولىنى يۇيدى. ماركو ئىۋار ئۆزىنىڭ
يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭ
بىلىكىنى تۇتۇۋالدى، ئىۋار ئاقساقلى-
غىنىچە ئالدىدا، ماركو بولسا ئۇنىڭ
كەينىدە كېتىۋاتاتتى.

تاشقارقى ھويلىدا ئالتۇن شولىلى-
رىنى چېچىۋاتقان ئاپتاپ ئىۋارنىڭ
يۈز ۋە يالىڭاچ بىلەكلىرىنى چاقىماقتا
ئىدى. ئىككىيلەن ئۇچقات شۇگىلىرى
پۈركىۋالغان بۆلمە سىرتىدىكى پەلەمپەي-
گە چىقتى، شۇگلارنىڭ ئارىسىدا بىر-
نەچچە تال گۈل ئېچىلىپ قالغانىدى.
ئىككىيلەن دەھلىزگە كىردى، تامغا ھەر
خىل شاھادەتنامىلەر ئېسىلغانىدى. ئۇلار
بالىنىڭ يىغا ئاۋازى بىلەن لاسسال
ئەپەندىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى: — چۈشلۈك
تاماقتىن كېيىن بالىنى ئۇخلىتىپ
قوي. ناۋادا يەنىلا ياخشى بولمىسا
دوختۇر چاقىرتىمەن، — كەينىدىنلا خوجا-
يىن دەھلىزدە پەيدا بولۇپ، ئۇلارنى
ھېلىقى كىچىككىنە تونۇش ئىشخانىغا
ئېلىپ كىردى، بۆلمىدىكى جاھازلار
سەھراچە ئاددىي ئۇسلۇبتا ياسالغان
بولۇپ، ئۆينىڭ تېمى تەنھەرىكەت ئول-
جىلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى،
— مەرھەمەت ئولتۇرۇڭلار، — لاسسال شۇنداق
دېدى - دە، ئۆزى شىرەنىڭ ئالدىغا
كېلىپ ئولتۇردى. ئۇلار ئىككىيلەن
قەستەن قېرىشىپ ئۆرە تۇراتتى، — مېنىڭ
ئىككىڭلارنى چاقىرتىپ كېلىشىمدىكى
سەۋەب: سىز — ماركو ئىشچىلار ۋەكىلى-
سىز، ئىۋار سەن بولساڭ، بالىستىردىن
كېيىنكى ئورۇندا تۇرىدىغان پېشقەدەم
ئىشچىسەن. تالاش - تارتىش ئەمدى
ئاياغلاشتى. مېنىڭ كونا خامانىنى سورۇش
نىيىتىم يوق، سىلەر قويغان شەرتلەرگە
مەن مۇتلەق قوشۇلمايمەن، مۇتلەق...
تۈگۈن يېشىلدى، ھەممىمىز ئىشنى ئەس-
لىگە كەلتۈرۈش كېرەك دېگەن قارارغا
كەلدۇق. مەن سىلەرنىڭ ماڭا ئۆچلۈك
قىلىۋاتقىنىڭلارنى بىلىۋاتىمەن، بۇ
مېنى تولىمۇ ئازابلايدۇ، مەن نېمىنى ئويلىغان
بولسام، سىلەرگە شۇنى دېدىم. مەن پەقەت
سىلەرگە مۇنداق بىر نۇقتىنى كېچىكىپ
بولسىمۇ ئېيتىپ قويۇشنىلا خالايمەن:
مەن ھازىرچە قولۇمدىن كەلمەيدىغان
ئىشلارنى ئۇقتىم ئوڭلانغاندا قىلىشىم
مۇمكىن، ناۋادا قولۇمدىن كېلىدىغان
بولسا ئۇ چاغدا سىلەرنىڭ تەلەپ قويۇ-
شىڭلارغا قاراپ تۇرماستىن قىلىۋېرىمەن.
ھازىرچە بىز يەنىلا بىر ياقىدىن باش،
بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ ئۆزئارا ھەم-
كارلىشايلى، — ئۇ سۆزدىن چېچىپىدە توختاپ
خىيالغا چۆكتى - دە، كېيىن ئۇ ئىككى-
سىگە قاپىقىنى كۆتۈرۈپ، — قانداق دې-
دىم؟ — دېدى. ماركو تاشقىرىغا قارايت-
تى. ئىۋار چىشلىنى چىشلەپلا دېمەكچى
بولغىنىنى دېيەلمەيتتى. — سىلەر مېنىڭ
گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار، — دەيتتى لاس-
سال، — ھەممىڭلار تولىمۇ جاھىل ئادەملەر
ئىكەنسىلەر، بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ،
ئەقلىڭلار جايىغا كەلگەندە بايام مەن
دېگەن سۆزلەرنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، —
ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ماركوغا قاراپ

ماڭدى - دە، ئۇنىڭغا قولىنى سونۇپ، —
ئەمسە شۇنداق بولسۇن، — دېدى. ماركو-
نىڭ چىرايى بىردىنلا ئاقىرىپ كەتتى،
ئۇنىڭ چىرايى ئەسلىدە ئىنتايىن ئوچۇق
بولۇپ ئەمدىلىكتە كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچ-
قۇچىلا تۇتۇلۇپ، زەھەر تېمىپ تۇرىدى-
غان قىياپەتكە كىرگەنىدى. ئۇ پۈتىنى
شاقىقىدە بۇرىدى - دە، ئۆيىدىن چىقىپ
كەتتى. لاسسالمۇ تامدەك تاتىرىپ كەت-
كەنىدى، ئۇ ئىۋارغا قارىدى. قولىنى
سۇنماستىن ۋارقىراپ: — سىلەرنى ھەقى-
قەتەن نەس باستى، — دېدى.

ئىككىيلەن سېخىقا قايتىپ كەلگەندە
ئىشچىلار چۈشلۈك تاماق يەۋاتقان،
بالىستىر بولسا يوق ئىدى. ماركو پەقەت
بىرلا ئېغىز گەپ قىلدى: قۇرۇق يول
ماڭدۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىش قىلىدىغان
يېرىگە كەلدى، ئېبسبوستو بولكا چايناش-
تىن توختاپ، ئىككىيلەنىڭ بىرەر
نەرسىگە ماقۇل بولغان - بولمىغانلىقىنى
سورىدى، ئىۋار ھېچنېمىگە ماقۇل بولمى-
مىدۇق، دېدى. ئىۋار بوغچىسىنى ئېلىپ
كەلدى - دە، ئۆزى ئىشلەيدىغان ھېلىقى
ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئۇ ئەمدىلا
تاماق يەي دەپ تۇرۇشىغا ئۆزىگە يېقىنلا
يەردە، سەئىدنىڭ يوغان ئەينەك دېرىزىنىڭ
سىرتىغا قارىغىنىچە قىرىنداق دۈۋىسىنىڭ
ئۈستىدە ئولتۇرغىنىغا يا تقانلىقىنى
كۆرۈپ قالدى. ئاسمان ئۇنچىۋالا سۈزۈك
ئەمەس ئىدى، يوغان ئەينەك دېرىزە-
سۈس كۆكۈمتۈل تۈستە يورۇپ تۇراتتى.
ئۇ سەئىدتىن تاماق يېگەن - يېمىگەنلى-
كىنى سورىدى. سەئىد ئەنجۈر
يېدىم دېدى، ئىۋار تاماق يېيىشتىن
توختىدى. لاسسال بىلەن ئۇچراشقاندىن
كېيىن ئىۋار بۇرۇختۇم بولۇپ قالغانىدى.
مانا ئەمدى بۇ كەيپىيات بىردىنلا يوقى-
لىپ، ئۇنىڭ ئىچى ئىسسىق بولۇپ كەت-
تى. ئۇ ئۆزىنىڭ بولكىسىنى ئىككىگە
بۆلدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، سەئىد-
نىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە كېيىنكى ھەپتى-
دە ھەممە نەرسە جايىغا چۈشىدۇ، شۇ
چاغدا سەن مېنى مېھمان قىلساڭ بولى-
دۇ، دېدى. سەئىد كۈلۈپ قويدى. ئۇ
ئىۋار ئۆزىگە بەرگەن قىيمىلىق قاتلىما
بولكىنى ئىتتىك ئاغزىغا ئاپارغان بولسى-
مۇ لېكىن قورسىقى ئاچمىغاندەك ئاستا
چىشلەپ ئاۋايلاپ چايناشقا باشلىدى.

ئېبسبوستو بىر كونا قازاننى ئېلىپ
كېلىپ ئاستى - دە، ئاستىغا قىرىنداق
ۋە چىپپىنداق قالاپ، ئۆزى ئېلىپ
كەلگەن بىر قۇتا قەھۋەنى ئىسسىتىشقا
باشلىدى. ئۇ، مەن تونۇيدىغان بىر مى-
لىچ مال سودىگىرى ئىش تاشلاشنىڭ
مەغلۇب بولغانلىقىنى ئاڭلاپ بۇ سوۋغات-
نى ماڭا شۇنداقلا سېختىكى ئىشچى-
لارغا سوۋغا قىلدى، دېدى. ئۇ قىچا
تالقىنى سېلىنغان ئەينەك ئىستاكاننى
ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا يۆتكەيتتى. ھەر
بىر يۆتكىگەندە، ئېبسبوستو ئۇنىڭ ئىچىگە ئاز -
ئازدىن قەنت سېلىنغان قەھۋە قۇياتتى.
سەئىد بولكىنى چايىنىغان چاغدىكىدىنمۇ
ھۇزۇرلىنىپ يۇتاتتى. ئېبسبوستو ئېشىپ
قالغان قەھۋەنى قازاندا تۇرغۇزۇپلا
ئىچىپ تۈگەتكەچ، لەۋلىرىنى يالىغانچە
ئەپسانە گەپلەرنى قىلماقتا ئىدى. شۇ
ئارىدا، بالىستىر كىرىپ كەلدى - دە،
ئىشقا چىقىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى،
دېدى.

خالايىق ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ

ئەسكى - تۈسكى قەغەزلەر بىلەن قاچا -
قۇچا، ئارا - قوشۇقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ،
بوغچىلىرىغا تىقىۋاتقاندا، باليسىر
ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ تويۇقسىزلا تىلغا
كىردى، بۇ ئىش ھەممەيلەنگە ئېغىر
زەربە بولدى. زەربىدىن مەنمۇ ئامان
قالمىدىم، گۈدەكلەرچە ئىش تۇتۇشقا بول-
مايدۇ. قېيدىغاننىڭ پايدىسى يوق، دېدى.
ئېسبوستو قازاننى كۆتۈرگىنىچە، كەينىگە
يۈرۈلدى - دە، باليسىرغا توغرىدىن -
توغرا قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ گۆشلۈك
ئات يۈزى ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى.
ئىۋار ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنىمۇ،
خالايىقنىڭ ئوي - پىكرىنىڭ ئۇنىڭ
ئوي - پىكرى بىلەن بىر يەردىن چىقى-
دىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. خوجايىنىنىڭ
ئىشلىسەڭلار مانا، ئىشلىمىسەڭلار ئەنە
دېگەن گېپى خالايىقنىڭ ئاغزىنى تۇۋاق-
لاپ قويغانىدى، قەھرى - غەزەپ بىلەن
ئامالسىزلىق بەزىدە كىشىنى شۇنداق
ئازابلايتتىكى، ھەتتا زۇۋان سۈرگۈزمەيت-
تى، ئۇلار ئادەم بولغاچقا دەيدىغاننىڭ
ھەممىسىنى دەپ بولدى، شۇڭا ئۇياقتىن
تىللاپ، بۇياقتىن چىشىنىڭ ئېقىنى
چىقىرالمايتتى. ئەمما ئېسبوستو بۇنداق
گەپلەردىن بىرەر ئېغىزنىمۇ قىلمىدى،
شۇڭا ئوچۇق چىراي ھالدا باليسىرنىڭ
مۈرىسىنى يېنىككىنە قېقىپ قويدى،
باشقىلار بولسا ئىشلىرىغا كېتىشتى.
بازغان ئاۋازى يېڭىباشتىن ياڭرىغىلى
تۇردى، زاۋۇتنى تونۇش شاۋقۇنلار بىلەن
قىرىنداق ۋە تەر سىڭگەن نىمكەش
ئىگىنلەردىن ئاچچىق پۇراقلار قاپلاشقا
باشلىدى. ئاۋازى زاۋۇتنى باشقا كىيى-
گەن چوڭ ھەرە ئېسبوستو ئاستا ئىتتى-

رىپ بېرىۋاتقان سۆزۈك تاختاينى چاي-
نىماقتا ئىدى. ھەرىدىن ئېتىلىپ چىقى-
ۋاتقان شىرىنشىم ھەرە كېپەكلىرى،
خۇددى بولكا ئۇۋاقلىرىدەك چىرقىراۋاتقان
ھەرە تىغىنىڭ ئىككى تەرىپى بىلەن
تاختاينى چىڭ تۇتۇپ تۇرغان چۇپۇرلۇق
كۆرەك قوللارغا چۈشۈپ تۇراتتى. تاخ-
تاي ھەرىدىلىپ بولغاندىن كېيىن پەقەت
ماتورنىڭ ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى.

ئىۋار ئېگىلگەن بېلىنىڭ ئېچىشىپ
ئاغرىۋاتقانلىقىنى ئاللىقاچان ھېس
قىلغانىدى. ھېرىقىش ئادەتتە تولىمۇ
كېچىكىپ كېلەتتى. بىرنەچچە ھەپتە ئىشلى-
مىگەچكە ئۇنىڭ كۆنۈكەلمەيۋاتقانلىقى
كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياش - قۇرامى-
نىمۇ ئويلىمىدى، جىسمانىي ئەمگەك
ئەمدى ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدىغان بولۇپ
قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىش
ئادەتتىكى ئىنچىكىلىك بىلەنلا
باشقا چىقىدىغان ئىش
ئەمەس ئىدى. بۇ بەل ئاغرىقى قېرىلىق-
نىڭ ئالامىتى بولۇپ، زىيادە كۈچەپ
كەتكەن مۇسكۇللار ئىش تۈگىگەندىن
كېيىن تېلىپ ئاغرىيتتى. بۇ ئۆلۈمدىن
بېشارەت ئىدى. كۆپرەك كۈچىنىپ كەت-
كەن ئاخشاملىرى ئۇ ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ
كېتەتتى. ئوغلىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە
ئوقۇتقۇچى بولىمەن دېگىنى قالتىس
توغرا ئىدى. جىسمانىي ئەمگەك توغرى-
سىدا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن گەپ ساتىدىغان-
لار ئۆزلىرىنىڭ نېمە دېۋاتقانلىقىنى
بىلمەيتتى. ئىۋار نەپەس ئېلىش، شۇ
ئارقىلىق بۇ ھەسرەتلىك خىياللارنى
كۆڭلىدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن كۆكرى-
كىنى كەردى. شۇ ئەسنادا قوڭغۇراق

يەنە جاراڭلىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ غەلىتە بولۇپ، بىردەم قىسقا - قىسقا ئۈزۈلۈپ قالسا، بىردەم تېز - تېز چىقاتتى، ھەتتا ئىشچىلار قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن توختىغانىدى. بالىستىر ھەيران بولۇپ قوڭغۇراق ئاۋازىغا قۇلاق سالدى - دە، كۆڭلىنى توختىتىپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى. ئۇنىڭ قارىسى ئۆچكەندىن كېيىن قوڭغۇراق ئاۋازىمۇ ئاخىرى توختىدى. ئىشچىلار يەنە ئىشقا كىرىشىپ كەتتى، بىردىنلا ئىشىك قايتىدىن ئېچىلىۋېدى، بالىستىر كىيىم يۆتكەش ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى. بالىستىر كىيىم يۆتكەش ئۆيىدىن پۇتىغا چۆپ چەملىك كاناپ ئاياغ، ئۈستىگە خالات كىيگەن ھالدا چىقتى - دە، ئىشۋارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋې- تىپ ئۇنىڭغا: قىزچاق يەنە ئاغرىپ قالدى، دېرمانىنى چاقىرىپ كېلىمەن، دېدى. دېرمان مۇشۇ سېخنى باشقۇرغۇچى بولۇپ، شەھەرنىڭ سىرتىدا تۇراتتى. ئىشۋار يا ئاق، يا كۆك دېمەستىنلا بۇ خەۋەرنى ئەينەن تەكرارلىدى. ئۇنى ئورۇۋېلىشقان خالايىق ئۆز كۆشىنى ئۆزى يېگەن ھالدا بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى. پەقەت قۇرۇق ئايلىنىۋاتقان توك ھەرىسىنىڭ ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى.

— بەلكىم ھېچنېمە بولمىغاندۇ، — دېدى بىر ئىشچى. كۆپچىلىك ئۆز ئورۇنلى- رىغا قايتىپ كېلىشتى، سېخ قايتىدىن ھەر خىل ئاۋازلار بىلەن تولدى، ئەمما ئىشچىلار خۇددى قانداقتۇر بىر نېمىنى كۈتۈۋاتقاندەك تەمكىن ئىشلىمەكتە ئىدى.

ئاردىن چارەك سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، بالىستىر قايتىپ كەلدى، خالىتى- نى سېلىپ قويۇپ ئۈندىمەستىنلا يان ئىشىكتىن يەنە چىقىپ كەتتى. قۇياش نۇرى چوڭ ئەينەك دېرىزىگە قىيپاش چۈشۈپ تۇراتتى. بىردەمدىن كېيىن، ھەرە تاختاي تىلىشتىن توختىغان ئارى- لىقتا قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى، ماشىنا يېقىنلاپ كېلىپ، زاۋۇتنىڭ ئالدىدا توختىدى. ھايال ئۆتمەي بالىستىر يېتىپ كىردى. كۆپچىلىك بالىستىرنى ئورۇۋې- لىشتى. ئېسبوستو ماتورنى ئۆچۈرۈۋەتتى. بالىستىر قىزىم ئۆز بۆلمىسىدە كىيىمنى يېشىۋاتقاندا، زەربىگە ئۇچرىغاندەك قىلىپتۇ - دە، يىقىلىپتۇ، دېدى، ھە، بۇنداق بولۇپتۇ - دە، دېدى ماركو. بالىستىر بېشىنى چايقاپ، سېختىكىلەرگە چۈشىنىكسىز قول ئىشارىسى قىلدى. ئۇ پەرىشان ئىدى. قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى. كۆپچىلىك ئەي- نەك دېرىزىدىن تۆكۈلۈۋاتقان تارام - تارام ئالتۇن نۇرلارغا چۆمۈلگەن ھالدا ئىمتاس سېخ ئىچىدە تۇرۇشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ بوشاپ قالغان قوۋزاقتەك يې- رىك جۇپ قوللىرى ھەرە كېپىكى قونغان كونا ئۇزۇن ئىشتانلىرىنىڭ ئىككى يېنى- دا ساڭگىلاپ تۇراتتى.

چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ئاستا بولۇپ ۋاقىت ئۇزۇن تۇيۇلماقتا ئىدى. ئىشۋارنىڭ چارچىغىنى چارچىغان، يۈرىكى بولسا قوچۇلۇپلا تۇراتتى. ئۇنىڭ نېمىدۇر بىر نېمە دېگۈسى كېلەتتى - يۇ، لېكىن ئاغزىغا گەپ كەلمەيتتى. باشقىلارمۇ ئىشۋارغا ئوخشاش ھالەتتە ئىدى. ئۇلارنىڭ چىدددي

چىرايلىرىدىن قايغۇ - ھەسرەت بىلەن بەلگىلىك ئۈجەرلىكنىلا كۆرگىلى بولاتتى. بەزىدە، ئىشۋارنىڭ خىيالىدا نەس باسماق دېگەن بۇ سۆز غىل - پاللا پەيدا بولاتتى - دە، خۇددى پۈۋەكچىلەردەك بىردەمدىلا يوقىلاتتى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ فېرناند ۋە قىزى بىلەن بىللە بولۇشقا ئىنتىزار ئىدى. ئۇ سۇپىدا داڭقېتىپ تۇراتتى. ئۇ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، بالىسىنى ئىشتىن چۈشۈشنى جاكارلىدى. ھەممە ماشىنا ئىشتىن توختىدى. ئىشچىلار ماتورلارنى ئالدىرىماستىن ئۆچۈرۈشۈپ، ئىشلەيدىغان جايلىرىنى رەتلەپ قويۇشتى - دە، كىيىم يۆتكەش ئۆيىگە كېتىشتى. سەئىد چاڭ ۋزۇپ تۇرغان ئىش ئورنىنى سۇ چېچىپ سازلايمەن دەپ ئەڭ كەينىدە قالغانىدى. ئىشۋار كىيىم يۆتكەش ئۆيىگە كىرگەندە پۈتۈن بەدىنىنى تۇك قاپلاپ كەتكەن، خاپانباش ئىپسبوستو دوشتا يۇيۇنۇۋاتاتتى. ئۇ كۆپچىلىككە كەينىنى قىلغىنىچە بەدىنىگە غۇچۇرلىتىپ سوپۇن سۈركەيتتى، ئادەتتە كۆپچىلىك ئۇنى ئۇيياتچان دەپ زاڭلىق قىلاتتى. دېمىسىمۇ بۇ كالامپاي ئېيىق بېلىنىڭ تۆۋىنىنى جاھىللىق بىلەن ئېتىۋالغانىدى. ئەمما بۇنىڭغا بوگۈن ھېچكىم زەن سالمىدى. ئىپسبوستو كەينىگە شوخشىغىنىچە چىقىپ كېتىۋاتاتتى. خۇددى بەل تارتقۇغا ئوخشاش قىلىپ كاسسىسىغا لۆڭگە تارتىۋالغانىدى. يۇيۇنۇش نۆۋىتى بولسا باشقىلارغا كەلگەنىدى. ماركۇ يالىڭاچ بېلىنى كۇچەپ شاپىلاقدىماقتا ئىدى. دەرۋازا چاقنىڭ ئاستا ئايلانغان ئاۋازى ئاڭلاندى - دە، سېخقا لاسسال كىرىپ كەلدى.

ئۇنىڭ ئۇستىبېشى بىرىنچى قېتىم ماركۇ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن چاغدىكىدەك بولسىمۇ لېكىن چاچلىرى سەل - پەل پاخپايغانىدى. ئۇ بوسۇغىدا تۇرۇپ، ئادەملىرى كېتىپ ھۇۋۇلداپ قالغان ئازادە سېخقا نەزەر تاشلىدى. ئۇ ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم تاشلىدى - يۇ، يەنە توختاپ كىيىم يۆتكەش ئۆيى تەرەپكە قارىدى. ئىپسبوستو بەل تارتقۇسىنى ئورىغىنىچە لاسسالغا كەينىنى قىلىپ تۇراتتى. ئۇ يالىڭاچ بولغاچقا تولىمۇ قىسىنىپ - قورۇنۇپ، ئۇ پۇتىدىن بۇ پۇتىغا يۆتكەلگىنىچە دەلدۈگۈنۈپ تۇراتتى. ئىشۋار كۆڭلىدە لاسسالنىڭ ماركۇغا گېپى بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى. ئەمما ماركۇ پەردە كەينىگە يوشۇرۇنغان بولۇپ ئۇنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئىپسبوستو بىر كۆڭلەكنى قولىغا ئالدى - دە، چاققانلىق بىلەن كىيىۋالدى، لاسسال ئۇنىڭغا خىرقىرىغان ئاۋازدا «ياخشىمۇ سەن» دېدى - دە، كىچىك دەرۋازا تەرەپكە كەتتى.

ئىشۋار يۇيۇنمايلا كىيىمىنى كىيىۋالدى، كۆپچىلىككە قاراپ خەيرلىك كەچ دېدى، دېمىسىمۇ بۇ گەپنى چىن كۆڭلى بىلەن دېدى. كۆپچىلىكمۇ ئىشۋارغا خۇددى شۇنداق چىن كۆڭۈل بىلەن جاۋاب قايتۇردى. ئۇ سېختىن ئۈچقاندەك چىقتى - دە، ۋېلىسىپىتكە مىندى. ۋېلىسىپىتكە مىنگەندە بېلى زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى. ئۇ كۈن ئولتۇرغاندا. تىقتىما - تىقما شەھەردىن ۋېلىسىپىتلىك ئۆتتى. ئۇ تولىمۇ تېز ماڭەي، ئەس - يادى ئۆيگە بېرىپ سۇپىدا ئولتۇرۇشلا ئىدى. ئۇ

كىرخانىغا كىرىپ يۇيۇنغاندىن كېيىنلا ئالدىن ئورنىغا بېرىپ ئولتۇراتتى، ئۇ چوڭ يولنىڭ ئۇ قېتىدىكى توسۇق ياغاچتىن ئۆتۈپ، ئۆزىگە ئەسرا بولۇپ كېلىۋاتقان دېڭىزغا قارىدى، دېڭىز سۈيى ئەتىگەندىكىدىنمۇ كۆپرەك ئىدى. بىراق ئۇنىڭغا قىزچاقمۇ ھەمراھ بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا قىزچاقنىمۇ ئېسىگە ئالدى.

ئۆيگە كەلگەندە، ئوغلى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، خەت ۋە سۈرەتلىرى تولىمۇ كۆركەم بىر ژۇرنالنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. فېرنىناند ئىشۋاردىن ئىشلىرىنىڭ جايىدا، جايىدا ئەمەسلىكىنى سورىدى. ئۇ لام - جىم دېمىدى. كىرخانىغا كىرىپ يۇيۇندى. كىرخانىدىن چىقىپ، سۇپىغا تۇتاشقان كىچىككىنە تامغا يۆلەنگىنىچە ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ياماق سېلىنغان كىيىم - كېچەكلەر ئۇنىڭ بېشى ئۈستىگە يېيىپ قويۇلغانىدى. ئاسمان سۈزۈلۈپ كەتكەنىدى. تامدىن ئارتىلىپ چۈشسە گۈگۈم قويىنىدىكى يۇمشاق دېڭىزنى كۆرگىلى بولاتتى. فېرنىناند بېدىيان ھارىقى، ئىككى دانە ئەينەك ئىستاكان ۋە سوغۇق سۇ قويۇلغان ساپال چەينەك ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئېرىنىڭ يېنىغا ئولتۇردى. ئۇ فېرنىناندنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە، خۇددى ئىككىسى توي قىلغان دەسلەپكى چاغلاردىكىدەك ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا بولغان ئىشىنىڭ ھەممىسىنى ئېقىتماي - تېمىتماي ئېيتىپ بەردى. ئۇ سۆزلەپ بولۇپ دېڭىزغا كەينىنى قىلغىنىچە مىدىر - سىدىر قىلماي ئولتۇراتتى. ئۇ يەردە، ئۇپۇقنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە تۈن پەردىسى يېيىلماقتا، قاراڭغۇ تېز چۈشمەكتە ئىدى،

ئاھ خاتالىشىپتىمەن! — دەۋەتتى ئىشۋار. ئۇ ياشلىقىغا قايتىشنى، فېرنىناندنىڭمۇ ياشلىقىغا قايتىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا ئەر - خوتۇن ئىككىسى يىراق - يىراقلارغا باش ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى. دېڭىزنىڭ ئۇ چېتىگە كېتىپ قالاتتى.

«چەت ئەل مودېرنىزم ئەسەرلىرىدىن تاللانما»دىن.
ئوسمانجان ساۋۇت تەرجىمىسى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل



# كۇرسانتلار ئەسەرلىرىدىن

ژۇرنال ئارقىلىق ئوقۇتۇش كۇرسىمىزغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئوقتۇرۇشى ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان، نۇرغۇن يولداشلار ئۆزىنى مەلۇم قىلدى، خالىغانلارنىڭ داۋاملىق ئۆزىنى مەلۇم قىلىشىنى قارشى ئالىمىز، كۇرسانتلارنىڭ تاپشۇرۇقلىرى 12 - ئايدىن باشلاپ ئىشلەندى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى مۇشۇ ساندىن باشلاپ 8 - سانغىچە ئېلان قىلىنىدۇ.

«تارىم» ژۇرنىلى ژۇرنال ئارقىلىق ئوقۇتۇش بۆلۈمچىسى

ئىبراھىم نىياز

## مېنىڭ مەھەللەم

سىغدۇرالماس سېنى خەرىتە،
سىغدۇرسەن دۇنيانى ئەمما.
كېچەلمەيمەن ئەبەدىل - ئەبەد،
سەن ھۆرمەتلىك ئۇلۇغ بىر ئانا.

مېنى دەيسەن، مەن سېنى دەيمەن،
جۇدالىقنى كۆرمەيمىز راۋا.
تۇتۇپ باقىن يۈرىكىمنى، ئېھ!
سېنىڭ ئىشقىڭ ئۇرىدۇ لاۋا.

خەرىتىگە سىغمىساڭ مەيلى،
سۈرىتىڭ بار قەلبىمدە پۈتۈن.
ھاياتلىق دەپ مەندە ئاققان قان،
ئۇرغۇپ تۇرار يەنە سەن ئۈچۈن.

ئىزلىرىم بار چىغىر يوللاردا،
ناخشىسى بار بالىلىقىمنىڭ.

سەن ئەمەسمۇ مېنىڭ جەننىتىم،
تاجى ھەمدە يەتتە ئىقلىمنىڭ.

ئاسفالتلىق ئەمەس يوللىرىڭ،
بىر گۆھەرسەن كۆمۈلۈپ قالغان.
ئېھ، ئەجەبمۇ كەڭرى ئاسمىنىڭ،
گويا شېئىر بولۇپ يارالغان.

تىلىمدا بار نېنىڭنىڭ تەمى،
دىلىمدا بار ئانىلىق مېھرىڭ.
مەن قانداقمۇ سېغىنماي سېنى،
كۈندەك پارلاپ تۇرغاندا چېھرىڭ.

سەن قىممەتلىك شېئىرسەن ماڭا،
زىكرى قىلىپ تىنمايمەن پەقەت.
يۈرىكىمنى قۇچاقلاپ ياتقان،
سەن ئاشۇنداق بۈيۈك مۇھەببەت.

ئېزىز ئامان

# ئۈچ شېئىر

## كۆكۈمدىكى تەنھالىق

كۆز باغلانغان كۆكۈم پەيتىدە،
ئاخشا ئېيتار تەنھا بىر يىگىت.
قىز كۆڭلىنى تارتىپ ئۆزىگە،
ئاخشا كىرەر ئىشىكنى چېكىپ.

كېتىپ قالدى ئاستا ئىرىنقلاپ،
چاقماق چېقىپ كۆكتىكى بۇلۇت.

لۆمشۈپ ئاستا ماڭالماي شاختا
يىغلاپ يۈرەر بىر سازاڭ قۇرت.

تاڭ سەھەردە مەزىن ئاۋازى
لەيلەپ يۈرەر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.
قايسى شارغا زىيارەت ئۈچۈن
قۇياش ۋە ئاي كەتتىكىن ئۆتۈپ.

## رازىلىق بەر مۇھەببىتىڭگە

سۆكۈتلىرىم بېرەلمەس چىداش،
سىناۋەرسەڭ ھېسقا بوغۇلۇپ.
ئىچ - سىرىڭنى ئېيتقىن قېيدىماي،
تارتىنىشتا يۈرمەي ئۇيۇلۇپ.

تەشنا يۈرەك كەتتى ئېچىرقاپ
ئىمكان بەرگىن سۆيۈشلىرىمگە.
سۆيسەڭ ئەگەر يۈرەك قېتىڭدىن،
رازىلىق بەر مۇھەببىتىڭگە.

## ئىلگار

سەن قۇياش،
مەن ئاي.

مەن كەمبەغەل،
سەن باي.

باھارگۈل ئىسھاق

## ئارزۇ

مىسرالار تۈزۈلۈشكە تۇردۇممەن بىلەك،
بىر ئارزۇ قەلبىمدە پارلىدى دېمەك.
قولۇڭدىن كېلەرمۇ دېدى بىراۋلار:
«ۋە بەلكىم ھومايدى بىقارار پەلەك.

خامخىيال قىلىسەن، ئۇخلاپ چۈشەيسەن،
بىلمىز بۇنىڭغا خەجلىمىدۇ جان.
بۇ يولنىڭ مەنزىلى ئۇزاقتىن - ئۇزاق،
يەتكىچە باغرىڭدىن ئېقىپ پۈتەر قان.»

شۇندىمۇ سۇلىشىپ تەۋرەپ قالمىدىم،
ئۆرلىدى ئىشتىياق ئىپسىل ۋە نادىر.
ھەيرەتتە قالدۇرۇپ دوست ۋە پەلەكنى،
بولارمەن بىر كۈنى ئوت يۈرەك شائىر.

ئېزىز ھوشۇر

## ياشلىق لىرىكىلىرى

1

چۆكتۈم سېنىڭ كۆزلىرىڭگە دىلدارىم،
ئۇ سۆزلىدى سىرلىرىڭنى بىر-بىرلەپ.
شوخ كۈيلەرنى تۆكۈۋەتتى دىلتارىم،
يۈرىكىمدە سۆيگۈ ياندى گۈرۈلدەپ.

ھايال قىلماي گۈل يۈزۈڭگە ۋە لېۋىڭ،
لەيلەپ چىقتى خىرە-شىرە مانانلار.
قاقشاپ كەتتى ئەلپازىڭدىن بۇ جېنىم،
قاقشاتماستىن سۆيەمەدىكىن جانانلار؟

2

تاپالمىدىم، سېنى ئالەمدىن،
سەپىرىڭنى باشلىدىڭ قايان.
يۈرەك يىغلار چەكسىز ئەلەمدىن،
قىلالمىغاچ ئىشقىنى بايان.

تاپسام سېنى، بولساڭ قەيەردە،
غۇنچىلىسا سۆيگۈمىز بولۇق.
سۆيگۈ دېگەن گۈزەل ئۈزۈندە،
سۆيگۈ ئىپسىل، سۆيگۈ ئۇ ئۇلۇغ.

3

مەن سۆيگۈڭگە قىلىپ ئىبادەت،
ئۆتتى يىللار قىش، كۈز، ياز، باھار.
ئاھ! قەلبىمدە ئىزسىز جاراھەت،
ئۈستۈنلۈكنى ئالدى، بىقارار.

ھېسلىرىمنى چېچەككە چېتىپ،
لاۋا ياقتىڭ ئارمانلىرىمغا.
تەقدىرىمنى سۆيگۈڭگە قېتىپ،
سىر سۆزلەيمەن شۇڭا كۆڭلۈمغا.

ئىشەن غالىب ھاياتتا تاڭلار،
ئالتۇن ئۆمرى مىليون ئەسىرلىك.
ئۆزگەرسىمۇ قىش، كۈز، ياز، باھار،
سۆيگۈم مېنىڭ ئەمەس پەسىللىك.

4

يۈرىكىمنى سېزىپ مەن شۇنداق،
كۆزلىرىڭگە قوندى تۇمەن بەت.
سېنى دەپلا كۈيلەپ مەن قوشاق،
چىۋىق بولدى، بۇ ئېلىپ قامەت.

دېرىزەمدىن قاراپ كۆك تامان،
يۇلتۇزلاردىن سورىدىم سېنى.
يۈرىكىمنىڭ قېنى سەن جانان،
ئازابلىما قايتىلاپ مېنى.

سابىر ئىبراھىم

## «تارىم» غا ئالقىش

(«تارىم ژۇرنىلىنىڭ ژۇرنال ئارقىلىق ئوقۇتۇشنى يولغا قويغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن»)

«تارىم» ساڭا ئالقىش دىلدىن، يۈرەكتىن،
بۈگۈن يەنە گۈزەل بولۇپ كېتىپسەن.
ھېكمەتلەرگە تەشنا دىللار قانسۇن دەپ،
گۆھەرگە باي قۇچىقىڭنى ئېچىپسەن.

شاۋقۇن سېلىپ ئاقار تارىم دەرياسى،
ئانا يەردە كۈلۈپ كەتتى چېچەكلەر.
ئاپتاپ ئوخشاش بەتلىرىڭدە ئەي «تارىم»،
يېلىنجايدۇ دىللاردىكى تىلەكلەر.

ئاتتىم شۇڭا قايىنىمىڭغا ئۆزۈمنى،
دولقۇنلىنىپ، قاينام بولۇپ ئاقاي دەپ.
شارابىڭنى تېگىپ ماڭا، شائىر بوپ —
شېئىرىمدىن ئەلگە گۈللەر تاقاي دەپ.

مۇختار نۇرمەھەممەت

## ياز ئاخشىمى

كەچكى شەپەق خوشلاشقان تامام،
تۈن پەردىسى يېيىلغان غەمكىن.
ھەممە جايدا ئۆزگىچە بىر ھال،
ئارىلايدۇ ئورماننى سەلكىن.

گىياھلارنىڭ بەرگىدە شەبنەم،
ئاي نۇرىدا كۈلەر ۋىلىقلاپ.
ئويناپ ئاقار دەريا سۇلىرى،
مەجنۇن تالنىڭ چېچىنى تاراپ.

ئاڭلىنىدۇ مۇڭلۇق ناۋالار
ۋە كېتىدۇ ھاۋاغا تاراپ.
شىۋىرلايدۇ يېشىل مايسىلار،
ھەست بىر يىگىت گوياكى ئەتراپ.

تەشۋىشلەردىن خالىي يوپۇرماق،
چۈشلىرىدىن ئىزدەيدۇ ۋىسال.
سەرسان ھېسلار بەرمەيدۇ تۇتۇق،
سۆيۈپ ئۆتەر ئاھ سالقىن شامال.

پىچىرلايدۇ كەچمىشلىرىنى،
مۇڭلۇق كۈيگە جور بولۇپ ئېقىن.
ئىزگۈ ھېسلار كەيپىنى سۈرۈپ،
بىر جۈپ سايە كېلەر يىراقتىن.

بىر جۈپ سايە كېلەر يىراقتىن،
ساھىللاردا قالدۇرۇپ جۈپ ئىز.
قانات قېقىپ ئۇچار تۇيغۇلار،
تاقىتى تاق ھەمدە تىنىمسىز.

# ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

△ جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يازغۇچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى تەكلىپكە بىنائەن 1992-يىلى 10-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 11-ئاينىڭ 7-كۈنىگىچە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قەييۇم تۇردىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە دوستانە ئېكسكۇرسىيە ھەم زىيارەتتە بولۇپ، قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەتلىرى يازغۇچىلار ئىتتىپاقلىرىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە ئاتاقلىق قازاق شائىرى شاكەن ئوڭالباي، ئاتاقلىق ئەدەبىي ئوبزورچى چېن بەيجۇڭ، ئاتاقلىق شائىر مەھەممەتجان سادىق، كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچىلاردىن ئورازقان ئەخمەت ۋە ئابلا ئەخمىدىلەر بار. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ شۇجىسى تۆلەن ئەبدىكوۋ يېتەكچىلىكىدىكى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى يازغۇچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكىمۇ تەكلىپكە بىنائەن 1992-يىلى 12-ئاينىڭ 19-كۈنىدىن 28-كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۈرۈمچى، تۇرپان، غۇلجا قاتارلىق جايلىرىدا دوستانە ئېكسكۇرسىيە ھەم زىيارەتتە بولدى. ئۇلار بارغانلا جايدا ھەر مىللەت ئاممىسى ۋە ئەدىبلىرى تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىندى ھەم كۈتۈۋېلىندى.

△ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ بىرلىكتە تەشكىللىشى بىلەن شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى 1992-يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 12-ئاينىڭ 8-كۈنىگىچە ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويىدىكى شاڭخەي، خاڭجۇ، گۇاڭجۇ، شىنجېن، جۇخەي قاتارلىق ئېچىۋېتىلگەن رايونلىرىدا ئېكسكۇرسىيە ھەم زىيارەتتە بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەھەممەت شاۋۇدۇن يېتەكچىلىكىدىكى بۇ ئۆمەكنىڭ تەركىبىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قاتارلىق 5 مىللەتنىڭ 15 نەپەر ئاپتورى بار بولۇپ، ئۇلار بارغانلا جايدا يازغۇچىلار جەمئىيەتلىرى ھەم مەشھۇر يازغۇچىلار

تېرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىندى ۋە كۈتۈۋېلىندى.

ئۈمىدلىك، مۇنەۋۋەر ئاپتورلاردىن تەشكىللەنگەن بۇ ئۆمەك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى ئېچىۋېتىلگەن رايونلىرىدا ئېكسكۇرسىيە ھەم زىيارەتتە بولغان تۇنجى ئۆمەك بولۇپ، ئۆمەك تەركىبىدىكى ئاپتورلار بۇ قېتىمقى ئېكسكۇرسىيە ھەم زىيارەت ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەللىكىنى، دېڭىز بويلىرىدىكى يېڭى تەرەققىيات مەنزىرىسىنى، تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدى، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، ئۆزئارا ئۆگەندى ھەم تەجرىبە ئالماشتۇردى.

△ 1992-يىلى 12-ئاينىڭ 5-كۈنى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى رەسمىي قۇرۇلدى. جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىدا يولداش فېڭ داجېن بۇ جەمئىيەتنىڭ پەخرىي مۇدىرلىقىغا، يولداش مەھەممەت زۇنۇن مۇدىرلىقىغا، چېن بەيجۇڭ، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەۋەلقان، لى ماۋكۇي، دېڭ زېرىن قاتارلىق يولداشلار مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سايلاندى.

شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى ئۆزلۈكىدىن تەشكىللەنگەن ئاممىۋى تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى پارتىيە رەھبەرلىكىدە، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەزالارنى ئېچىلىپ-سايراش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا تەشكىللەپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش ۋە باھالاش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

قۇرۇلۇش مۇراسىمىدا جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسى ماقۇللاندى. بۇ جەمئىيەت ئۆز نىزامنامىسىدىكى ماددىلارنىڭ روھىغا ئاساسەن جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ قىزغىن قوللىشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي پائالىيىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرىدۇ.

△1992-يىلى 12-ئاينىڭ 26-كۈنى ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۆزبېك ئىلمىي جەمئىيىتى، «بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق تىياتىرچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىشىپ، ھەرمىللەت خەلقىگە تونۇشلۇق يازغۇچى، شائىر، دراماتۇرگ شۈكۈر يالقىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى، ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

تەبرىكلەش يىغىنىغا ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەھەممەت شاۋۇدۇن رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قەييۇم تۇردى سۆز قىلىپ، يازغۇچى، ئەدەبىياتشۇناس شۈكۈر يالقىننىڭ جاپالىق ئىجادىيەت مۇساپىسىنى ئەسلەپ ئۆتتى ھەمدە ئۇنىڭ مول ئىجادىي تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بەردى. يىغىندا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىبىراھىم مۇتىئى، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، رەخمىتۇللا جارى، مەتتىمىن نورۇز قاتارلىق يولداشلارمۇ ھەر خىل تېمىلاردا سۆز قىلىپ ياكى ئىلمىي ماقالىلەر ئوقۇپ، شۈكۈر يالقىننىڭ 60 يىلدىن بۇيان شېئىرىيەت، دراماتورگىيە ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى قاتارلىق جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن تۆھپىلىرىنى يورۇتۇپ ئۆتتى. تەلئەت ناسىرى، ئابدۇسالام توختى، ئابلىكىم تۇردى، دىلبەر ھەبىبۇللا قاتارلىق شائىرلار شۈكۈر يالقىن ئاتىغا بېغىشلانغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بەردى. شىنجاڭ داشۆنىڭ بىر قانچە ئوقۇغۇچىسى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا شۈكۈر يالقىن ئاتىسىنىڭ تاللانغان شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بەردى.

ئەنۋەرخان بابا ئۆزبېك ئىلمىي جەمئىيىتى نامىدىن شۈكۈر يالقىن ئاتىغا تون كىيدۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق تىياتىرچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات پاكۇلتېتى، «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرىمۇ ئۇنىڭغا ھەر خىل سوۋغىلارنى تەقدىم قىلىشتى. ئۆسمۈر - بالىلار ئۇنىڭغا ئارقا - ئارقىدىن گۈل تۇتتى.

شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا، بولۇپمۇ شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرۈنەرلىك ئىجادىي تۆھپە قوشقان بۇ ئېسىل پەزىلەتلىك ئەدىب يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا ئۆزىنىڭ يېڭىدىن يېزىلغان شېئىرىنى ئوقۇپ بېرىپ، يىغىنغا قاتناشقان 200 گە يېقىن قەلەمكەشنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. تەبرىكلەش يىغىنى ئىنتايىن كۆڭۈللۈك كەيپىيات ئىچىدە ئاخىرلاشتى.



قازاقستان يازغۇچىلار ۋەكىللەر ئۆمى-
كى تەكلىپكە بىنائەن ئاپتونوم رايونىمىزدا
دوستانە زىيارەتتە بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مۇئاۋىن رەئىسى قديۇم باۋۇدۇن قا-
زاقستان يازغۇچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قوبۇل قىلدى.



قازاقستان يازغۇچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭ يازغۇچى-
لار جەمئىيىتىگە دومبىرا سوۋغا قىلدى.



قازاقستان يازغۇچىلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يى-
غىنىدىن كۆرۈنۈش.



قازاقستان يازغۇچىلىرى بىلەن


ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم ئاپتورلار.

قازاقستانلىق ئۇيغۇر يازغۇچى ساۋۇتجان

مەمەتقۇلوۋ ئەدىبلىرىمىز بىلەن بىللە.



قيۇم تۇرسۇن، شاڭ ئەنخې فوتوسى




《塔 里 木》 文学月刊（维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL
IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1993 ـ يىل 2 ـ سان (384 ـ سان)، 43 ـ يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 416214.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际统一刊号：ISSN 1002－9044 ISSN 1002 ـ 9044 :خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى

国内统一刊号：CN 65－1010／I CN 65 ـ 1010 / I :مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى
邮发代号：58－66 定 价：2.00元 پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 66 ـ 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 2.00 يۈەن
邮政编码：830000 :پوچتا نومۇرى